
ئۆزلىنىش، سىناق، يېڭىلىق — تويلار سىرى

مۇسكۇۋا خىياللىرى

[illegible] شەھەر ئەسىرلەردىن بەھىرلەر

[illegible]



TANGRITAG

5

199


«يەتتە قىزلىرىم» قورۇق ئۆزۈم
سودا شىركىتى سىزنىڭ دوستىڭىز

www.uyghurkitap.com



# پىچان لەمجىن «يەتتە قىزلىرىم» قۇرۇق ئۈزۈم سودا شىركىتى

鄯善连木沁七仙女葡萄干批零公司

ئەركىن شىركىتىمىزگە كېلىشىڭىزلارنى،
ئەركىن
ئەركىن تېلېفون بېرىشىڭىزلارنى،
ئەركىن سودا ئالاقىسى قىلىشىڭىزلارنى
ئەركىن قارشى ئالىمىز
ئەركىن
ئەركىن باش دىرېكتور→
ئەركىن
ئەركىن
ئەركىن

总经理：艾尔肯
地址：新疆鄯
善连木沁镇
电话：330062
邮编：838204

ئادرېسى: شىنجاڭ پىچان لەمجىن بازىرى
تېلېفون: (0995) 330062 پوچتا نومۇرى: 838204



# تەڭرىتاغ

قوش ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنال

1995-يىل 5-سان

دەۋر روھى، يەرلىك خۇسۇسىيەت،
ياشلار ئالاھىدىلىكى، مىللىي ئۇسلۇب

ئومۇمى 52-سان


**شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىنى تەبرىكلەيمىز!**

## مۇندەرىجە

### پوۋېست


كۆلرەڭ رەسىم .......................... مۇھەممەد باغراش 1


### ۋەتەن ۋە بۇرچ


موسكۋا خىياللىرى (ئەدەبىي خاتىرە) ........... نەبىجان تۇرسۇن 35

دوستۇم بىلەن يېزىشقان خەتلەر (ئەدەبىي خاتىرە) ... قەيسەر مىجىت 87


### ھېكايىلەر


چىڭقى چۈشتىكى مۇھەببەت ........ ھۇسەيىن تاش 52

ئۆزگىرىش................................. ئەنۋەر تۇختى 59

تورغاي (باللار ھېكايىسى) ......... ئەخمەت كېۋىر 61


### شېئىرلار


ئۈچ شېئىر ............ تۇرسۇنئاي ھۈسەيىن 33

ئىككى شېئىر.................. مۇھەممەت ئىمىن 34

نىگارىمغا............................. ئەكبەر جاپپار 34


### ئىزلىنىش، سىناق، يېڭىلىق


تويلار سىرى ............ ئەخمەتجان ئوسمان 64


### ئەدەبىي ئاخبارات


جۇڭگونىڭ ئىگىسىز باللىرى.................... شى مىڭ 73

پەتتارجان مۇھەممىدى تەرجىمىسى

## مىكرو ماقالىلەر


شېئىردىكى ئىجتىمائىي ئالىڭ ۋە سىنگارمونىستىك ھېسسىيات... دولقۇن ئەلى 91
باياۋان ئىستېتىكىسى ........................ نازىم مۇھەممەتئىنا 69
تارىخ سېنى بىلىدۇ............................ ئابلىكىم خېۋىر 94


## جۇڭگو ۋە دۇنيا شېئىرىيىتىدىكى يېڭى نامايەندىلەر


ئىككى شېئىر ................................ جېك مىن 97
ئىمىن ئەخمىدى تەرجىمىسى
شېئىرلار ........................ ئۆمەر مۇھەممەتئىمىن تەرجىمىسى 99


## مەشھۇر ئەسەرلەردىن بەھرىلەر


ئىككى ھېكايە ............................ ئاللان پوئې 102
مۇھەممەت مېھرۇللا تەرجىمىسى


## مىسرالاردىن تەرمىلەر


مىسرالاردىن تەرمىلەر.............................................. 108



## ئەدەبىي ئۇچۇرلار


ئەدەبىي ئۇچۇرلار.................................................. 109


مۇقاۋىنىڭ 1 ـ بېتىدە: ئۇزۇم. ئالىم خالىدىن فوتوسى.

بۇ ساندىكى قىستۇرما رەسىم ۋە ھۆسن خەتلەرنى ئابلىمىت ئابلىز، پەرھات ئىبراھىملار ئىشلىگەن.


باش مۇھەررىر: ھەبىبۇللا مۇھەممەت
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: يولات ھۆزۇللا
مۇھەررىرلەر: ئەركىن نۇر (مەسئۇل مۇھەررىر)، سەئەيدۇر ئۆمەر، ئالىم خالىدىن
مەسئۇل كوررېكتور: خەلچەم ئابلىمىت




## بىرىنچى باب

مەن ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدا-نىنىڭ كېسەك بىلەن قوپۇرۇلغان پاكارغىنە ئىشخانىسىدىن قايتىپ چىقتىم-دە، ئۇيچە ياتاققا قاراپ ماڭدىم. بۈگۈن شەنبە بولغاچقا كەچلىك تاماق ئادەتتىكىدىن بالدۇرراق بېرىلگەن ئوخشايدۇ. تاماقخانىنىڭ ئالدىدىكى مەيدانىدا گۇناھكارلار ئۆز ئەترەتلىرى بويىچە رەتلىك ئولتۇرۇپ تاماق يەۋېتىپتۇ. ئۇلار ئۈچىسىغا بىر خىلدىكى قارا رەڭلىك تۈرمە فورمىسى كىيگەن بولۇپ ھەممىسىنىڭ بېشى تاقىر ئىدى. مېنىڭ ئىشخانىدىن چىقىپ كېلى-ۋاتقىنىمنى كۆرگەن گۇناھكارلارنىڭ بەزىلىرى قاچىسىدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ ماڭا قىزىقىپ قارىشىپ قالدى ۋە يېنىدىكى ھەمراھىغا مېنى ئىما قىلىپ پىچىرلىشىشتى. ئۇلار بەلكىم نېمىلەرنى-دۇ پەرەز قىلىشقىمۇ ئولگۈرگەن ئوخشايدۇ. ماڭا تونۇجى بولۇپ كۆزى چۈشكەن گۇناھكارنىڭ ئۆز يېنىدا ئولتۇرۇپ تاماق يەۋاتقان ھەمراھىغا ئاستاغىنە پىچىرلاپ قويۇشى ئوچۇقچىلىقتا تاماق يەپ ئولتۇرغان گۇناھكارلار سېپىدە خۇددى پوجاڭ تىزىقچىسى ئېتىلغانىدەك زەنجىرسىمان ئىنكاس پەيدا قىلدى — ھەپتىدە بىر كېلىدىغان شەنبىلىك تاماقنى ئىشتىھا بىلەن يەپ ئولتۇرۇش-قان گۇناھكارلار بىرىنىڭ ئارقىدىن بىرى تاماق يېيىشتىن توختاپ باشلىرىنى كۆتۈرۈپ ماڭا قىزىقىش ئىچىدە قاراپ قېلىشتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئاغزىدىكى لوقمىسىنى يۇتۇۋېتىشكىمۇ ئۈلگۈرمىگەنىدى. مەن ئۇلارنىڭ ماڭا دوستانە كۈلۈمسىرەشلىرىگە پەسەنت قىلماي ئۆز يولۇمغا كېتىۋەردىم. پەممىچە، مېنىڭ چىرايىم ھېچقاندا-داق ئىپادىسىز ئىدى.

مەن ياتاققا كىرىپ ئىنتايىن زىچ جايلاش-تۇرۇلغان بۈگلۈكلەرنىڭ ئارىسىدىن قىستىلىپ ئۆتتۈم-دە، ئۆزۈمنىڭ بۈگلۈكى يېنىغا بېرىپ بۇ يەردە يەرلە شەكىللى ساقمۇ-ساق بەش يىل بولغان كۆدە-كۆرپەم ۋە كىچىككىنە بوغچا بولغىدەك لاقا-لۇقامنى يۆگەشتۈرۈشكە باشلى-دىم. شۇ چاغدا مەيدان تەرەپتە چېلىنغان سۇۋىستىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. بۇ ئىختىيارىي پائالىيەتكە رۇخسەت قىلىنغان بەلگە ئىدى. ئادەتتە شەنبە كۈنلىرى كەچقۇرۇن گۇناھكارلار-غا قورۇ ئىچىدە ھەر خىل كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرى ئۇيۇشتۇرۇپ بېرىلەتتى. تىنىمسىز ئېغىر ئەمگەك ۋە قاتتىق تەقىپ ئىچىدە جىسمى ھەم روھى تالىغان گۇناھكارلار شەنبە كۈنى بىر «ئۇھ» دەۋالاتتى-دە، ياتاققا قايتىش بۇيرۇقى بېرىلگەنگە قەدەر پۇخادىن چىققىچە ئويناپ كۈلۈۋالاتتى.

مەن نەرسە-كېرەكلىرىمنى يىغىشتۇرۇپ بولۇپ «ئەمدى ماڭاي» دەپ تۇرۇشۇمغا سىرتتىن دۈپۈرلىشىپ يۈگۈرۈپ كىرىۋاتقان ئادەملەرنىڭ ئاياغ تىۋىشى ئاڭلاندى، مەن قورۇقدىلىپ قالغان بۆگلۈكۈمگە ئاخىرقى قېتىم كۆز يۈگۈرتتۈم-دە، تالاغا قاراپ ماڭدىم. شۇ چاغدا ياتاقداشلار ھاسىراپ يۈگۈرۈپ كىرىپ كېلىشتى. بۇلار مەن بىلەن بەش يىلدىن بېرى ياز ۋە ئاياز، شامۇ-سەھەر بىللە بولغان بىر ئەترەتتىكى ياتاقداش گۇناھكارلار ئىدى. ئۇلار يۈگۈرۈپ كىرگەنچە مېنى ئورىۋېلىشتى. ئۇلارنىڭ چىرايىدا ماڭا بولغان قىزىقىش، ھەۋەس ۋە يەنە بىر خىل ئاشكارا مەيۈسلۈك، غېرىبلىق تۇيغۇسى ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ياتاق باشلىقى — دارازا كېلىپ مېنىڭ قولتۇقۇمدىكى لاقا-لۇقىلارنى ئالدى-دە، بىر چەتكە قويۇپ مۈرەمگە قولىنى سېلىپ يەلكەمدىن بېسىپ بۆگلۈككە ئولتۇرغۇزدى.

ئۇ مېنىڭ قويۇپ بېرىلگىنىمگە چىن قەلبىدىن خۇشال بولغانلىقىنى، لېكىن شۇنچە يىل بىر كۆلچەكتە بىللە كورىكىراشقان پاقىدەك يېقىن بولساقمۇ ياتاقداشلار بىلەن ھېچ خوشلاشمايلا مېڭىپ كەتمەكچى بولغىنىمنى زادىلا چۈشەنمەلمىگەنلىكىنى، باشقىلار بۇ يەردىن ئايرىلىپ چىقىپ كېتىشتىن ئىلگىرى ياتاقتا ئالاھىدە سورۇن تۈزۈپ (شەنبە كەچلىرى ياكى يەكشەنبە كۈندۈزى ياتاقتا مەشرەپ ئويناشقا رۇخسەت قىلىناتتى) ھېجىر سوقۇشتۇرۇپ «خوشلىشىش قايناق سۇ» سىنى تەڭ ئوتلىشىپ ئاندىن ماڭىدىغانلىقى، مېنىڭ بۇ قىلىقىمنىڭ قارا كۆڭلەردە ھەمدەرد بولغان يىگىتلەرگە خاس قىلىق ئەمەسلىكى توغرىسىدا كۆيۈپ-پىشىپ سۆزلەپ كېلىپ ئاخىرىدا شەھەرگە قايسى ماشىنىدا كېتىدىغانلىقىمنى سورىدى. مەن ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانىنىڭ شەھەرگە تاختاي بېسىپ ماڭغان ماشىنىسىنىڭ شۇ تاپتا مېنى دەرۋازا ئالدىدا ساقلاپ تۇرغانلىقىنى ئېيتتىم.

شۇ ئارىلىقتا موتىسكلىت ئوغرىلاپ ساتقىنى ئۈچۈن ئالتە يىللىق كېسىلگەن قايىر دېگىنى توپىنىڭ ئارىسىدىن قىستىلىپ ئۆتۈپ مېنىڭ يېنىمغا كەلدى-دە، مېنىڭ قولۇمدىكى كىيىم-كېچەك تۈگۈلگەن بوغچىنى قىزىققاندەك قاراپ قويۇپ مەن ئولتۇرغان بۆگلۈككە كېلىپ ئولتۇردى. ئاندىن ئىشتىنىنىڭ سائەت سالىدىغان كىچىك يانچۇقىدا ئاۋايلاپ ساقلايدىغان موخۇركا يۆگەكلىك سۇلياۋ تۈگۈنچەكنى چىقىرىپ قىسقا ۋە ئىنچىكە قىلىپ بىر تال موخۇركا ئوراپ ماڭا تۇتتى. ئۇنىڭ بۇ تاماكىسىنى ئىككى شوراشقا پايلىمايتتى. شۇنداق بولسىمۇ بۇ ئۇنىڭ ماڭا كۆرسەتكەن چوڭ ئىلتىپاتى ئىدى. ئادەتتە ئۇ تاماكىسىنى بىر قېتىم شورىۋېلىشقا ئىككى موچەندىن قەرز يازاتتى. خۇمارىنىڭ بەكلىكىدىن تاماكا توشمايدىغانلار قولغا پۇل كىرگەن چاغدا بىر قېتىم شورىۋېلىشقا ئىككى موچەن تۆلەش شەرتى بىلەن ئۇنىڭدىن تاماكا سوراپ چېكىشەتتى. ياتاقتىكى تاماكا چېكىدىغانلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئالدى 20-30 يۈەندىن، ئاخىرى 8-10 يۈەنگىچە ئۇنىڭغا قەرزدار ئىدى. مەنمۇ ئۇنىڭغا بەش يۈەن تۆت موچەن قەرزدار ئىدىم. ئۇ ئۆزى تاماكا چەكمەيتتى، لېكىن تۇغقانلىرى ئارقىلىق تاماكا كىرگۈزۈپ تۈرمىدە تاماكا بىلەن ئوقەتچىلىك قىلاتتى. ئاڭلىسام باشقا كامىر ۋە ياتاقتىكىلەرنىڭ ئىچىدىمۇ بۇنىڭغا قەرزگە بوغۇلۇپ كەتكەن ئادەملەر ئاز ئەمەس ئىكەن.

مەن ئۇنىڭ قولىدىن تاماكىنى ئېلىپ قاتتىق بىرنى شوراپ ئۇنىڭغا قايتۇرۇپ بەردىم. ئۇ ماڭا «سەن تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن باشكۆرۈكتە كاۋاپچىلىق قىلىدىغان ئىنىمنى راسا بىر تىللاپ ئەدىپىنى بېرىپ قويغىن. ئۇ ماڭا تۈزۈكرەك قارىمايدىغان بولۇۋالدى،

يەنە مۇشۇنداق يۈزى قېلىنلىق قىلىۋەرسە بوشىنىپ چىققاندا ئۇ مەندىن ياخشىلىق كۆرمەيدۇ. ماڭا گۆش قورۇتۇپ كىرگۈزۈپ تۇرسۇن، تاماكىنى ئۈكسۈتمىسۇن، ئېيتىپ قويىغىن» دېدى ۋە قولىدىكى تۈگەيلا دەپ قالغان تاماكا كۆتىكىنى ماڭا سۇنۇپ «ئاتتىن چۈشكەن يېرى، بىر شورىۋال، بۇنىسى ھەقسىز» دېدى. مەن ئۇنىڭ تاماكىسىنى ئېلىپ يەنە بىر تارتىم-دە، كالپۇكىمنى كۆيدۈرۈۋېلىپ يۇرقۇۋەتتىم.

شۇ چاغدا كىمدۇر بىرى مېنىڭ ئارقامدىن غولۇمغا شاپىلاقلىدى، ئۆرۈلۈپ قارىسام مەنسۇر دېگەن بالا ئىكەن. مەن ئۇنىڭ بىلەن بىر كوچىلىق ئىدىم. ئۇ بىزنىڭكىگە مەستلىكتە پىچاق تىقىۋېتىپ ئۇن يىللىق كېسىلگەنىدى.

— سەن كېتىۋاتسەن، بىزنى ئەسلەپ قوي، ياخشى ئۆتكەنتۇق. بىز سېنى ئەسلەيمىز، ئاۋۇ نېمەڭ سېنى ماڭا دائىم ئەسلىتىپ تۇرىدۇ، — دېدى ئۇ بىر قولىدا مېنىڭ مۈرەمنى قىسىپ، بېشى بىلەن مېنىڭ بۆگلۈكۈم تەرەپنى ئىما قىلىپ. مەن ئۇ تەرەپكە قارىدىم، مېنىڭ بۆگلۈكۈمنىڭ باش تەرىپىدە تامغا بىر رەسىم چاپلاقلىق ئىدى. بۇ رەسىمنى مەن بۇ يەرگە يېڭى كەلگەندە سىزغانىدىم. ئۇ پايانسىز كەتكەن دالىنىڭ ئوتتۇرىسىدا كۆچلۈك بوراندا شاخلىرى ئېگىلىپ كەتكەن بىر تۈپ يالغۇز دەرەخ سىزىلغان رەسىم ئىدى.

رەسىمدە ئېغىر بۇلۇتلار قاپلىۋالغان ئاسمان گۈمبىزى بىلەن ئۈپۈققىچە سوزۇلغان چەكسىز دالانى قۇچقان گىرىمسەن قاراڭغۇلۇق ئىچىدە ھېلىقى يالغۇز دەرەخنىڭ خۇددى يالغۇزلۇق ۋە قاراڭغۇلۇقتىن قورقۇۋاتقاندەك غەمكىن، بىچارە ھالدا شۈمشىيىپ تۇرغانلىقى تەسۋىرلەنگەنىدى. مەن بۇ رەسىمنى قىلىدىغان ئىش تاپالماي تام مەش ئالدىدىكى سۆكسۆكنىڭ چالا كۆيۈپ ئۆچكەن چۈچۈلىسىنى ئېلىپ بىر پارچە كونا گېزىتنىڭ بېتىگە سىزىپ بۆگلۈكۈمنىڭ باش تەرىپىگە چاپلىۋالغانىدىم. سۆكسۆكنىڭ چۈچۈلىسى باشقا ئوتنىڭ كۆيىسىدەك قارا چىقمايدىغان بولغاچقا بۇ رەسىمدىكى ئاسمان، بۇلۇت، يەر، يالغۇز دەرەخ... نىڭ ھەممىسى كۆلرەڭ كۆرۈنۈپ، بۇ رەسىمدىكى مەنزىرىگە باشقىچىلا غەمكىن-مۇڭلۇق تۈس بەرگەنىدى.

رەسىمدىكى ئاشۇ كۆلرەڭ ماڭا ياقاتتى. مەن كىچىكىمدە يېشىل ۋە زەڭگەر رەڭنى ياخشى كۆرەتتىم. تۈرمىگە كىرگەندىن كېيىن نېمىشقىدۇر ئاشۇنداق كۆلرەڭنى ياخشى كۆرىدىغان بولۇپ قالدىم.

قاچاندۇر بىر چاغدا بۇ گېزىت قاپ ئوتتۇرىدىن يىرتىلىپ كېتىپ ساڭگىلاپ قالغاندا كىمدۇر بىرى ھور ناننى چاينىپ شىلىم قىلىپ يەنە چاپلاپ قويۇپتۇ. رەسىمنى چاپلىغان چاغدا يىرتىلغان يېرى تازا دۇرۇس چاپلانماي سىڭايان چاپلىنىپ قالغانىكەن. ئەمدىلىكتە بۇ دەرەخ گويا كۈچلۈك بوراندا قاپ بېلىدىن سۇنۇپ بىر تەرەپكە قىيسىيىپ يىقىلىۋاتقاندەك كۆرۈنىدىغان بولۇپ قاپتۇ. مەن رەسىمدىن كۆزۈمنى ئۈزۈپ ئورنۇمدىن تۇردۇم-دە، مېنىڭ ئالدىمدا بىر خىل ئايانچلىق قىياپەتتە ماڭا قارىشىپ تۇرغان قارا كىيىملىك ئادەملەرنىڭ خۇددى پوستى سويۇۋېتىلگەن پىيازدەك ياغلىشىپ پارقىراپ تۇرغان تاقىر باشلىرىغا ئاخىرقى قېتىم بىر-بىرلەپ قاراپ چىقتىم.

ئەركىنلىكتىكى ئادەملەرگە ئۈچىسىغا ھەم قوپال، ھەم كېلەڭسىز قارا چاپان كىيگەن، چاچلىرى ئۇستىرىدا پاك-پاكىز قىرىلغان بۇ ئادەملەرنىڭ قىياپىتى بەكمۇ غەلىتە تۇيۇلىدۇ. ئۇلار گۇناھكارلارنىڭ قارا چاپىنىنى شۇ چاپاننىڭ ئىگىسىگە بېسىلغان ھاقارەتلىك تامغا، ئۇلارنىڭ چاچلىرىنىڭ قىرىپ تاشلىنىشىنى ئۇلارنىڭ خەتەرلىك، قارام، ئىنسانىي قەلبىدىن ئايرىلغان ئادەملەر ئىكەنلىكىنىڭ بەلگىسى دەپ چۈشىنىشىدۇ. لېكىن گۇناھكارلار بولسا گەرچە دەسلەپتە ئاشۇنداق ھېسسىياتتا بولسىمۇ

كۆنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇلار بۇنىڭغا كۆنۈپ قالىدۇ. ھەتتا ئۇلار رەڭگارەڭ كىيىنگەن ئادەملەرنى ئۇچرىتىپ قالسا شۇ ھامان بىر خىل تاسادىپىيلىق ھەم غەلىتىلىك ھېس قىلىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ كىيىمى باشقا كىشىلەرنىڭ ئويلىغىنىدەك قانداقتۇ «ھاقارەتلىك تامغا» ئەمەس، ئەكسىچە تۇرمۇشنىڭ ئېغىر ۋە جاپالىق مۇھىتىدا ئۆزلىرىنى قاتتىق-قۇرۇقچىلىق ۋە ئىزغىرىن سوغۇقتىن ھىمايە قىلىدىغان ئەڭ قەدىرلىك، ئەتىۋار بىردىنبىر بايلىق-بىسات دەپ ھېسابلايدۇ. چاچلىرىنىڭ قىرىپ تاشلىنىشىنى ئادەمنىڭ سۈنئىيلىكتىن، ياسالمىلىقتىن خالىي ئەسلى تەبىئىي قىياپىتىگە، بىۋاسىتە چىن كۆرۈنۈشىگە قايتىش دەپ چۈشىنىدۇ. گېزى كەلگەندە بۇنى بىر خىل گۈزەللىك دەپ چۈشىنىۋېرىدۇ. چۈنكى تەبىئىي نەرسىنى گۈزەل دېيىشىدىغۇ؟ ھەتتا ئۇلار ئاشۇ كۆرۈنۈشتە ئۆزلىرىنى قانداقتۇ يەڭگىل، پاكىز، ساغلام سېزىشىدۇ.

بۇ بەرھەم يىگەن قەلبىنىڭ ئۆزىگە ئىزدەۋاتقان تەسەللىسىمىكىن؟...

مەن ئۆزۈمنىڭ چاچسىز بېشىمنى سىلاپ قويدۇم-دە، نەرسىلىرىمنى كۆتۈرۈپ مېڭىشقا تەمشەلدىم. شۇ چاغدا ھېلىقى قايىر دېگىنى مېنىڭ كىيىم-كېچەك تۈگۈلگەن بوغچامدىن تۇتۇپ تارتتى:

— ئېشەكنى ساتسا باشبېغى، توقۇمنى قوشۇپ ساتمايدۇ، ئېشەكنى سېتىۋالغان ئادەم ئۇنىڭغا يېڭىدىن باشباغ-ئۇچۇلۇق راسلايدۇ. سېنى بۈگۈن سېتىشتى، سەنمۇ ئۇچۇلۇقۇڭنى تاشلاپ كەت بۇرادەر!

ئۇ مېنىڭ قولۇمدىن بوغچىنى ئاجرىتىۋالدى.

— بۇ يىت ئۇۋۇلاپ كەتكەن كۆڭلەك-تامباللىرىڭ بىلەن سېنى ئۆيۈڭگىمۇ كىرگۈزۈشمەيدۇ، ئەمما بىزدەك ساياققا بۇ نېمەڭ ئانچە زىيان قىلمايدۇ... گېزى كەلگەندە ئانچە-مۇنچە دال بولۇپمۇ قالىدۇ-تېخى!

شۇنداق قىلىپ ھەش-پەش دېگۈچە مېنىڭ كىيىم-كېچىكىم ئۇنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدى. مەن ئۇنچىقماي يۈك-تاقنى يۈدۈپ قارا چاپانلىقلارنىڭ توپىنى يېرىپ ئىشىك تەرەپكە قاراپ ماڭدىم.

— ھېلىقى بەش يۈەن تۆت مو، ياق، بايىقى دەسلىپىدە شورىغىنىڭ بىلەن بەش يۈەن ئالتە مو قەرزىڭنى ئۇنتۇما بۇرادەر، چىقىپلا كىرگۈزۈۋەتمىسەڭ بولمايدۇ جۇمۇ! — قايىر يەنە نېمىلەرنىدۇر ۋارقىراپ قالدى.

مەن ياتاق ئىشىكىدىن يوپۇرۇلۇشۇپ چىقىپ مېنى ئۈزىتىۋاتقان ياتاقداشلىرىمنىڭ نەزەرى ئاستىدا دەرۋازىغا قاراپ مېڭىپ كەتتىم. مەن دەرۋازىدىن چىققىچە ئۇلارغا ئۆرۈلۈپ قاراپمۇ قويمىدىم.

دەرۋازا ئالدىدا بىر قارا ماشىنا ساقلاپ تۇرۇپتۇ، ماشىنىنىڭ يېنىدا بىزنىڭ مەيدانىنىڭ توكۇر باشلىقى رازاق سوجاڭ (گۇناھكارلار ئادەتتە ساقچىنىڭ ھەممىسىنىلا سوجاڭ دېيىشەتتى) شوپۇر بىلەن كۈلۈشۈپ تاماكا چېكىشىۋېتىپتۇ. مېنى كۆرۈپ شوپۇر تاماكىسىنى تاشلاپ كېپىنىكىگە چىقىپ ماشىنىنى ئوت ئالدۇردى، توكۇر باشلىق ئاسقاقلىغىنىچە مېنىڭ ئالدىمغا كېلىپ يۈك-تاقمىنى قولۇمدىن ئالدى، مەن كوزۇپقا يامىشىپ چىقتىم، ئۇ يۈك-تاقنى ماڭا سۇنۇپ بەردى.

— ئاق يول بولسۇن! بىزنى ئۇنتۇما! ئەمدى باشقىچە ئادەم بولارسەن دەپ ئىشىنىمەن...

ئۇ ماڭا قاراپ كۈلۈمسىرەپ قولىنى كۆتۈردى. مەن ئۇنچىقماي يۈك-تاقمىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇردۇم. بۇ قېرى ئاچچىقى يامان كۆرۈنگەن بىلەن ئادەمنى ئايايدىغان نېمە ئىدى. ئۇ 30 يىلدىن بېرى مۇشۇ يەرگە باشلىق ئىكەن، گۇناھكارلار ئۇنىڭدىن قورقىسمۇ، يەنە نېمىشقىدۇر باشقا گۇندىپايلارغا ئۆچلۈك قىلغانىدەك ئۇنىڭغا ئۆچلۈك قىلمايتتى. بەزى گۇندىپايلار خۇددى ئىتتىن

قورقىدىغان ئادەملەر باغلاپ قويغان ئىتنى ئۈرۈپ ئۇيناشقا ئامراق بولغىنىدەك گۇناھكارلارنى ھەدىسە تىل-ھاقارەت قىلىپ جىنىنى ئاغرىتىشقا ئامراقۇ، يەنە ئۆزىنىڭ قىلغىنىدىن ئۆزى خەۋپسىرەپ قورقۇشۇپ يۈرىدىغىنىنى چاندۇرۇپ قويۇشاتتى. بۇ قېرى ئۇنداق ئەمەس ئىدى. ئۇ ھېچكىمنى ئۇرمايتتى، تىللىمايتتى. تېخى ۋاقتى كەلسە بىرەر ئاغرىق مەھبۇس ئۈچۈن ياكى ئۆيلىرىدىن ئۆلۈم-يېتىم خەۋىرى كەلگەن گۇناھكار ئۈچۈن خۇددى يېقىن ئۆتكەن قوشنا-قولۇمنىڭ ھالىغا ئىچ ئاغرىتقاندەك ئىچ ئاغرىتىپ جان كۆيدۈرۈپ شاپاشلاپ كېتەتتى، لېكىن ئىنتىزامنى بۇزغان ياكى كىچىككىنە ئالا كۆڭۈللۈك قىلغان گۇناھكارنى بولسا زادىلا كەچۈرمەيتتى. ئۇنداقلارنى ئۇرماي-تىللىماي تۇرۇپلا ئانىسىدىن تۇغۇلغىنىغا تويغۇزۇپلا قوياتتى. بۇ يەرگە يېڭى كەلگەندە ئانچە-مۇنچە شىلتىنىڭ ئېتىپ باقىدىغان «مەن-مەن» دېگەن قۇلاق كەستى يۈرىكى توم قارامنى بىردەمنىڭ ئىچىدە يىگىدەك تۈزىۋېتەتتى، ھېچكىمدىن قورقمايتتى، ھېچكىمنى ئانى تاپمايتتى. گۇناھكارلارنىڭ ئۇنى «ئاقساق تۆمۈر» دەۋالغىنى ئۇنى يېقىن كۆرگىنى ئىدى. يېقىن كۆرگىنى ئۇنىڭ ھەرقانداق چاغدا ۋە ھەر كىمگە سورۇن كۆرگەن ئادەمدەك مۇئامىلە قىلىدىغانلىقى ئۈچۈن بولسا كېرەك.

— چىك يامان، مەرد، نوچى قېرى جۇمۇ بۇ! — دېيىشەتتى ئەڭ ھازازۇل ۋە قارا ئۆپكە گۇناھكارمۇ ئۇنىڭ ھەققىدە.

ماشىنا قوزغالدى.

— خوش بول! مەن سېنى يوقلاپ بارىمەن...

«ئاقساق تۆمۈر» قولىنى پۇلاڭلاتقان پېتى يەنە نېمىلەرنىدۇر ئەسكەرتىپ ۋارقىراپ ماشىنىنىڭ ئايغىدىن كۆتۈرۈلگەن توپا-چاڭنىڭ ئارىسىدا كۆمۈلۈپ قالدى. مەن ماشىنىنىڭ ئالدى تەرىپىدىن كېلىۋاتقان سالقىن شامالدىن بېشىمنى قاچۇرۇپ ياقامنى ئۆرە قىلىپ دۈگدىيىپ ئولتۇرۇۋەردىم.

قۇياش دەشت ئۇپۇقىغا ئاستا-ئاستا چۆكمەكتە. ماشىنا چاقى ئارقىسىغا تاشلاپ ئۆتكەن يول مانان چاڭ ئىچىدە قالدى. ماشىنا ئەمدى گۇگۇم قاراڭغۇلۇقى ئىچىدىكى نامەلۇم كەڭلىككە قاراپ چاپماقتا... مېنى ئاشۇ كەڭلىكتە تاپا-تەنە، تىل-ھاقارەت، ئىشپىيون كۆزلەرنىڭ نازارىتى، دۈشمەن كۆزلەرنىڭ تەقىبى، كەمسىتىش، خورلۇق، ئاھانەت ۋە ئىنتىقام كۈتىدۇ.

مەنمۇ ئەمدى ئادەمدىن كىرپىكە، چاقچاق تىكەنگە، ياق، تۇتقىلى، كۆرگىلى بولمايدىغان قورقۇنچلۇق روھقا، قاپقارا مۇدھىش كۆچكە ئايلىنىمەن!...

ئۆزۈم خالىغان ھەممىلا يەردە، ھەممىلا ئادەمنىڭ باش ئۈستىدە قارا كۆلەڭگىدەك ئەگىپ يۈرىمەن... مەندىن بىزار بولغان ۋە مېنىمۇ بىزار قىلغان ئاشۇ دۈشمەن ئۆگەي دادام، ئۆگەي ئىنى-سىڭىللىرىم، ئاشۇ دۈشمەن قوشنىلار، دۈشمەن كوچا، دۈشمەن شەھەر ئەمدى بىر كۈچنىڭ ئالدىدا ئەڭ ئەرزىمەس زەررىچىگە ئايلىنىدۇ. روھنىڭ ئالدىدا ئېرىپ مەۋجۇتلۇقتىن قالىدۇ! بۇ روھ — مەن! بۇ كۈچ يەنە مەن!... بۇ قورقۇنچلۇق ئەركىن ئەرۋاھ — يەنە مەن، يەنە ئۆزۈم!

مەن بېشىمنى كۆتۈرۈپ ئارقا تەرەپكە ئاخىرقى رەت كۆز تاشلىدىم. يىراقتا ئاقساق تۆمۈر تېخىچە مەن تەرەپكە قاراپ قولىنى پۇلاڭلىتىپ تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭغا قاراۋېرىشتىن زېرىكىپ تۇمشۇقۇمنى چاپىنىمنىڭ ياقىسىغا تېخىمۇ مەھكەم تىقىپ ئۆگدەشكە باشلىدىم. كۆزۈمنى يۇمۇشۇم ھامان ياتاقتا قالغان كولرەڭ رەسىم كاللامغا كىرىۋالدى. ئۇنى ئويلىماسلىققا تىرىشسامۇ، ئۇ رەسىم كۆز ئالدىمدىن زادىلا نېرى كەتمىدى. مەنمۇ كاللامدىكى بۇ تەسەۋۋۇر

بىلەن قىرىشىپ كۆزۈمنى مەھكەم يۇمۇپ ېىتىۋەردىم...

## ئىككىنچى باب

ئۆيگە يېتىپ كەلگەن ئاخشىمى «دادام» قاپىقىدىن مۇز ياغدۇرۇپ، ئاپام بولسا «دادام» نىڭ تەلەتىدىن قورۇنغان ھالدا بۇقۇلداپ ئۈنسىز يىغلاپ-تۆكۈلۈپ مېنى كۈتتۈۋالدى. مەن ئۆيگە كىرگىنىمدە ئۆگەي سىڭىللىرىم نېرىقى چوڭ ئۆيدە ئىيغىزلىرىدا سېغىز پاق ئېتىپ سافادا يالىڭاچ پاچاقلىرىنى داردايتىپ ئولتۇرۇپ تېلېۋىزور كۆرۈۋاتقانىكەن. مېنىڭ تۇيۇقسىز (ئەسلىدە تۇيۇقسىزمۇ ئەمەس ئىدى، ج خ ئىدارىسى «دادام» غا مېنىڭ بۈگۈن قايتىپ كېلىدىغانلىقىمنى ئۇقتۇرغانىكەن) كىرىپ كېلىشىم ئۇلارنىڭ كەيپىنى بۇزغانىدى، ئۆگەي ئىنىم خالا-خالىماسلىقنىڭ ئارىلىقىدا مەن بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ قويۇپ كىتابىنى قولتۇقلاپ كىچىك ھوجرىسىغا كىرىپ كەتتى. پەرىزىمچە ئۇ بۇ يىل 13 ياشقا كىرگەنىدى. ئۆگەي سىڭىللىرىم ئوچۇق تۇرغان ئىشىكتىن مېنىڭ ئۆزلىرىنى كۆرۈپ قالغىنىمنى كۆرۈپ ئورۇنلىرىدىن زورىغا تۇرۇپ، باشلىرىنى ئىرغىتىشىپ قويدى-دە، ھەيرانلىق، ياتسىراش ۋە ئۆچلۈكى مانا مەن دەپ بىلىنىپ تۇرغان كۆزلىرىنى دەررۇ مېنىڭ كۆزۈمدىن ئەپقېچىپ تېلېۋىزور كۆرگەن بولۇپ ئولتۇرۇۋالدى.

«دادام» چاي ئىچكەچ گېزىت كۆرۈپ ئولتۇرغانىكەن، مەن كىرگەندىن كېيىن بىردەم ئولتۇرۇپ بېقىپ قوشنىلارنىڭ ئۆيىگە شاھمات ئويىنىغىلى چىقىپ كەتتى. مەن پەقەت ئاپام بىلەن قالدىم. ئاپام يۈز-كۆزۈمنى يۇغىلى ئىسسىق سۇ ئەكىرىپ بېرىپ چاي دەملىگىلى چىقىپ كەتتى. توغرىراقى، بۇ يەردىكى كەيپىياتتىن يۈرىكى سىقىلىپ قانغىدەك يىغلىۋالغىلى چىقىپ كەتكەنىدى. مەن يۈز-كۆزۈمنى ئاندا-مۇندا سىلاپ يۇغاندەك قىلىپ قويدۇم، شۇنداقتىمۇ ئاق لۆڭگە ۋە داستىكى سۇ قاپقارا بولۇپ كەتتى. مەن لۆڭگىنى سىقىۋەتمەيلا دېۋاننىڭ ئۈستىگە تاشلاپ قويۇپ ئاندىن داستىكى سۇنى «تۆكۈۋېتەيمىكىن» دەپ ئويلىدىم. لېكىن تۆككۈم كەلمىدى. يۈز يۇغىچە پولغا سۇ چاچراپ تېپىلغاق بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇنى «سۈرتىۋېتەيمىكىن» دەپ سۈرتكۈچنى قولۇمغا ئالدىم، لېكىن بۇ پىكرىمدىنمۇ دەررۇ يالتايدىم. مەن يۈز دېسىنى قاپقارا پېتى بىلەن قالدۇرۇپ قويۇپ ئورۇن-كۆرپە يىغىلىپ ئۈستىگە يۇڭ ئەدىيال يېپىپ قويۇلغان ئورۇس كارىۋىتىغا مەينەت كىيىملىرىم بىلەنلا يانپاشلىدىم-دە، ئۆينىڭ تۆت تېمىغا سەپسالدىم. بەش يىلدىن بېرى ئۆينىڭ بىساتى خېلى قويۇلۇپ قاپتۇ، ئىككى تامغا بىرى ئىران نۇسخا، بىرى ئالبان نۇسخىسىدا يېڭى گىلەم تارتىلىپتۇ، پولشا پاسونىدا ياسالغان چوڭ خورۇم دىۋان سېتىۋاپتۇ، تەييار ئالغان ئوخشايدۇ.

بىر بۇلۇڭدىكى تومپۇچكىنىڭ ئورنىغا رامكىسى قالتىس نەپىس ئىشلەنگەن تىكلىمە چوڭ ئەينەك قويۇلۇپتۇ. ئىلگىرى مەن رەسىم سىزىش ئۈچۈن كىچىك پولكا قويۇۋالغان بۇلۇڭغا بەش-ئالتە چامادان دەستىلىنىپتۇ. بۇلار تولۇق ئوتتۇرىدا ئوقۇۋاتقان ئۆگەي سىڭىللىرىمنىڭ تويى ئۈچۈن تەييارلىقى ئوخشايدۇ. ئۇلارنىڭ ئىككىسىنىڭلا ساغرىسى بىلەن كۆكسى باشقىچىلا يوغىناپ قاپتۇ.

نېرىقى ئۆيدىن ئۆگەي سىڭىللىرىمنىڭ دەم بىر-بىرىنىڭ قۇلاقلىرىغا كۇسكۇسلىشىپ، دەم چىشى كەكلىكتەك بۇقۇلدىشىپ كۈلۈشۈۋاتقىنى ئاڭلىنىپ تۇردى. ئۇلار مېنىڭ ھەققىمدە سۆزلىشىۋاتقان بولسا كېرەك. يا بولمىسا «ئەرگە تەگسە قانداق بولىدۇ» دەپ تالىشىۋاتامدىكىن...

ئېڭىكىمنى يۆلەپ تۇرغان قولۇم تالغاندەك قىلىپ ئۆرۈلۈۋىدىم، قولۇمغا يۇمشاق بىر نەرسە ئۇرۇنغاندەك قىلدى، قارىسام يۇيۇپ ېىڭىلا دەزماللاپ چىرايلىق قاتلاپ قويغان ئاق يىپەك

كۆكلەك بىلەن كۆلرەڭ سارجا شىم ئىكەن. ئىچىپ باقسام خېلىلا چوڭ تۇرىدۇ. «دادام» ھېسابلانغان ھېلىقى ئادەمنىڭ تار كېلىپ قالغان كىيىملىرى ئوخشايدۇ، مەن ھېچ ئويلاپ ئولتۇرماستىنلا ئۇچامدىكى پاسكىنا كىيىملىرىمنى سېلىپ تاشلاپ شىم بىلەن كۆكلەكنى كىيىۋالدىم. بۇ كۆكلەك بىلەن ئىشتاندىن دەزمالنىڭ ئىسسىقى ۋە سوپۇن پۇرىقى تېخى يوقالمىغانىكەن، ماڭا تازىمۇ خوش ياقتى. ئۆزۈمنىڭ قارا فورمامنى كارىۋاتنىڭ ئاستىغا پۇرلاپ تىقىۋەتتىم، شۇ چاغدا ئاپام چاي دەملەپ كىردى.

— كەل، ئۇستەلگە يېقىن كەل، ئازراق چاي ئىچىۋال...

ئاپام مېنىڭ ئۇستى-بېشىمغا بىر قۇر قاراپ چىقىپ چوڭقۇر «ئۇھ» تارتتى.

— تازا بوي تارتىپسەن، داداڭنىڭ كىيىملىرىمۇ خوپ كېلىدىغان بوپتۇ، — ئاپام سەل ئويلىنىۋالغاندەك قىلدى ۋە تەشۋىش بىلەن:

— داداڭ كايىپ كېتەرمىكىن، مىجەزى بەك تەرسا بولۇپ كەتتى، داداڭدىن تىقىشتۇرۇپ يۈرۈپ ئىككى-ئۈچ قۇر كىيىم قىلىپ قويدۇم، بىنانىڭ ئارقىسىدىكى كىچىك ئۆينى ساڭا ئاتاپ راسلاپ قويدۇم، ئاشۇ ئۆيدە... — دېدى-دە، شۇ ھامان تاماق شىرەسىگە داستىخان سالغان بولۇپ تام تەرەپكە قارىۋالدى ۋە ئالقىنى بىلەن يوشۇرۇنچە ئالدىراپ كۆزىنى ئۇۋۇلىغاندەك قىلدى، ئۇ يەنە يىغلاۋاتاتتى. مەن ئاپامنىڭ تىترەۋاتقان ئورۇق يەلكىسىگە قارىغىنىمچە كارىۋاتتا يانپاشلاپ يېتىۋەردىم.

بىر چاغدا ئاپام ئارقىغا ئۆرۈلۈپ ياش بىلەن چاڭلانغان كۆزلىرىنى ماڭا تىكتى. ئۇ ماڭا ئۇزاققىچە قاراپ تۇرغاندىن كېيىن يەنە قاتتىق «ئۇھ» تارتىپ ھەسرەتلىك ئىڭرىدى.

مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ تاماق شىرەسى ئالدىغا كېلىپ ئولتۇردۇم، ئاپام ئاپقۇر چىنىگە قايماق چاي راسلىغانىكەن، مەن ئاپام ياققان داپتەك يوغان ناننى ئوشتۇپ ئاپقۇرنى توشقۇزدۇم-دە، تەتۈر چايناپ ئولتۇرۇپ چاي ئىچىشكە كىرىشتىم.

ئاپام ئۇدۇلۇمدا ماڭا قاراپ بىردەم ئولتۇردى، مەن گەرچە ئۇنىڭ چىرايىغا قارىمىسامۇ، شۇ تاپتا مەن ئۇنىڭ كۆزىدىكى ھەسرەت ۋە مۇڭنى سېزىپ ئولتۇراتتىم، ئۇ مېنى كۆرۈپ خۇشال بولغانىدى. لېكىن شۇ ھامان يەنە مۇڭلانىدى. ھازىرمۇ ئاشۇ مۇڭلۇق قارىشى بىلەن ماڭا سىنچىلاپ قاراپ ئولتۇرىدۇ. ئۇ مېنى «تېخىمۇ ياداپ قارىداپ كېتىپتۇ» دەۋاتامدىكىن، يا بولمىسا «بويى ئۆسۈپ يوغانلا ئەر بولۇپ قاپتۇ» دەۋاتامدىكىن، يا بولمىسا ماڭا خوتۇن ئېلىپ بېرىشنىڭ غېمىنى قىلىۋاتامدىكىن؟ «مەيلىلا، نېمە ئويلىسا، نېمىنى قىلغۇسى كەلسە شۇنى قىلمامدۇ، بۇنىڭ بىلەن مېنىڭ نېمە ئىشىم» دەپ ئويلىدىم مەن ئىلىكتەك يۇمشىغان ناننى غۇرتىلدىتىپ يۇتۇۋېتىپ.

بارغانچە ئاپامنىڭ ئاشۇ ئۈنسىز تىكىلىپ قاراپ ئولتۇرۇشلىرى مېنى زېرىكتۇرۇشكە باشلىدى. بېرىپ ئىشنى قىلسا بولمامدىكىن، ئىنەك ھەلەپ يەۋاتقان موزىيىغا قارىغاندەك كۆزىنى پارقىرىتىپ ئولتۇرغىچە. مەن قولۇمدىكى بوشىغان ئاپقۇرنى نېرى ئىتتىردىم. ئاپام پىيالىگە قىزىق چاي قۇيۇپ مېنىڭ قولۇمغا ئاۋايلاپ سۇندى ۋە ماڭا ئاۋۋالقىدەكلا قاراپ ئولتۇرۇشنى داۋام قىلدى. مەن ئاپامغا قارىمىدىم. ئۇنىڭغا گەپ قىلغۇمۇ كەلمەيتتى، ئۇمۇ گەپ قىلمىدى. ئۇنىڭ ئۈنچىقماي قاراپ ئولتۇرۇشمۇ بىر ھېسابتا ياخشى بولدى. مەندىن سوئال سورىمىسىلا بولاتتىغۇ؟!... لېكىن ۋاقىت ئۇزارغانسېرى ئاپامنىڭ ئاشۇنداق ئۈنسىز تىكىلىپ قاراپ ئولتۇرۇشمۇ مېنى ئارامسىزلاندۇرماقتا ئىدى. ئاپامنىڭ ھەسرەتلىك ۋە ئۈنسىز قاراشلىرى مېنىڭ قۇلاق-مېڭەمنى غاجاۋاتاتتى. يۈرىكىمنى، يۈرىكىمنىڭمۇ ئاستىدىراق بىر يەرنى تاتىلاپ قان قىلىۋاتاتتى، مەن چىدالمىدىم.

مەن پىيالىگە ئېڭىشۋالدىم-دە، پىيالىدىكى چاي يۈزىگە ئۆرلەپ چىققان بۇژغۇن-بۇژغۇن كۆپۈكچىلەرگە قارىدىم. كۆپۈكلەر بىردىنلا سۇغا چۆمۈلۈۋاتقان بىر توپ غەمسىز ئۇششاق بالىلارغا ئايلاندى، بۇ بالىلار سۇ يۈزىدە بىر-بىرىنى قوغلىشىپ، پىيالىنىڭ دىۋارىنى بويلاپ چاي يۈزىنى بىرقانچە قېتىم ئايلاندى. ئاندىن چىرقىراپ-چۇرقىرىشىپ بىر-بىرىگە شوخلۇق بىلەن كۆز قىسىشىپ بىرىنىڭ ئارقىسىدىن يەنە بىرى ئىنتايىن تېزلىكتە چاينىڭ ئاستىغا شۇڭغۇشۇپ چاي يۈزىدىن غايىب بولدى. ئاخىرقى بىرنەچچە بالا ئاستاغىنە سۇرۇلۇپ بېرىپ پىيالىنىڭ دىۋارىغا يېقىن جايلىشىپ تۇرۇپ قېلىشتى. بۇلار چوڭقۇر جايغا شۇڭغۇشتىن قورقۇشۇپ چاينىڭ تېيىز يېرىگە بېرىۋېلىپ چايغا چۆمۈپ كۆزدىن غايىب بولغان ھەمراھلىرىنىڭ ئۇ يەر ياكى بۇ يەردىن تۇيۇقسىز باش چىقىرىشىپ سۇ يۈزىگە لەيلەپ چىقىشىنى كۈتۈپ تۇرغان يېشى كىچىكرەك ۋە يۈرەكسىزرەك بالىلار ئىدى. مەن ئۇشتۇمتۇت ئۆزۈمنى ئاشۇ يۈرەكسىز بالىلارنىڭ ئارىسىدا كۆرۈپ قالدىم. بۇ بالىلار يەنە بىردىنلا بىر يەرگە غۇژمەكلىشىۋالغان كۆپۈكچىلەرگە ئايلاندى. مېنىڭ يېنىمدىكى بۇ كۆپۈكچىلەر كۆزلىرىنى ئالاق-جالاق قىلىشىپ چۇرقىرىشىپ بىر-بىرىنى پىيالىدىكى چاينىڭ ئوتتۇرىسىغا ئىتتىرىشكە باشلىدى. ئۇلار بىر-بىرىنى ئۈندەشەتتى-يۇ، ھېچكىم ئۇ يەرگە بېرىشقا جۈرئەت قىلالمايتتى، ئۇلار چۆكۈپ كېتىشتىن قورقىدىغانلىقىنى ئاشكارا ئىقرار قىلىشقانىدى. قورقۇش-تارتىنىش، قىيماسلىقنىڭ بەلگىسى، ماڭا بولسا بەربىر. مەن ئۆزۈمنىڭ قانداقسىگە بۇ كۆپۈكچىلەرنىڭ ئارىسىغا كىرىپ قالغىنىمنى بىلمەي قالدىم، ئەسلىدە مېنىڭ ئورنۇم ئاشۇ چاينىڭ ئەڭ چوڭقۇرى بولۇشى كېرەك ئىدى. مەن ئۇلاردەك ئۇ يەردىن مەڭگۈ چىقماسلىقىم ھەققىدە ۋايىم يېمەيتتىم، چىقالمىسام نېمە بوپتۇ؟ چىقالمىسام شۇ يەردە قېلىۋەرگۈلۈك، لەيلەپ چىقىپ قېلىشىممۇ ئېھتىمال. لېكىن ئۇنىڭمۇ نېمە كېرىكى؟ نېمە كارايىتى؟ چىقىش ۋە چىقالماسلىق ئەڭ ئاخىرقى ئەبەدىيلىك بىلەن «ۋاقىتلىق» ئوتتۇرىسىدىكى قىسقىغىنە بىر جەريان ئەمەسمۇ؟ بۇ يەردە ئۇنچە باش قاتۇرۇپ ئويلىغىدەك، ئۇنچە ئەستايىدىللىق بىلەن زىرىدىن زەۋىرىگىچە زىغىرلاپ كەتكۈدەك ھېچنەرسە مەۋجۇت ئەمەسقۇ؟ بۇ يەردىكى مەۋجۇتلۇق پەقەت بايا ئېيتقان ئەبەدىيلىك بىلەن «ۋاقىتلىق» ئوتتۇرىسىدىكى بوشلۇق خالاس، خۇددى ئاسمان بىلەن زېمىن ئارىلىقىدىكى بوشلۇقتەكلا...

بوينۇم تالغاندەك بولدى، مەن پىيالىگە ئېڭىشتۇرۇلگەن بېشىمنى كۆتۈرۈپ قەددىمنى سەل رۇسلىدىم. مېنىڭ كۆزۈم ئاپامنىڭ ئېچىلىپ-يېپىلىۋاتقان ئېغىزىغا چۈشتى. ئاپامنىڭ ئاغزى دەم ئېچىلىپ-دەم يېپىلاتتى، كالپۇكلىرى دەم سوزۇلسا دەم قىسقىرايتتى، دەم ئىككى تەرەپكە تارتىشسا دەم بىر ئورۇنغا پۈرۈلەتتى. ئۇنىڭ ئىككى جاۋغىيىدا ئاقۇش كۆپۈكمۇ پەيدا بولۇپتۇ، كۆزلىرىدىن قۇيۇلۇۋاتقان ياش ئۇنىڭ سولاشقان يۈزلىرىنى يۇيۇۋاتاتتى، قارىغاندا ئۇ خېلىدىن بېرى ماڭا قاراپ كۆيۈپ-پىشىپ سۆزلەپ ئولتۇرغان بولسا كېرەك.

ھازىرمۇ قىزىشىپ نېمىلەرنىدۇ چۈشەندۈرمەكچى بولاتتى، پات-پات كۆز يېشىنى سۈرتۈپمۇ قوياتتى، كۆزلىرى قىزىرىپ سولغۇن قاپاقلىرى سەل ئىششىپتۇ. ئۇ ئاخىرىدا مېنى نېمىدۇر بىرنېمە ھەققىدە ئۇزۇل-كېسىل ۋەدە بېرىشكە قىستىدى. يېلىندى، يەنە يىغلىدى. مەن ئۇنىڭدىن كۆزۈمنى قاچۇردۇم-دە، يەنە پىيالىدىكى چايغا تىكىلدىم. ھېلىقى كۆپۈكلەر ئازىيىپ كېتىپتۇ، تۇرغان يېرىدىلا بىرنەچچىسى چۆكۈپ كەتكەن ئوخشايدۇ، مەنمۇ شۇ كۆپۈكلەرنىڭ ئارىسىدا چۆكۈپ كېتىش ئالدىدا تۇرۇپتىمەن. مەن ئۆزۈمنىڭ بايىقى كۆز قارىشىمغا تېخىمۇ ئىشەندىم. پىيالىنىڭ دىۋارىغا چاپلىشىپ تۇرغان كۆپۈكچىلەرمۇ چۆكۈپ كېتىشتىن قۇتۇلالماپتۇ،

بەربىر چۈكۈپ كېتىپتۇ. دېمەك، ئاخىرقى ھېسابتا ھەممە نەرسە ۋاقىت ھۆكۈمرانلىقىغا بويسۇنىدۇ. ھازىرقى ھەممە مەۋجۇتلۇق پەقەت ۋاقىتنىڭ ئىمكانىيىتى، خاھىشى، ۋاقىتنىڭ رايى-ئىختىيارى سەۋەبىدىنلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. ۋاقىتتىن ئىبارەت بۇ ئەڭ ئالىي، ئەڭ قۇدرەتلىك ھۆكۈمران، ئەڭ تەرسا، ئۆزۈمچى، رەھىمسىز سودىيە خالىغان بىر مىنۇتتا ھەممە مەۋجۇتلۇقنى ئۆزى خالىغان شەكىل ۋە ئۇسۇلدا يوق قىلىۋېتىدۇ، ئۆزگەرتىۋېتىدۇ!

مەن پىيالىدىكى چاينى ھېلىقى كۆپۈكچىلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدا لەيلەپ تۇرغان ئۆزۈمنى قوشۇپ بىراقلا گۈپۈلدىتىپ ئىچىۋەتتىم.

مېنى ئۇيقۇ بېسىشقا باشلىدى، ئاپام تاماقتا تۇتۇندى، مەندىن نېمە يەيدىغانلىقىمنى سورىدى. مەن «ئۇخلايمەن» دېدىم. ئاپام ماڭا بىر تال ئاچقۇچ ۋە قول چىرىغىنى تۇتقۇزۇپ قويدى. مەن بىنانىڭ ئارقىسىدىكى پاكار ئۆيلەرنىڭ قاتارىدىكى كۆلبە مدە ئۇخلاش ئۈچۈن چىقىپ كەتتىم. مەن قاراڭغۇدا پەلەمپەيدىن چۈشۈۋېتىپ ئۆزۈمنى تۇرمىنىڭ بىر كامىرىدىن يەنە بىر كامىرىغا چىقىپ كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلدىم. شۇنداق! كامىردىن — ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانىدىكى كامىردىن يەنە بىر كامىرغا — ئائىلەمگە قايتىپ كەلدىم، بۇ كامىردىن يەنە بىر كامىرغا، ئۆزۈمنىڭ «ئۇخلايدىغان» ئۆيۈمگە چىقىپ كېتىۋاتىمەن. ئۇ يەردىن كۈنلەرنىڭ بىرىدە يەنە بىر كامىرغا — ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانىدىكى كامىرىمغا... ياكى گۆرگە كېتىمەن... دېمەك، كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ ئۆزى بىر تۆشۈكتىن چىقىپ يەنە بىر تۆشۈككە — ئاندىن يەنە بىر تۆشۈككە، ئاندىن يەنە بىر تۆشۈككە — سان-ساناقسىز تۆشۈكلەرگە كىرىپ-چىقىقاندىن كېيىن ئەڭ ئاخىرىدا يەنە بىر تۆشۈككە تىقىلىش ئىكەن. توغرىراقى بىر كامىردىن چىقىپ سان-ساناقسىز كامىرلارنى ئايلىنىپ ئەڭ ئاخىرى يەنىلا كامىرغا سولىنىش ئىكەن. مەنلا ئەمەس، مەندىن ھەزەر ئەيلەيدىغان، مەندىن نەپرەتلىنىدىغان، ئەزەلدىن مېنى ئادەم سۈپىتىدە بىرەر قېتىممۇ خىيالىغا كەلتۈرۈپ باقمىغان ئۆگەي دادام، ئۆگەي ئاكىسى بولۇپ قالغىنىم ئۈچۈن نومۇس قىلىپ مېنى ئاكا دېيىشكە تىلى بارمايدىغان ئۆگەي سىڭىللىرىممۇ خۇددى ماڭا ئوخشاش ئۇ كامىردىن بۇ كامىرغا كىرىش ئۈچۈن ياشايدۇ! ئۇلار بۇنى چۈشىنىشمەمدىكىن؟ چۈشەنمەيدۇ! چۈشىنىشىمۇ خالىمايدۇ! «دادام» ئۆزىگە ھاجەتمەن بولۇپ كەلگەن ئادەملەرگە «مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىپ قويساڭلار» ياكى بولمىسا «ئويلىشىپ كۆرسەڭلار» دېگەن ئىككى ئىلىك باغاقچىنى ھېچ ئىككىلەنمەي بىر پارچە ئېسىل گىلەمگە ساتالىغىنى ئۈچۈن كېرىلىپ، ئالچاڭلاپ، ئولتۇرۇش-مېھماندارچىلىق يوغانتىۋەتكەن گۆشلۈك ئېڭەكنى مەمنۇنىيەت بىلەن سىلاش ئىچىدە ئۆتىدۇ. ئۆگەي سىڭىللىرىم ئەمدى 16-17 ياشقا كىرگىنىگە قارىماي ئەركە ۋە باياشاتلىقتىن بەك ئىلگىرى بالاغەتكە يېتىپ قالغاچقا، يەنە ئازراق سەمرىسە «پاس» قىلىپ ئېتىلىپ كېتەي دەپ قالغان ئەمچەكلىرىنى تومپايتىپ ئەر ھەققىدىكى تاتلىق خىياللىرى بىلەن مەست بولۇپ يۈرۈشىدۇ! ئوقۇش ئۇلار ئۈچۈن بىر يۈك، شۇڭا ئۇلار ئەزەلدىن ئەلاچى بولۇپ باققان ئەمەس. ئۇلار كەلگۈسىدە «دادام» ئارقىلىق خالىغان خىزمەتنى تاپالىشىغا ئىشىنىشىدۇ. ئۇلارنىڭ شۇغۇللىنىۋاتقانلىرى، ئويلاۋاتقانلىرى، ئىنتىلىۋاتقان ۋە تەلپۈنۈۋاتقانلىرى ئەمەلدە ئۆزلىرىنىڭ ئاشۇ بىر تۆشۈك بىلەن يەنە بىر تۆشۈكنىڭ رەڭۋازلىق بىلەن تۇرغان ئارىلىقىدىكى ئەخمەقلەرچە بىمەنىلىكى ئىكەنلىكىنى بىلىشمەيدۇ!

ئەزەلدىن ئاخىرقى تۆشۈك «ئالىمغا ۋە زالىمغا» دەپ ئايرىلغان ئەمەس! ئالىيجانابلىق بىلەن جىنايەت پەقەت بوشلۇقتا لەيلەپ يۈرگەن توزانلارنىڭ ئەرزىمەس ۋە ئەھمىيەتسىز بەلگىسى! بۇ توزانلار ئاخىرقى ھېسابتا ئوخشاش تەقدىرگە مەھكۇم! بىر خىل قىسمەتكە گىرىپتار!

## ئۈچىنچى باب

ئائىلىلىكلەر قورۇسىدىكى پاكار ئۆيلەر كورپۇسىنىڭ ئەڭ ئايىغىدىكى قاپقاراڭغۇ بۇلۇڭ، كونا پارچە-پۇرات خىش بىلەن قوپۇرۇلغان نېپىز ۋە پاكارغىنە قاشا تام. ھويلىنىڭ چوڭلۇقى پەقەت ئىككى پارچە كىگىز ئورنىچىلىكلا. ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر تۈپ ئاق تېرەك. بۇ يىگانە تېرەكنى باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىمدا ئۆزۈم تىككەن. مەن تۈرمىگە كىرىشتىن بۇرۇن تېخى ئىككى مېتىر ئېگىزلىكتىكى بىلەكتەك كۆچەت ئەمدىلىكتە چوڭلا تېرەك بولۇپ كېتىپتۇ. مەن قول چىرىغىنى يورۇتۇپ تېرەكنىڭ تۈۋىدىن تارتىپ ئۈچىغىچە سەيپالدىم، تېرەك شاخلىرى باغجانلاپ بۇ خىلۋەت قورۇغا سايە تاشلىغىچىلىك بولۇپتۇ. شۇ تاپتا بۇ يىگانە تېرەكنىڭ يوپۇرماقلىرى قارا سىيادەك تۈن قوچىقىدا يىتىمسىرەپ قالغاندەك مۇڭلۇق شىرىلداپ تۇرىدۇ. مەن بۇ ياپراقلارنىڭ يېنىك شىۋىرلاشلىرىدىن بۇ قەدىنىسىمنىڭ ۋۇجۇدىدىن ئۇنىڭ جىنغا پاتقان بىر ئەركىسىزلىك، قىسىلىش، قورۇنۇش، تۇنجۇقۇش تۇغرىسىدىكى شىكايەتنى ئاڭلىغاندەك بولدۇم.

مېنىڭچە ئۇ شۇ تاپتا چوڭىيىشنى، چەكسىز چوڭىيىشنى ئارزۇ قىلاتتى... ئۇ قانچىلىك چوڭىيالايدىكىنە؟ مۇشۇ قورۇغا بىر كەلگەندەك، ھەتتا قورۇنىڭ قاشا تېمىنى ئۆرۈپ تاشلاپ يان ئۆيدىكى قوشنىنىڭ قورۇسىنىمۇ ئىگىلىۋالغىدەك دەرىجىدە ۋە ياكى ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ يوغانراق جايىنى ئىگىلىگىدەك چوڭىياتتىمكىن؟ مۇمكىنمۇ؟ نېمىشقا مۇمكىن بولمايدىكەن؟ ئۇنىڭ ئۆسۈشىنى، ئۇنىڭ چەكسىز دەرىجىدە چوڭىيىشنى چەكلەش بىمەنىلىك ئەمەسمۇ؟ قانچىلىك ئۆسكىسى كەلسە ئۆسۈۋەرسۇن، قانچىلىك يوغانغىسى كەلسە يوغىناۋەرسۇن. بۇ قورۇغا پاتماي قالسا قوشنا قورۇنىڭ تاملىرىنى قىستاپ ئۆرۈۋېتىپ ئۇ قورۇنىمۇ ئىگىلىسۇن، ئۇنىڭغا پاتماي قالسا ئۇنىڭغا قوشنا قورۇنىڭ تېمىنىمۇ ئۆرۈۋەتسۇن-دە، ئۇ يەرنىمۇ ئىگىلىسۇن. ئۇ قورۇنىڭ ئىگىلىرى قورۇسىز قالدۇق دېسە كۆچۈپ كەتسۇن ياكى بولمىسا ئۆزىگە قالغان ئۆيگە شۈكرى قىلسۇن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇ تېرەك زورىيىپ ئۇ ئۆيلەرنىڭ تاملىرىنى ئۆرۈۋېتىشىمۇ مۇمكىن، ئۇ چاغدا ئۇلار نەدە پاناھلىغۇسى كەلسە شۇ يەرگە جۆنەسۇن...

چەكسىز يوغىناش ئارزۇسىدىكى تېرەكنىڭ ئۇ كىشىلەرنىڭ نەگە كۆچۈشى، نەدە ماكان تېپىشى بىلەن كارى نېمە؟ ئۇ ئۆز ئارزۇسى بويىچە چوڭىيالىسىلا بولغىنى! قاچانكى يىلتىزى قۇرۇپ، غولى كاۋاكلىشىپ ئۆزى غۇلاپ چۈشكىچە ھېچقانداق ئادەم، ھېچقانداق تام ئۇنىڭغا توسالغۇ بولماسلىقى كېرەك!

مەن قولۇمدىكى يېنىقلىق چىراغنى تېرەكنىڭ غولىدىكى بىر ئاچىماقا قىستۇردۇم-دە، قورۇنىڭ قاشا تېمىنىڭ يېنىغا كەلدىم، بۇ تام نېپىزلا تام ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە يەرنىڭ نېمى ئۆتۈۋەرگەچكە تامنىڭ ئۇلى زەيدەپ كېتىپتۇ. مەن پۇتۇمنى يەرگە مەھكەم تىرەجەپ مۆرەم بىلەن تامنى ئىتتىرىپ باقتىم، تام سەل لىڭشىدى، مەن كۈچەپرەك ئىتتىردىم، تام تەۋرىگەندەك بولدى. مەن كۈچۈمنى يىغىپ بىرلا تۈرتۈۋىدىم، تامنىڭ تەڭ ياتىسى «گۈپ» قىلىپ ئۆرۈلۈپ چۈشتى. شۇ ھامان بۇرنۇمغا ئاچچىق توزان كىرىپ بىرنەچچىنى چۈشكۈرۈۋەتتىم. ئارقىدىن تامنىڭ يەنە بىر پارچىسىنى، ئاندىن يەنە بىر پارچىسىنى ئارقا-ئارقىدىن ئۆرۈۋەتتىم. يىقىلغان تامنىڭ زەربىدىن مەن ياتىدىغان ئۆينىڭ ئىشىك-دېرىزىلىرى تىترەپ كەتتى، قوشنا ئۆينىڭ ئىچىدە ئادەملەرنىڭ ئەنسىز گۇدۇڭلاشقىنى ئاڭلاندى. بىر كەمدە ئىشىكلەر غىچىلداپ ئېچىلدى، ئادەملەر ئۆپۈر-تۆپۈر بولۇشۇپ قورۇسىغا يۈگۈرۈپ چىقىشتى. قوشنا قورۇنىڭ تېمىدىن بىر ئادەمنىڭ بېشى كۆرۈندى، قوشنا ئۆيدىكى ئاقباش ئادەم قورۇنىڭ تېمىدىن يامىشىپ مەن ياتىدىغان ئۆينىڭ قورۇسىغا سەپسىلىۋاتاتتى. مەن ئاۋازىمنى قەستەن يوغان چىقىرىپ قۇرۇق يۆتىلىپ قويدۇم، ھېلىقى ئادەم

مېنىڭ ئاۋازىمنى تونۇپ قالدى بولغاي دەررۇ يوقالدى. ئۇلار مېنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىمنى بىلدىغان ئوخشايدۇ، قوشنا قورۇدا كىملەرنىڭدۇر تەشۋىشلىك كۇسۇرلاشقىنى ئاندىن ئىشتىكنىڭ ئالدىراپ يېپىلىپ ئىچىدىن زەنجىرلەنگىنى ئاڭلاندى، قوشنىلار ئەزەلدىن مەندىن تەپارتاتتى، مەندىن قورقاتتى. مەن كورپۇس ئەتراپىدا نېمىلا قىلماي ئۇلار گويا ھېچنەرسىنى كۆرمىگەن بولۇپ يىراقتىن ئايلىنىپ كېتىپ قېلىشاتتى. چۈنكى مەن ئۇلارنى شۇنداق قىلىشقا ئۈگەتكەن ئىدىم. مەن ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسىدىن بىرەر قېتىم قورقۇپ باقمىغان ياكى ئۇلارغا بىرەر قېتىم يول قويۇپ باققىنىمنى بىلمەيمەن، ئۇلار مېنى ئۇنتۇماپتۇ، ئادەملەرنىڭ مەندىن ئەيمىنىشى مېنى خۇشال قىلدۇ. «ئەيمەندى» دېگەن سۆز مېنىڭ ھەممە ئارزۇ-ئىستىكىمنى، ئىرادە-خاھىشىمنى ئىپتىراپ قىلدى دېگەن سۆز. بۇ ماڭا كېرەك! ئىلگىرى مەن ئۇنى ئارزۇ قىلغانىدىم ۋە بۇنىڭغا ناھايىتى ئازلا ئېرىشتىم، لېكىن كېيىن ئۇنىڭدىن ئۈزۈل-كېسىل ئايرىلىپ قالدىم. ئايرىلىپ قالدىملا ئەمەس، ئەكسىچە مەن ئەيمىنىدىغان، مەن باش ئېگىدىغان ئورۇنغا چۈشۈپ قالدىم. ئېرىشكىنىم يوقاتقىنىمنىڭ قارشىسى بولدى. بۇ مېنىڭ يۈرىكىمگە تەگدى، جېنىمغا پاتتى، بۇ ماڭا ھاركەلگەندى. بۇنىڭ ئۈچۈن مەن نەچچە قېتىم ئۆلۈۋالماقچى بولدۇم، لېكىن ئۇ يەردە ئۆلۈۋېلىشقىمۇ يول قويۇشمايدىكەن، ئۇ يەرگە كىرگەنلەرنى جەمئىيەتنىڭ بوغچىسى دېيىشىدىكەن. لېكىن مەندەك بىر بوغچا يوقالسا جەمئىيەت سېلىقى سەل يەڭگىللىمەمدۇ؟ ئۆلۈۋالسام نېمىشقا بولمايدىكەن؟ ئۆلەلىگەن كىشى ئۆز روھىغا تولۇق خوجايىن بولالىغان كىشىدۇر، بۇنى ئۇلار چۈشەنمەيدىكەن. بۇ يەردە ئۆز روھىغا خوجايىن بولۇشقىمۇ يول بەرمەيدىكەن، چۈشىنىشنى ھەتتا ئويلاپمۇ قويمايدىكەن. ئۇنى دېسە ئۇلارنىڭ نېمە ئۈچۈن چۈشەنمەيدىغانلىقىنى مەنمۇ چۈشىنىپ بولالمىدىم.

مەن كۆلرەڭ رەسىمنى شۇ چاغدا سىزغانىدىم.

مەن چاپانلىرىمنى قېقىشتۇرۇپ، تېرەك غولىدىكى شاخ ئاچىسىغا قىستۇرۇپ قويۇلغان قول چىراغنى ئالدىم-دە، ئۇنى يورۇتۇپ تېرەكنىڭ تۈۋىدىن تارتىپ ئۇچىغىچە زەن سالدىم. تېرەك يوپۇرمىقى ئەمدى خۇددى پاقلان بولغان بوۋاق ۋىلىقلاپ كۈلۈۋاتقاندەك خۇشال شىلدىرلىماقتا ئىدى. ئەمدى يوپۇرماقلارنىڭ شىلدىرلىغان ئاۋازى بوۋاقنىڭ ئوخچۇشلىرىدەك يېقىملىق ئىدى. تېخى بايىلا تارغىنە قىستاڭ قورۇدا بىر خىل غېرىبلىق، مىسكىنلىك ئىچىدە خۇددى ھازىدار ئادەمدەك سۆكۈتكە چۆمۈپ مۈگدىنىپ تۇرغان يالغۇز تېرەك ئەمدىلىكتە تويى بولىدىغان قىزدەك نازاكەتلىك تەۋرىنىپ بىر ھاياجان ئىلكىدە تەنتەنە قىلىۋاتاتتى.

— ئۆسسۇۋەر ئاغىنە! خىيالىڭدىكىدەك ئۆسسۇۋال، سېنى چەكلەيدىغان، سېنى قىسىۋالىدىغان تام ئەمدى يوق! خالىساڭ ئەنە ئاۋۇ تاملارنىمۇ قىستاپ ئۆرۈۋەت!

مەن تېرەك غولىغا مەمنۇنىيەت بىلەن شاپىلاقلاپ قويدۇم. كەچتە يۇيۇنۇپ بولۇپ ئۆيدە يالغۇز ئولتۇراتتىم، خىيال ھارغۇزدىمۇ ياكى...

پۇتۇن بەدەنلىرىم سىرقىراپ قىزىۋاتاتتى، ئۇخلاي دېسەم ئۇيقۇم كەلمىدى.

تېلېۋىزوردا ئاجايىپ بىر خەۋەر بېرىلىۋاتاتتى. مەن كۆزلىرىمنى چەكچەيتىپ تېلېۋىزور ئېكرانىغا قادىلىپ قالدىم.

— ھۆرمەتلىك تېلېۋىزور كۆرگۈچىلەر، بىز ھازىر بىر جىددىي خەۋەرگە دىققىتىڭلارنى تارتىمىز — بۈگۈن كەچتە شەھىرىمىزدە ئاجايىپ غەلىتە ۋە قورقۇنچلۇق ھادىسە يۈز بەردى، — دىكتور تەرلەپ-تەپچىرەپ سۆزلەۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئاۋازى ھودۇقۇش ۋە ساراسىمە ئىچىدە بوغۇلغانىدى. ئۇنىڭ خەۋەر ئورىگىنال تۇتقان قوللىرى تىترەيتتى.

— بۈگۈن كەچقۇرۇن شەھىرىمىزنىڭ
كوچىسىغا باغچىدىن قېچىپ چىققان بىر يولۋاس
پەيدا بولۇپ قالدى.
ھۆرمەتلىك تېلېۋىزور كۆرگۈچىلەر، سىلەر
خاتالاشماڭلاركى، بۇ يولۋاس ھايۋانات باغچىسىدا
تۇغۇلغان ياۋايى تەبىئەتنى خالىي يولۋاس
بولسىمۇ، نىمىشقىدۇر باغچىدىن قېچىپ چىققاندىن
كېيىن بىردىنلا ۋەھشىي تەبىئەتلىك قۇتىرىغان
دەھشەتلىك تاغ يولۋىسىغا ئايلانغان. بۇ
يولۋاسنىڭ باغچىدىن نېمە مەقسەت بىلەن
ۋە قانداق قىلىپ قېچىپ چىققانلىقى تېخى
ئېنىقلانمىدى. ئەمما ئۇ يولۋاسنىڭ بىر يېرىم
مىليونلۇق ئاھالىگە ئىگە بۇ مەركىزىي شەھەر-
دە ئۇشتۇمتۇت پەيدا بولۇشى شەھىرىمىزنىڭ
نورمال ھاياتىغا تەھدىت سېلىپ شەھەردە
قورقۇنچلۇق ۋەھىمە پەيدا قىلدى.

بۇ يولۋاس چوڭ يولغا يۈگۈرۈپ چىقىپ
ئادەملەرنى سۈر-توقاي قىلىپ قوغلىغىنىچە
باغچا كوچىسىغا چىققان. شۇنىڭ بىلەن ئۇ
كوچىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن پاتىپاراقچىلىق
باشلىنىپ كىشىلەر ئالا-تاغىل چىرقىرىشىپ
يۈزلىرىنى ئۇدۇل كەلگەن تەرەپكە ئۇرۇپ
«قاچ-قاچ» بولۇپ كەتكەن. ماگىزىن،
دۇكانلارنىڭ ئىشىك-دېرىزىلىرى كۇكۇم-تالقان
بولۇپ تىجارەتچىلەرنىڭ تەنزىلىرى ئۆلەر-تىرىلىش-
گە قارىماي قېچىۋاتقان ئادەملەرنىڭ ئايىغىدا
چەيلىنىپ ۋەتۇۋرىكى چىقىپ كەتكەن. شۇ
پاتىپاراقچىلىقتا ئۈچ كىچىك بالا دەسسىلىپ ئۆل-
گەن، يۈرەك كېسىلى بار ئۈچ كىشى (بۇلارنىڭ
ئىچىدە بىرسى ئايال) قورقۇپ كېتىپ يول
ئۈستىدىلا جان بەرگەن.

ئاخىرى قوراللىق ساقچى ئەترەتلىرى
تەرەپ-تەرەپتىن قورشاپ بۇ يولۋاسنى
تۇتۇۋالغان ۋە باغچا دائىرىلىرىگە تاپشۇرۇپ
بەرگەن.

شەھەر ھاياتى ھازىر ئاساسەن
ئەسلىگە كەلدى. شۇنداقتىمۇ ئادەملەرنىڭ
دەككە-دۈككىچىلىكى تېخى بېسىقىنى يوق!

تېلېۋىزوردىن كېيىنلا پىريومنىكتا مۇنداق
بىر خەۋەر ئاڭلىتىلدى:

— بۈگۈن كەچقۇرۇن ئاجايىپ غەلىتە
ئەھۋال سادىر بولدى، مۇخبىرىمىزنىڭ خەۋەر
قىلىشىچە، شەھىرىمىزدىكى پۈتۈن ئاشخانىلارنىڭ
قازنىقىدىكى گۆشلەر پاك-پاكىز ئوغرىلانغان،
ھەتتا ئاھالىلەرنىڭ ئۆيلىرىدىكى گۆشلەرمۇ
چۈشىنىكسىزلا يوقاپ كەتكەن. ج خ ئورگانلىرى-
نىڭ رازۋېت قىلىشىچە، بۇ گۆشلەرنى قانداقتۇر
بىر نامەلۇم ھايۋان ئوغرىلىقچە ئېلىپ قاچقان.
نازۇك تېخنىكىلىق ئىزلاپ ئىسپاتلاش نەتىجىسىدە
شۇ نەرسە ئايان بولدىكى، بۇ گۆشنى
ئوغرىلىغان ھايۋان غايەت چوڭىيىپ كەتكەن
بىر ياۋا مۈشۈك ئىكەن. بۇ ئوغرى مۈشۈك
ئۇدۇل كەلگەن ئۆي، ئۇدۇل كەلگەن ئاشخا-
نىنىڭ پەنجىرىدىن قىسىلىپ كىرىپ گۆش
قويغان سېۋەت، كاناردىكى گۆشلەرنى بولۇشىچە
يېگەن، قالغىنىنى چىشلەپ-سۆرەپ ھەتتا
يەلكىسىگە ئارتىپ كۆتۈرۈپ قاچقان.

ئەجەبلىنەرلىكى شۇكى، بۇ ياۋا ئوغرى
مۈشۈكنىڭ قالدۇرغان ھىدى بىلەن تېخى بايىلا
شەھەرنى مالىمان قىلغان ھېلىقى ئالجىغان
يولۋاسنىڭ تېنىدىن قالغان ھىد بىر خىل
ئىكەن، كىشىلەر ئوغرى مۈشۈك بىلەن تەلۋە
يولۋاسنىڭ ھىدىنىڭ بىر خىل بولۇشىدىن
ئىنتايىن ئەجەبلەنمەكتە. بۇ ئىش يەنە بىر
قېتىم ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئېنىقلاشنى كۈتىدۇ!

## تۆتىنچى باب

قانداق چاغدا ئۇخلاپ قالغىنىمنى بىلمەيمەن،
بىر چاغدا كۆزۈمنى ئاچسام خېلى ۋاخ بولۇپ قاپتۇ،
ئويغانغاندىن كېيىن بىرھازا غىچە ئورنۇمدا ئېغىناپ
ياتتىم. چۈنكى مېنى ھېچكىم ۋە ھېچقانداق ئىش
كۈتۈپ تۇرۇۋاتقىنى يوق. بۇ ئۆي، بۇ ئۆيدىكى
لاقا-لۇقىلار ھەتتا ئۆزۈممۇ باشقىلار ئۈچۈن بىر

ئۇنتۇلغان بويۇم. مەن بۇ ئۆيدە «ئۆزۈم» بىلەن بىللە، «ئۆزۈم» بولسا مەن بىلەن بىللە، دېمەك مەن يالغۇز ئەمەس. بۇ ئۆي ماڭا كېرەك بولغىنى ئۈچۈن بۇ ئۆيگە كىردىم. مەن «ئۆزۈم»گە كېرەك بولغىنىم ئۈچۈنلا ئۇخلىدىم. پەقەت مۇشۇلا. مەن ئەمدى پەقەت ھەممىلا نەرسىنى، ھەممىلا ئىشنى ئۆزۈم «ئۆزۈم»گە كېرەك بولغىنى ئۈچۈنلا قىلىمەن. «مەن» دېگەن مەۋجۇدىيەت ئەنە شۇنداق ئاددىي، چۈشىنىشلىك، ھاياتمۇ شۇنداق! مەن دېمەك ھايات دېمەكتۇر! «مەن» دېگەن ئۇقۇم ئاددىي ۋە چۈشىنىشلىك ھەمدە بەكمۇ قەدىردان! مېنىڭ ئۆگەي دادام، مېنىڭ ئۆگەي سىڭىللىرىم ماڭا ئېھتىياجلىق بولمىغاچقا مېنىڭ مەۋجۇتلۇقۇم ئۇلارنى خۇشال قىلمايدۇ. قوشنىلارمۇ ھەم ئۇلار مېنى ئۆزى نۇقتىسىدىكى «مەن»گە خەۋپ دەپ قارايدۇ. ئۇلار ئالغۇچى، مەنمۇ ئالغۇچى. مەن ئالىدىغان نەرسىلەر ئۇلاردا بار، لېكىن بەرمەكچى ئەمەس. ئۇلار ئالىدىغان نەرسە مەندە يوق، شۇڭا مەن ئۇلار ئۈچۈن يوغچا! بوغچا بولغاندىمۇ ئۆزۈمگە كېرەك بولغان ۋە باشقىلارنىڭ ئىلكىدىكى ھەرقانداق نەرسىنى بىر قىماپ بىلەن ئېلىپ توگۇۋالىدىغان بوغچا! شۇڭا ئۇلار ئۆگەي دادام، قولۇم-قوشنىلار، كوچا-كويلاردا... مەندىن ھەزەر قىلىدۇ. ھەممە دېمەك مەن! چۈنكى ھەممىسى مەن ئۈچۈندۇر.

يېتۋېرىپ زېرىكتىم، لېكىن يەنىلا يېتۋەردىم، خىيالدىنمۇ بەزدىم. مەن ئۆرۈلۈپ تورۇسقا قاراپ يېتىپ باقتىم، تورۇس غىلتاڭ ئىدى. ئۇ يەر چەكسىز غىلتاڭ ساي ئىدى. سايىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر توپ ئىنتايىن چوڭ يالغۇز دەرەخ تۇراتتى. ئۇنىڭدىن باشقا ھېچنەرسە يوق ئىدى. بۇ يەردە گۈركىرەپ بوران چىقىۋاتاتتى. بوراننىڭ ھۇۋۇلىشى يېقىمسىز ئىدى. بوران يالغۇز دەرەخكە ئۆزىنى شىددەت بىلەن ئۇراتتى. دەرەخنى قومۇرۇپ نەگىدۇر بىر يەرگە ئېلىپ كەتمەكچى بولاتتى. دەرەخ كۆلەڭ ئىدى. بوران بىردىنلا كۆك رەڭلىك بولۇپ ئۆزگەردى. كۆلەڭ دەرەخ تىترىدى، ئېگىلدى. بوران شىددەت بىلەن يوپۇرۇلۇپ يىراقلارغا كېتىپ قالدى. دەرەخ بوراننىڭ ئارقىسىدىن، ئاشۇ كۆك بوراننىڭ ئارقىسىدىن قاراپ قالدى. ئۇ بىردىنلا مۆكلىنىپ شۈمشەيدى. كۆك بوران كەتكەندىن كېيىن ئاشۇ غىلتاڭ ساي، ئاسمان، يەر دەرەخنىڭ كۆلەڭ تۈسىنى ئالدى... بۇ يەردە ئەمدى ھەممە نەرسە كۆلەڭ ئىدى. ئۇ يەر ئاشۇ كۆرۈنۈشى بىلەن ئۆزگىچە ئىدى... كۆلەڭدىن كېلىۋاتقان ئاۋاز غەشلىك، ئەندىشلىك ئىدى... بارا-بارا ئۆينىڭ ھەممىلا يېرىنى كۆلەڭ قاپلىدى. تام-تورۇسلار، ئىشكاپ-كارىۋاتلار، شىرە-ئورۇندۇقلار، يوتقان-كۆرپىلەر كۆلەڭ ئىدى. ئۆزۈممۇ كۆلەڭ ئىدىم. «ئۆزۈم» دېگەن بۇ ئۇقۇممۇ «ئۆزۈم» دەپ يېزىلىدىغان خەتمۇ كۆلەڭ ئىدى، بەتتام، قاڭسىق كۆلەڭ ئىدى. بۇ كۆلەڭدىن سۈس، ئاجىز لېكىن ئېنىق بىر ئاۋاز كېلەتتى. بۇ ئاۋاز كۆلەڭ ئىدى. كۆلەڭ ئاۋازدىن ئەكس ئېتىدىغان غەشلىك ئەندىشىمۇ كۆلەڭ ئىدى... مېنىڭ كاللامدىكى جىمىكى ئۇقۇم، تەسىرات، ئەسلىمە، تەسەۋۋۇر، تەپەككۇر، تەھلىل، خاتىرە، خىياللارنىڭ ھەممىسىلا كۆلەڭ ئىدى... ئۆينىڭ بۇلۇڭ-بۇلۇڭىدا كۆلەڭ قېتىپ قالغانىدى. كۆلەڭ ماڭا قاراپ كۈلۈمسىرەيتتى، مېنى باغاشلايتتى...

مەن ئاخىرى ئۆيگە قاراۋېرىشتىن بەزدىم. مېڭەم ۋە كۆزۈمگە ھاردۇق يەتكەنىدى. ھېچقانداق زۆرۈرىيىتى بولمىسىمۇ مېنىڭ كۆڭلەپ يېتىشىم ياكى ئورنۇمدىن تۇرۇشۇم ھېچكىمگە ئەھمىيەتلىك بولمىسىمۇ ئورنۇمدىن تۇرۇشۇم كېرەك ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئاخىرى ئورنۇمدىن قوپۇپ كىيىملىرىمنى كىيدىم. ئاندىن مۇزدەك سۇ قۇيۇپ يۈزۈمنى چالا-بۇلا يۇدۇم. شىرەدە داستىخانغا ئوراپ قويۇلغان كاستىرولكا تۇراتتى، ئاچسام ھورى چىقىپ تۇرغان چۆچۈرە ئىكەن، چۆچۈرىدە قارىمۇچ ۋە ئاشكۆكنىڭ يەنە

نۇقۇتنىڭ خۇش پۇرىقى گۈپۈلدەپ تۇراتتى.

ئاپام تېخى بايىراق ئەكىرىپ قويۇپ چىقىپ كەتكەن ئوخشايدۇ «سووۇپ قالمسۇن» دەپ داستىخانغا ئوراپ قويۇپتۇ. كاستىرولكىنى قولۇمدىن چۈشۈرمەي يىلا قۇرۇقداپ قويدۇم. ئاندىن ئۇنى چايقۇپتە يمكن دەپ ئويلاپ قالدىم. مۇزدەك سۇدا ئۇنىڭ دىۋارىدىكى ياغ يۇقۇندىسى چىقمىدى. چۆچۈرىنى بەك سېمىز گۆشتە ئەتكەنىكەن، شورپىسى بەك ياغلىق بولۇپ كېتىپتۇ. كاستىرولكىنىڭ ئاغزىنى يېپىپ قويدۇم. ئاپام دادامدىن ئوغرىلىقچە ئەكىرگەندۇ-تاين... بىردىنلا شىرەدىكى رەسىم سىزىش تاختىسى، بوياق، سۇرۇق، موي قەلەم كورۇپكىسى ۋە بىرنەچچە تاختا قېلىن ئاق قەغەز، سۇرۇپ لاتىسىغا كۆزۈم چۈشۈپ قالدى. بۇ نەرسىلەر مېنىڭ ئىلگىرىكى نەرسىلىرىم ئەمەس، يېڭى سېتىۋالغان ئوخشايدۇ. كىم ئەكىرىپ قويدىكىن؟ ئاپاممىدۇ؟

مەن دەررۇ بوياقلارنى راسلاپ، بىرقانچە قەغەز يايدىم-دە، ئۆرە تۇرۇپلا رەسىم سىزىشقا كىرىشىپ كەتتىم. قولۇم سەل تىترەيدىغان بولۇپ قاپتۇ. موي قەلەم تۇتمىغلى ئۇزۇن بولغاچقىمىكىن، ياكى نېمىدىندۇر ھايا-جانلىنىۋاتىمەنمىكىن؟...قولۇم تىترىگەن بىلەن كۆڭلۈم كۆتۈرۈلۈپ قالغانىدى. مېنىڭ ئۇنتۇلغان ھېسلىرىم ۋە خاتىرىلىرىمنى ئاشۇ بوياق-رەڭلەر ئويغىتىشقا باشلىغانىدەك قىلاتتى.

ئۇشتۇمتۇت «پالاق-پۇلۇق» قىلغان ئاۋازدىن چۆچۈپ جان-پېنىم چىقىپ كەتتى. قولۇمدىكى قەلەممۇ يەرگە چۈشۈپ كەتتى. مەن ساراسىم ھەم ۋەھىمە ئىچىدە ئارقامغا بۇرۇلدۇم، شۇ چاغدا قانداقتۇر بىرنەرسە پالاقلىغىنىچە كارىۋىتىمنىڭ ئاستىغا كىرىپ كەتتى. ئارقىدىنلا 12-13 ياشلاردىكى بىر بالا پالاقشىغىنىچە يۈگۈرۈپ ئۆيگە كىرىپ كەلدى ۋە مېنىڭ ئەلپازىمنى كۆرۈپ چۆچىگەن بولسا كېرەك، ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا نېمە قىلارىنى بىلمەي چېپپىدە توختاپ قالدى. مەن ئۇنىڭغا زەردىلىك تىكىلىپ ئۈنچىقماي قاراپ تۇردۇم.

— مېنىڭ كە... كەپتىرىم ئۇچۇپ كېتىپ...ئۆيىڭىزگە كىرىۋالدى ئاكا...كەپتىرىمنى...

ئىنىتىنىڭ يۈگۈرگىنى ئۈچۈنمۇ ياكى ئېھتىبسوراق مېنىڭ-ئۆيۈمگە كىرىپ قېلىپ مېنىڭ ئەلپازىمدىن چۆچۈپ كەتكىنى ئۈچۈنمۇ، بالىنىڭ يۈزى ئوتتەك قىزارغانىدى. ئۇنىڭ بويىنىدا پۇرلاشقان گالستۇك بار ئىدى. مەن ئۈنچىقماي ئۇنىڭغا بىردەم تىكىلىپ قاراپ تۇردۇم. يۈرىكىم ئاران ئىزىغا چۈشتى. مەن ئېڭىشىپ يەردىن قەلەمنى ئالدىم-دە، ئارقامغا ئۆرۈلۈپ سىزىشنى داۋام قىلدىم. بالا كارىۋاتنىڭ ئاستىغا ئۆمىلەپ كىرىپ كەپتىرىنى بىر ئەستە تۇتتى بولغاي، مەن ئۇنىڭغا قارىماي رەسىم سىزىۋېتىپمۇ ئۇنىڭ پۇشۇلداشلىرى، ھاسىراشلىرىدىن ئۇنىڭ كەپتىرىنى تۇتۇۋېلىپ بەك خۇشال بولۇپ كەتكەنلىكىنى بىلىپ تۇردۇم.

بىرھازادىن كېيىن رەسىمنىڭ ئاخىرقى بوياقلىرىنى بېرىپ بولدۇم.

— رەسىمگە بەك ئوستا ئىكەنسىز ئاكا...

مەن چۆچۈپ ئارقامغا قارىدىم، ھېلىقى بالا مېنىڭ ئارقامدىن بويىنىنى ئېھتىيات بىلەن سوزۇپ رەسىمگە قاراپ تۇراتتى.

— سىزنىڭ رەسىم مۇئەللىممىزدەكلا سىزىدىكەنسىز... بەك ئوخشاپتۇ، — دېدى مېنىڭ چىرايىمدىن بىرەر يامانلىقنى كۆرمىگىنى ۋە ئۇنى قوغلاپ چىقىرىۋەتمىگىنىم ئۈچۈن خۇشال بولغان بالا سەل جۈرئەتلىنىپ.

— لېكىن ئاكا بۇ نېمانچە چوڭ دەرەخ... پۈتۈن دالىنى پەقەت بىرلا دەرەخ ئىگىلىۋاپتىغۇ؟ ئاۋۇ تاغلارمۇ، دەريامۇ ھەتتا ئۈپۈق سىزىقمۇ ئاشۇ بىر تۈپ دەرەخنىڭ تۈۋىدە قاپتۇ... نېمىشلا قىلسا دەرەخ دېگەن كىچىك، تاغ، دەريا، ئۈپۈق دېگەن چوڭ بولۇشى كېرەكقۇ؟

بالا مەن ئويلىغانىدەك ئۈنچە قورقۇنچاق،

جۇرئەتسىز ئەمەسكەن. مېنىڭ ئۈندىمەي گېپىگە قۇلاق سېلىپ تۇرغىنىمنى كۆرگەن بالا تېخىمۇ تۇرگۇنلىشىپ سۆزلەپ كەتتى:

— ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ دەرەخنىڭ ئەتراپىدا باشقا بىرەر تۈپ دەرەخ يوق ئىكەن، ھەتتا ئوت-چۆپ، گۈل-چېچەك ئۆسكىدەك يەرمۇ قالماپتۇ. ئۇنداقتا بۇ گىياھ ئۈنمەس دەشتمۇ؟ دەشت بولسا بۇ بىر تۈپ دەرەخ قانداق ئۈنۈپ قالدى؟ يەنە كېلىپ پۈتۈن زېمىننى ئىگىلىۋالغان شۇنچە يوغان دەرەخ-ھە؟ دەرەخ دېگەن دەرەخ بار يەردە ئۆسىدۇ، بىر تۈپ دەرەخ ئۆسكەن يەردە باشقا دەرەخمۇ، گۈل-چېچەك، ئوت-چۆپمۇ ئۆسىدۇ. شۇ چاغدا بۇ چىن بولامدۇ؟ «دەرەخ دېگەن ئۆزىگە ئوخشاش ياشناپ-ئۆسكەن دەرەخنىڭ ئارىسىدىلا گۈزەل» بولالايدۇ، بولمىسا خاماندىكى موما ياغاچقا ئوخشاپ قالامدۇ؟ ئۇنىڭ نېمىسى گۈزەل؟ مۇشۇ دەرەخنىڭ ئەتراپى قويۇق ئورمانلىق بولغان بولسا، بۇ دەرەخمۇ شۇ ئورماننىڭ ئىچىدىكى بىر تۈپ دەرەخ بولغان بولسا ئاندىن تازا گۈزەل بولاتتىكەن، مۇئەللىم بىزگە ئاشۇنداق ئۆگەتكەن.

پىلموتىنىڭ ئوقىدەك تاراسلاۋاتقان تۈگىمەس سوئاللاردىن ھاڭۋېقىپلا قالدىم. ھازىرغىچە ھېچقانداق كىشى مېنىڭ رەسىملىرىم ھەققىدە بۇنداق جۇرئەت بىلەن سۆزلىگەن ئەمەس ئىدى. راسا بىر ئوبزورچىغا يولۇققان ئىكەنمەن. ئۇنىڭ ئوبزورىنىڭ پىچەتلىكى ئەمدى چىقتى:

— ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ رەسىمنىڭ بويىقى پەقەت قاملاشماپتۇ، مۇھىت پۈتۈنلەي كۆلرەڭ سىزىلىپتۇ، قۇياش بار ئىكەنۇ، لېكىن ئاسمان كۆلرەڭ ئىكەن، تاغمۇ كۆلرەڭ ئىكەن، دەريامۇ كۆلرەڭ ئىكەن، قۇياشمۇ كۆلرەڭ ئىكەن، يەرمۇ كۆلرەڭ ئىكەن؟ بۇ نېمىسى، بۇ نەچچە رەڭ بېرىش؟ كىشىنىڭ كۆڭلىگە غەشلىك سېلىپ... ئاسمان دېگەن كۆپكۆك ۋە سۈزۈك، دەريا دېگەن كۈمۈش لېنتىدەك يالتىراق، تاغ دېگەن چوققىسى ئاپئاق قارلىق گەۋدىسى، ۋە قاپتىلى كۆكۈش سۇررەڭ ياكى سېغىزرەڭ، يەر دېگەن قارامتۇل چىلانرەڭ، قۇياش دېگەن ئالتۇندەك سېرىق رەڭ...

ئاخىرى تاقىتىم چېكىگە يەتتى:

— يوقال كۆزۈمدىن! — بومبا پارتلىغاندەك تۇيۇقسىز ۋارقىرىدىم مەن. بالىنىڭ گېپى ئاغزىدا قالدى. قورقۇپ ئەرۋاھى ئۇچقان بالا «پارت» قىلىپ كەينىگە بۇرۇلدى-دە، خۇددى يەرگە كىرىپ كەتكەندەك كۆزنى يۇمۇپ-ئاچقىچە غايىب بولدى.

بىردىنلا كەيپىم بۇزۇلۇپ جۇدۇنۇم تۇتتى. مەن قولۇمدىكى قەلەمنى جەھلىم بىلەن يەرگە ئاتتىم-دە، كارىۋاتقا ئۆزۈمنى تاشلىدىم. ئاندىن قولۇمنى بېشىمنىڭ ئاستىغا قويۇپ تورۇسقا قادىلىپ ئوڭدىسىغا ياتتىم.

نەدىن پەيدا بولدى بۇ يېتىم ئاقساقال زاكىسىدا قېرىپ قالغان كىسىلدەك؟ مېنىڭ بەش يىلدىن بېرىكى پۈتۈن ئىستەك-ئىنتىلىشلىرىمنى، كېچە-كۈندۈز مېڭەمدىن چىقمايدىغان يالغۇز دەرەخ ھەققىدىكى كۆلرەڭ تەسەۋۋۇرۇمنى، مېنى شادلاندۇرىدىغان، كۆڭلۈمگە تەسەللى بېرىدىغان كۆلرەڭ چۈشۈمنى، مېنى ھەر زامان ئۆزىگە چاقىرىۋاتقان، ماڭا ھېچكىم تەسەۋۋۇر قىلالمايدىغان كەڭلىك، چەكسىزلىك ۋەدە قىلىۋاتقان كۆلرەڭ دۇنيارىمنى ئاغزىدىن ئاپىسىنىڭ سۈتى پۇراپ تۇرغان كۆك ماڭقا بىردەمدىلا بىتچىت قىلىپ تاشلىدىمۇ؟ ئۇ چۈشىنىپ دەۋاتامدۇ ياكى ئاغزىغا كەلگىنىنىمۇ؟

مەن تۇيۇقسىز مۇشۇ بالىنىڭ دېگەنلىرىنى يەنە قەيەردىدۇر ئاڭلىغاندەك قىلغىنىمنى ئەسكە ئالدىم. نەدە ئاڭلىۋىدىمكىن؟

بىردىن ئېسىمگە كەلدى، توغرا! ئاڭلىغان ئىكەنمەن!

ھېلىقى ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانىدا ئاڭلىغان ئىكەنمەن.

بىر كۈنى ھېلىقى كونا گېزىت پارچىسىغا سۆكسۆكنىڭ كۆيۈندىسى بىلەن بايىقى رەسىمنىڭ ۋارىيانتىنى سىزىۋاتسام يېنىمدا تۇيۇقسىز

« ئاقساق تۆمۈر » پەيدا بولۇپ قالدى، ئۇ ئۆسكىلەڭ قاشلىرىنىڭ ئاستىدا ئوتتەك يېنىپ تۇرىدىغان چوڭ-چوڭ كۆزلىرىنى قىسىپ رەسىمگە بىرھازا قاراپ تۇردى. ئۇنىڭ قويۇق ساقال-بۇ-رۇت بىلەن قاپلانغان لەۋلىرىدە بىر سىرلىق كۈلكە ئوينايتتى. مەن سەل ئالدىراپ قالدىم.

ئۇ تۇيۇقسىز مېنىڭ مۈرەمگە قولىنى قويۇپ:

— ئاھ... ئەسلىدە ئالتۇندەك قوللار ئىكەندۇق بۇ قوللار، لېكىن سېنىڭ كاللاڭ خۇددى ئاشۇ رەسىمدىكىدەك كۈلرەڭ بولغىنى ئۈچۈن، ئاشۇ ئالتۇندەك قوللار قارا قولغا، جىنايەتلىك قولغا ئايلىنىپ كېتىپتۇ... ئېچىنامسەن؟ قارا! سەندە ئەقىل، قابىلىيەت بار ئىكەن، لېكىن كۆز يوق ئىكەن، سەن رەڭ قارىغۇسى ئىكەنسەن... شۇڭا سەن تۇرمۇشنى كۈلرەڭ تەسەۋۋۇر قىلىدىكەنسەن، سېنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈشىڭنىڭ مەنبەسى مانا شۇ ئىكەن! كۈلرەڭ دېگىنىڭ ئاق رەڭ بىلەن قارا رەڭنىڭ ئارىلاشمىسى، يەنە قاباھەتنىڭ بەلگىسى بولغان قارا رەڭنىڭ پاكلىقنىڭ بەلگىسى بولغان ئاق رەڭنى بولغىشىدىن ئاپىرىدە بولغان! سېنىڭ ئالتۇندەك قوللىرىڭنىڭ قارىيىشى، سېنىڭ روھىي دۇنيايىڭنى چۈلغىۋالغان ئاشۇ كۈلرەڭنىڭ كاساپىتى...

ئۇ دوستلارچە كۈلۈمسىرىدى ۋە رەسىمنى كۆرسىتىپ دېدى:

— قارا، بىر چىرايلىق دەرەخنى سىزىپسەن، ئۇنى پۈتۈن زېمىننىڭ بىردىنبىر خوجىسى قىلىۋاپسەن، گويا مۇنۇ تاغلارمۇ، مۇنۇ دەريامۇ ئاشۇ بىر دەرەختىن قورقۇپ شۈمشىيىپ كىچىكلەپ تارىيىپ كېتىپتۇ. ھەتتا ئۇيۇق سىزىقمۇ ئۇنىڭدىن ئەيمىنىپ ئارقىسىغا شوخشۇپ نېرىسىغا سۈرۈلۈپتۇ، بۇنى نېمىدەپ چۈشەندۈرىسەن؟ شۇ تەنھا دەرەخ شۇنچىلىك قۇدرەتلىكمۇ؟ ئۇ نېمە ئۈچۈن ئۆسىدۇ؟ ئۆزى، بىر يالغۇز ئۆزى ئۈچۈنمۇ ياكى تەبىئەتنى، مۇھىتنى، تاغ-دەريالارنى گۈزەل-لەشتۈرۈش، قويۇق ئورماننىڭ بىر ئەزاسى بولۇش ئۈچۈنمۇ؟...

ئۇ مېنىڭ مۈرەمنى مەنىلىك قىلىپ قىسىپ قويدى.

— ياخشىراق ئويلاپ باق، كېيىن بەربىر چۈشىنىپ قالىسەن، ئاغىنە...

ئۇ گېپىنى تۈگىتىپ ئالدىراپ كېتىپ قالدى.

مەن سۈرەتكە تىكىلىپ بىردەم ھاڭۋېقىپ تۇرغاندىن كېيىن، ئۇ رەسىمنىڭ رەڭ ۋە سىزىقلىرىنى ھېچ ئۆزگەرتمەيلا بوغلۇقۇمنىڭ باش تەرىپىگە يېپىشتۇرۇپ قويدۇم.

بۈگۈن مۇشۇ مەنىنى، مۇشۇ باھانى، مۇشۇ مۇلاھىزىنى بىر ئۆسمۈر بالىنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلىدىم، ئاتمىش ياشقا يېقىنلىشىپ قالغان بىر دىكتاتۇرا خادىمى بىلەن ئەمدىلا 12-13 ياشقا كىرگەن بىر سەبىي ئوقۇغۇچى بالىنىڭ تەپەككۇرىنىڭ خۇددى كېلىشىۋالغاندەك ئوخشاشلىقى مېنى ھاڭ-تاڭ قالدۇردى، بۇ يەردىكى ئوخشاشلىق زادى نېمە؟ ئۇ نەدىن كەلگەن؟

بۇ بىر خىل تەپەككۇر شەكلىنىڭ ئىككى ئادەم ئاغزىدىن شەرھىلىنىشى ئىدى. ئەجەبا بۇلارنىڭ ئوخشاشلىقىدا بىر خىل لوگىكىلىق باغلىنىش بولسا-ھە؟ لوگىكىلىق باغلىنىش بىر خىل مەۋجۇت قانۇنىيەت ۋە قانۇننىڭ بەلگىسىمۇ؟ ئۇنداقتا مەن تەسەۋۋۇر قىلغان ھايات، كىشىلىك جەمئىيەتتىن ئىبارەت بوشلۇقتا ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان بىر خىل قۇدرەتلىك كۈچ-قانۇنىيەت زادى مەۋجۇتمۇ؟ ئۇنداقتا ئۇ قانداقتۇر بوشلۇق بولماسلىقى كېرەكقۇ؟ ئۇنىڭدا تۈمەنمىڭ مەنىلەر بولۇشى كېرەكمۇ؟ بايىقى شۈمتەكىنىڭ ماڭا ئېيتقانلىرى ئەنە شۇ مەنىلەرنىڭ قايسى خىلى — سەمەرىسىمۇ ياكى ئەھمىيەتسىز، ئەرزىمەس، بىمەنىسىمۇ؟ ئۇنداقتا مېنىڭ كۈلرەڭ رەسىمىمدە ئىپادىلىنىۋاتقان پىكىرچۇ؟ ئۇ نېمە؟ ئۇ زادى نېمە؟ زادى...

مەن ئازابلىق تولغىنىپ ئاچچىق ئىڭرىۋەتتىم.

## بەشىنچى باب

بىر چاغدا كىمنىڭدۇر مېنى چاقىرىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ كۆزۈمنى ئاچتىم. ئىشىك قىيا ئېچىلغان، بوسۇغىنىڭ يېنىدا كۆپتەك سەمرىگەن بىر ئاق چوقۇر خوتۇن ماڭا قاراپ تۇرۇپتۇ، مەن خۇشياقماسلىق ئىچىدە ئورنۇمدىن تۇردۇم ۋە ئۇنىڭغا زورىغا سالام قىلدىم. مەن ئۇ ئايالنى قاچاندۇر كۆرگەندەك قىلىمەنۇ، لېكىن زادى نەدە كۆرگەنلىكىمنى ئەسلىيەلمىدىم. ئۇ ئايال كۈلۈپ تۇرۇپ بىر نېمىلەرنى دېدى. ئەيتاۋۇر مېنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىمنىڭ بىر خۇشاللىق ئىش بولغانلىقى، مەھەللىدىكىلەرنىڭ بولۇپمۇ ئۆزىنىڭ مېنى كۆپ سېغىنغانلىقىنى، بۇنىڭدىن كېيىن مەھەللە جامائىتى مېنى زادى تاشلىۋەتمەيدىغانلىقى ھەققىدە سۆزلىدى بولغاي، ئىشقىلىپ مەن ئۇ خوتۇننىڭ كۆيۈپ-پىشىپ جاۋىلداشلىرىدىن شۇنىڭغا ئوخشاشراق مەنىنى چۈشەندىم. ئۇ ئايال ئۆزىنىڭ ئىسمىنىڭ رەنا ئىكەنلىكىنىمۇ قوشۇپ قويدى. مەن شۇ چاغدىلا بۇ مۇشۇ مەھەللىنىڭ بۇدۇنىگە ئوخشاش «ۋىت-ۋىت» تىنىم تاپماس، نېمىشقىدۇر ھەممە ئادەم چوڭ ئاپىسىدەك چوڭ كۆرىدىغان مۇدىرى رەناخان ئىكەنلىكىنى ئەسلىدىم.

ئۇ خوتۇن ھەر كۈنى كەچتە ئاھالىلەر كومىتېتىدا ئىشسىز ياشلار ئۈچۈن ئىشقا ئورۇنلىشىش ئۇچۇرى يەتكۈزۈلىدىغانلىقىنى، مەھەللىدىكى ياشلار بىرلىشىپ كارخانا، ئەمگەك ئەترەتلىرى قۇرسىمۇ بولىدىغانلىقىنى، بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنى چۈشەندۈردى. مەن ئۈن چىقماي ئولتۇرۇپ ئۇ خوتۇننىڭ گىردە ناندەك قىپقىزىل دومباق مەڭزىدىكى چوقۇرلىرىنى ساناشقا باشلىدىم، ئوڭ مەڭزىدە جەمئىي 18 تال چوقۇر، ئۇنىڭ ئىچىدە چىلگە قوناق دېنىنى پاتۇرۇپ قويسا چۈشۈپ كەتمىگىدەك ئويمانچاقتىن يەتتىسى، كۆك ماش پاتۇرۇپ قويسا بولغىدەك چوقۇردىن ئون بىرى، سول تەرىپىدىكى مەڭزىدە بۇغداي ئۆگىسى چوقۇردىن 13 تال... لېكىن بۇ خوتۇننىڭ يۈزى نان ياقىدىغان رېپىدىدەك سېمىز بولغاچقا چوقۇرلىرى تېخى ياغلاپ قويغان ناننىڭ يۈزىدىكى چەككۈچ ئىزلىرىدەك ھەم سىلىق، ھەم پارقىراق ئىكەن... ئۇ خوتۇن يەنە بۈگۈن چۈشتىن كېيىن مەھەللىدىن ئۆتىدىغان يولدا تۇرۇبىسىنى ياتقۇزۇش ئەمگىكىگە مەھەللىدىكى جىمى ئادەمنىڭ قاتنىشىدىغانلىقى، بولۇپمۇ مەندەك قاۋۇل يىگىتنىڭ ئەلۋەتتە باشلامچى بولۇپ كۈچ چىقىرىپ ئۆزىنىڭ ئۆزگىرىپ چىققاندىن كېيىنكى يېڭىچە روھىي-قىياپىتىنى مەھەللىدىكىلەرگە نامايان قىلىپ قويۇشۇم لازىم ئىكەنلىكى توغرىسىدا سۆزلىدى. ئۇ يەنە ج خ ئىدارىسى مەھەللە كومىتېتىغا مېنىڭ قويۇپ بېرىلىدىغانلىقىمنى ئۇقتۇرغاندىن كېيىن مەھەللە كومىتېتى مۇزاكىرىلىشىپ، مېنى ئاھالىلەر كومىتېتى ئىگىدارچىلىقىدىكى رېشلىيە-گۈل بېسىش كارخانىسىغا چېرتيوژچى قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇشنى قارار قىلغانلىقىنى، ئەتە كومىتېتقا بېرىپ ئۆزۈمنى مەلۇم قىلىشىم كېرەكلىكىنى ئۇقتۇردى ۋە ئاخىرىدا:

— كاستىرولكا بوشىغان بولسا ئېلىپ چىقىپ كېتەي... بايا قولۇم-قوشنىلار پۇل يىغىش قىلىپ سىزگە تەييارلاپ قويۇشقان ئاۋۇ رەسىم سىزىدىغان نەرسە-كېرەكلەرنى سىزنىڭ ئالدىڭىزغا قويغاچ سىزنى يوقلاپ كىرىشكەنىدى. بىر تاتلىق ئۇخلاپ كېتىپسىز، ئويغىتىشقا قىيماي چىقىپ كېتىشتى... كەچقۇرۇن كىرىپ قالار، قورۇنىڭ تېمى ئۆرۈلۈپ كېتىپتۇ، قوشنىلار بۈگۈن كەچتە قولمۇ-قول قوپۇرۇۋەتمەكچى. مەھەللە كومىتېتى قورۇسىدىكى يېڭى خىشتىن ئازراق توشۇۋېلىڭ... كەچكىچە ھەممىسى تەق بولسۇن... — دەپ قوشۇپ قويدى ۋە يەنە نېمىلەرنىدۇر جېكىلەپ قويۇپ خۇش خۇي كۈلگىنىچە ئالدىراپ چىقىپ كەتتى.

مەن ئۇنىڭغا بىرەر ئېغىز گەپ قىلىشقا ئۈلگۈرمىدىم، نېمىدۇر دېگۈم كەلگەنىدى. بەش يىلدىن بېرى بىرىنچى قېتىم ئۆزلۈكمدىن باشقىلارغا ئېغىز يېرىپ گەپ قىلغۇم، نېمىلەرنىدۇر دېگۈم كەلگەنىدى، باشقىلار مەندىن زوۋان چىقىرالماي ئاۋارە ئىدى. لېكىن بوگۈن ئۆزۈمچىلا...

ئۆينىڭ دېرىزىسىدىن ئۆي ئىچىگە قۇياش نۇرى تۆكۈلدى. قۇياشنىڭ نۇرى 12 خىل رەڭدە تاۋلىناتتى — ئاق، سېرىق... بىغىررەڭ، كۆك، يېشىل، بىنەپشە، سۆسۈن، ھالرەڭ، قىزىل ۋە يەنە...

تال-تال نۇر يىپلىرى بىر-بىرى بىلەن گاھ رەڭلىك مەشۇت يىپ ئەشمىسىدەك، گاھ ئارقاندەك ئېشىلىپ كېتەتتى، گاھ كەسمە-كەسمە نۇر دەستىلىرى گويا قىر-قىناقلىرى ئىستانوكتا قىرىپ تەكشىلەنگەن مېتال تارشىلاردەك بىر-بىرىگە يېسىلىشىپ-چېپىسلىشىپ بىر خىل گېئومېتىرىك شەكىلگە كىرىپ جۇلالايتتى. بۇ نۇرلار بىر-بىرى بىلەن نۇر يىپلىرى بولۇپ چىرماشقاندا ئاشۇ نۇر ئەشمىسىدىن يىپەكتەك يۇمشاق، مەخمەلدەك سىلىق، ئالتۇندەك ئىسسىق، قۇم ئۆركەشلىرىدەك دولقۇنلۇق ئاھاڭ ياڭرىسا، ھېلىقى مېتالدىن پۈتكەن گېئومېتىرىك شەكىلگە كىرگەندە ئۇنىڭدىن يۈرەكنى تىترەتكىدەك جاراڭلىق، ياڭراق، سۈزۈك، جەزبىلىك، نەمخۇش، ئارامبەخش، سالقىن سادا كېلەتتى.

تېنىم ئوتتەك قىزىپ كەتكەنىدى. تۇرۇپلا سالقىنلىغاندەك بولدۇم، بىردىنلا يەنە قىزىشقا باشلىدىم. مېنىڭ ئالىقاچان سۇيۇلۇپ كەتكەن مېڭەم يۇلۇنلىقى دەسلەپتە بىر-بىرلەپ، كېيىنكا، ھۇجەيرىلەرنى بىرلىك قىلىپ قىمىرلاپ ھەرىكەت قىلىشقا باشلىدى، بۇ ھەرىكەتلەر خېلى ئۇزۇن داۋام قىلغاندىن كېيىن مېڭە يۇلۇنلۇقى قويۇلۇپ، توگۇر-توگۇر بولۇپ ئۇيۇشۇپ بەئەينى شاكىلدىن پۈتۈن پىتى ئاجرىتىلغان ياڭاق مېغىزىنىڭ كۆرۈنۈشىگە كىردى ۋە ۋولقان پارتلاشتىن ئىلگىرىكى ماگما قاينىمىدەك بىردىنلا جانلىنىپ كەتتى، مېڭەمنىڭ پۈتۈن قىسمى شۇ تاپتا تاڭشۇرۇلغان ئاتتەك چاپچىپ تېزگىن سىيرىپ تۇراتتى. مېڭە يۇلۇنلۇقىنى قاپلىغان قىلدەك ئىنچىكە، تارام-تارام قان تومۇرلار ۋە يۇلۇنلۇقنى ئوراپ تۇرغان يۇپقا پەردە گاھ كۆپىيىپ، گاھ لېپىلدايتتى. ياڭاق مېغىزىنىڭ ئۇيۇرلىرى قېلىنلىق - ئېرىقچىلار بىلەن ئايرىلىپ تۇرغاندەك مېڭە ئۇيۇرمىسى ئۆزئارا ئايرىلىپ تۇرغان ئېرىقچىلاردا بىر ئېقىن جۇش ئۇرۇشقا باشلىدى. ئەسلىدە مېنىڭ مېڭە يۇلۇنلۇقۇم سۇيۇلۇشقا باشلىغاندىن ئېتىبارەن ئۇ كۆلرەڭ تۈس ئالغانىدى. شۇڭا ئۇنىڭ جىمى ئىقتىدارى كۆلرەڭسىمان ئىدى. مەن مېڭە يۇلۇنلۇقۇم سۇيۇق ھالدىن ئۇيۇرلىشىشقا باشلىغان مىنۇتتىن باشلاپ ھېلىقى كۆلرەڭنىڭ ئۈستىنى قېلىن، ئېلاستىكىلىقى كۈچلۈك، زىچلىق دەرىجىسى خېلى يۇقىرى بولغان ئاق-ساغۇچ رەڭ قاپلاشقا باشلىغانلىقىنى، ئاندىن كېيىن بۇ ئاق-ساغۇچ رەڭنىڭ ئۈستىنى ناھايىتى تېزلىكتە بىر يېشىل رەڭ قاپلاۋاتقانلىقىنى ناھايىتى ئوچۇق سېزىشكە باشلىدىم. بۇ يېشىل رەڭنىڭ زىچلىق دەرىجىسى بايىقى ئاق ساغۇچ رەڭدىنمۇ يۇقىرى، ئىنتايىن قاتتىق، تولىمۇ ئېغىر، ۋەزىنلىك ئىدى. بايىقى ھەرىكەتلەر مۇشۇ ئۈچ رەڭنىڭ بىر-بىرىنى بېسىش، بىر-بىرىنى قاپلاش جەريانىدىكى ئېلىشىش ئىدى — كۆلرەڭ يۇقىرىغا قاراپ تىركىشەتتى، ئاق-ساغۇچ رەڭ كۆلرەڭنىڭ يېيىلىشىغا ۋە شىددەت بىلەن يۇقىرىغا تېپىشىگە يول قويماي ئۇنى پۈتۈن كۈچى بىلەن بېسىۋالغانىدى. ھېلىقى يېشىل رەڭ بولسا دەسلەپتە بايىقى ئاق-ساغۇچ رەڭ بىلەن بىرلىشىۋالدى، ئاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ پۈتۈن ئىقتىدارىنى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە جورۇپ ئاق-ساغۇچ رەڭنىڭ ئۈستىدىن پۈتۈن ئېغىرلىقى بىلەن بېسىۋالدى، يېشىل

رەڭگىنىڭ ئاخىرقى جاسارىتى بايىقى كۆلرەڭگىنى هالىدىن كەتكۈزدى. كۆلرەڭ تىركىشىشتىن توختىدى. مېڭە يۇلۇنلۇقىنىڭ سىرتىدىكى ئۇششاق تومۇرلار، چاچتەك چىچىلغان تالاچىلار ۋە ئۇنى ئوراپ تۇرغان يۇپقا پەردە ياپيېشىل رەڭ بىلەن تاۋلىنىشقا باشلىدى، بايا بىر ئىسسىق ئېقىن جۇش ئۇرغان مېڭە ئۇيۇرمىسى ئارىلىقىدىكى ئېرىقچىلاردا ئەمدى سالقىن، نەمخۇش كۆك-يېشىل نۇر كۆۋەجەپ ئېقىشقا باشلىدى. مەن مېڭەمنىڭ گاھ سول تەرىپىنىڭ، گاھ ئوڭ تەرىپىنىڭ نۆۋەت بىلەن قىزىپ-سالقىن-لاپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى ۋە بۇ نۆۋەت ئالمىشىش ۋاقتىنىڭ بارغانسېرى قىسقىراپ بېرىۋاتقانلىقىنى سەزمەكتە ئىدىم. ئەمدى مۇشۇ ئالمىششلار مېنىڭ جىمىكى تۇيغۇلىرىمنى، ئەسلىمە، خاتىرە، تەپەككۇر، ئانالىز، ھۆكۈم، تەھلىل، خۇلاسە... قاتارلىق پسىخىك ئىقتىدارىمنى بىر-بىرىگە زەربە بىلەن سوقۇشتۇرۇپ ۋۇجۇدۇمدا بىر ئازابلىق ئاغرىق ۋە كۈچ پەيدا قىلدى. مەن ئاخىرى ياتقان ئورنۇمدىن يۇلقۇنۇپ قوپتۇم-دە، ئىشىكتىن تالاغا ئوقتەك ئېتىلىپ چىقتىم.

ھاۋا ياخشى ئىدى، ئاسمان كۆك، قۇياش سېرىق، دەل-دەرەخلەر ياپيېشىل... مەن ئۆزۈمدىن بۇيان ھاۋاغا، ئاسمانغا، كۈنگە بۇ قەدەر قىزىقىش بىلەن سەپسالمىغان ئىكەنمەن. شۇ تاپتا مەن ھېلقى كەپتەرۋاز بالىچىلىك چېغىمدىكى ئۆزۈمگە قايتقاندەك ئىدىم.

## ئالتىنچى باب

ئۇ چاغلاردا... شوخ ئىدىم، خۇش خۇي ئىدىم، مەكتەپتە ئوقۇيتتۇم، ئۆز دادامۇ بار ئىدى. ئاپامۇ خېلىلا ياش ئىدى، مەن ئۇلارنىڭ ئالقىنىدىكى بىر تال مونچاق ئىدىم. بىر تال بالا، يەنە كېلىپ ئوغۇل بولغىنىم ئۈچۈن دادام بىلەن ئاپام مېنى ئۆزلىرىگە جان، ھاۋا، ئوزۇق، كۆز ۋە سۇ دەپ بىلەتتى... ئۇلار مەنىسىز ياشىيالمايتتى.

دادام كېلىشكەن، خۇش خۇي، كۈچلۈك ھەم ئەقىللىق ئىدى. دۇنيادىكى جىمى دادىلارنىڭ ئىچىدە مېنىڭ دادام بىرلا ئىدى. بۇنداق دادىدىن يەنە بىرسى يوق ئىدى. بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇ چاغدا نېمىشقا ئويلىمىغان ئىدىمكىن؟ دۇنيادا بەخت دەيدىغان بىرنەرسە بار ئىكەندۇق، بۇ نەرسە پەقەت شۇ چاغدا بار ئىكەندۇق ۋە پەقەت بىزنىڭ ئائىلىدىلا بار ئىكەندۇق، بۇ بەخت ماڭا، ياق، بىزنىڭ ئاشۇ ئائىلىمىزگە نېمە بېرەتتى؟ كۈلكە بېرەتتى. پەقەت شۇ! نېمىدې-گەن قىزىق-ھە! شۇنداق، ئاجايىپ تاتلىق كۈلكە بېرەتتى. دادام ئىشتىن قايتقاندا ئىشىكتىن كۈلۈمسىرەپ كىرىپ كېلەتتى. ئاپام دادامنىڭ ئالدىغا كۈلۈپ چىقاتتى. مەنمۇ دادامنىڭ بوينىغا ئېسىلىپ ۋىلىق-ۋىلىق كۈلەتتىم... يۈرىكىمدە كۈلەتتىم، راستتىنلا يۈرىكىمدە! مەن رەسىم سىزىشنى شۇ چاغلاردىلا ياخشى كۆرەتتىم، دادام بىلەن ئاپام مەن سىزغان رەسىملەرنى ماختايتتى. يەنە ئۆزى مۇئەللىم بولۇشقا قارىماي كىچىككىنە قىز پېتى قالغان رەسىم مۇئەللىممىزنىمۇ ماختايتتى. بىر قېتىم ئاشۇ مۇئەللىمنى قولىدىكى مۇز كالتەك ئېرىپ كەتسە يىغلاپ كېتەتكەن بىر كىچىك قىز بالا قىلىپ سىزغانىدىم. ئۇ قىزنىڭ ماڭقىسىمۇ ئېقىپ قالغانىدى، تېخى. بۇ رەسىمگە «بىزنىڭ مۇئەللىم» دەپ ئات قويۇۋىدىم. دادام كۆرۈپ كۈلۈپ كەتتى. ئاپام بەك خۇشال بولۇپ كۈلكىدىن ئۆزىنى توختىتالماي تېلىقىپ قالدى. ئاپام مېنىڭ ئۇ رەسىمنى شۇنچە ئوخشىتىپ سىزغىنىمغا خۇشال بولغانىدى، يەنە... يەنە ئاشۇ مۇئەللىممىنى زاڭلىق قىلىپ سىزغىنىم ئۈچۈنمۇ خۇشال بولغان بولسا كېرەك. مەن شۇنداق ئويلاپ قالدىم، ھەرقان-داق بىر چىرايلىق ئايالنى باشقىلار مازاق قىلسا، ئۇنىڭ يامان تەرىپىنى قىلسا، دۇنيادىكى

جىمى چىرايلىق ئاياللار خۇشال بولىدىكەن. بۇنى مەن شۇ چاغلاردىلا بىلىپ قالغانىدىم. ئاپاممۇ شۇنىڭ ئۈچۈن خۇشال بولۇپ كەتتىغۇ-تايىن، چۈنكى ئاپاممۇ بەك چىرايلىق ئىدى. دۇنيادىكى ھەممە چىرايلىق ئاياللاردەك ئۆزىدىن بۆلەك باشقا چىرايلىق ئاياللارغا ئۆچ ئىدى... كېيىن... كېيىن بىز، ئاپام بىلەن ئىككىمىز كۈلمەيدىغان بولدۇق. دادام ئۇشتۇمتۇت ئۆلۈپ كەتتى. ماشىنا سوقۇۋەتتى دېيىشتى... ئاپام ئايلىنىپ يىقىلدى. ھوشسىز ئىككى كۈن ياتتى. مەن... مەن ھېچنەرسىنى كۆرمەس، ھېچنەرسىنى سەزمەس، ھېچنەرسىنى ئويلىيالماس بولۇپ قالدىم. ئۆلۈۋالغۇم كەلدى، لېكىن قانداق ئۆلۈشنى بىلمەيتتىم. كېتىۋاتقان ماشىنىنىڭ ئاستىغا ئۆزۈمنى ئاتماقچى بولاتتىم، لېكىن قورقۇپ يېقىن بارالمايتتىم... كېيىن بىز ھەر كۈنى يىغلايدىغان بولدۇق. ئاپام ماڭا بىلىندۇرمەسلىككە تىرىشاتتى. كۆپىنچىسى كېچىلىرى يىغلايتتى، يىغلاپ تاڭ ئاتقۇزاتتى. مەن بەزى كېچىلىرى ئويغىنىپ كېتىپ، ئاپامنىڭ دادامنىڭ رەسىمىنى قولىغا ئېلىۋېلىپ يىغلاپ ئولتۇرغىنىنى كۆرەتتىم. كۆپ ھاللاردا مەن قاتتىق ئۇخلاپ كېتەتتىم. لېكىن ئەتىسى ئاپامنىڭ چىرايىغا قاراپلا ئاپامنىڭ يەنە كېچىچە يىغلاپ چىققانلىقىنى بىلىۋالاتتىم... مەنمۇ يىغلايتتىم، مەن بەزىدە كەچلىك تاماق ۋاقتىدا يىغلايتتىم، بەزىدە ئۆيدىن چىقىپ مەكتەپكە يالغۇز كېتىۋېتىپ يىغلايتتىم. مەكتەپتىن قويۇۋەتكەندە مەكتەپنىڭ ئارقىسىدىكى چىملىققا بېرىپ ئولتۇرۇپ، ئايىغىمنىڭ ئۇچىغا قاراپ ئولتۇرۇپ يىغلايتتىم. ئۇزۇنغىچە يىغلايتتىم. يۈرىكىم يىغلايتتى. راستىنلا يۈرىكىم يىغلايتتى. مەن يۈرىكىمنىڭ يىغلاۋاتقىنىنى سېزەتتىم، يۈرىكىمنىڭ يىغلىغان ئاۋازىنى ئاڭلايتتىم. يۈرىكىم «دادا، دادا... جېنىم دادا...!» دەپ ۋارقىراپ، ئىسەدەپ، ئۆكسۈپ يىغلايتتى. مەن يۈرىكىمنىڭ يىغلاۋاتقىنىنى، يۈرىكىمنىڭ يىغلىغان چېغىدىكى ئاۋازىنى باللار ئاڭلاپ قالمىسۇن دەپ ئۇلار بىلەن بىللە ماڭمايدىغان، ئۇلار بىلەن ئوينىمايدىغان بولدۇم، مەن يۈرىكىمنىڭ ئاۋازىنى باشقىلارنىڭ ئاڭلاپ قېلىشىنى خالىمايتتىم. چۈنكى ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭلا دادىسى بار ئىدى. دادىسى بار باللار مېنىڭ يۈرىكىمنىڭ يىغلاۋاتقان چېغىدىكى ئاۋازىنى ئاڭلاش ھوقۇقى بولماسلىقى كېرەك... چۈنكى، دادام پەقەت مېنىڭلا دادام... ھېچكىمنىڭ دادىسىغا ئوخشىمايدىغان دادا. دادام توغرىسىدا پەقەت مېنىڭ يۈرىكىمنىڭلا «دادا!» دەپ يىغلاش ھوقۇقى بار... مەن يالغۇز قوزىدەك يەككە-يېگانە يۈرەتتىم. مەن ئىلگىرىكىدەك توۋلىمايتتىم، يۈگۈرمەيتتىم، سەكرىمەيتتىم. ئۇنداق قىلسام يۈرىكىمنىڭ «دادا» دېگەن ئاۋازىنى ئاڭلىيالماي قالاتتىم... مەن يۈرىكىم بىلەن مۇڭدىشاتتىم، ئۇنى تىڭشايتتىم، ئۇنىڭغا سۆزلەيتتىم، ئۇنىڭغا يىغلايتتىم. چىملىقتا يىغلاپ ئولتۇرغىنىمدا ئايىغىمنىڭ ئۇچى كۆز يېشىم، شۆلگىيىم ۋە ماڭقام بىلەن ھۆل بولۇپ كېتەتتى...

مەن تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپكە چىققان يىلى بىز ئىلگىرى ئولتۇرغان ئۆيىمىزنى تاشلاپ، شەھەرنىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى بىر مەھەللىگە كۆچۈپ باردۇق. بۇ ئۆي ئىسىل جاھازىلانغان بىنا ئۆي ئىدى. نېمىشقىدۇر بۇ ئۆيدە مەن تونۇمايدىغان، بىلمەيدىغان ئادەملەر بىلەن بىللە تۇرىدىغان بولدۇق. ئۇلار كىنولاردا كۆرگەن سۇ كالىسىدەك ھەم يوغان، ھەم سېمىز بىر ئادەم بىلەن ئۇنىڭ مەندىن كىچىكرەك ئىككى قىزى ئىدى.

ئاپام «بۇ كىشىنى دادام دە!» دېدى. مەن ھېچنەرسىنى چۈشەنمەي ئاپامغا چەكچىيىپ قاراپ قالدىم. مەن قارىغانسېرى ئاپام مېنىڭ كۆزۈمگە مەن زادىلا كۆرۈپ باقمىغان بىر ناتونۇش خوتۇن بولۇپ كۆرۈنۈۋاتاتتى. ئۇنىڭ چىرايىدا مەن ئىلگىرى كۆرۈپ

ئۆگەنگەن يېقىملىق، ئىسسىقلىق، چىرايلىقلىق يوق ئىدى. ئۇ ھازىر پەقەت ماڭا يوچۇن بىر خوتۇنلا ئىدى خالاس. مېنىڭ كۆڭلۈم بىر قىسما بولدى. كۆزۈم لىققىدە تولغان ياشتىن غۇۋالاشتى. بۇ غۇۋالىق ئىچىدە بۇ خوتۇن مېنىڭ كۆزۈمگە بىردىنلا ئىنتايىن سەت، مەينەت، رەھىمسىز، سوغنەپەز، ئاچكۆز، شاللاق بىر خوتۇن سىياقىدا كۆرۈندى.

مەن ئۇ ئادەمنى «دادا» دېمىدىم. بىرھازاغىچە ئاپامغا چەكچىيىپ ئۇندىمەي جىم تۇرۇۋالدىم. كېيىن كۆزۈمدە ئېغىرلاپ قالغان ياشنىڭ دومىلاپ چۈشۈپ كېتىشىدىن قورقۇپ تالاغا ئۇچقاندەك ئېتىلىپ چىقتىم. شۇنداقتىمۇ كۆزۈمدىكى ياشلار ئاخىرى يىپى ئۈزۈلگەن مارجاندەك تارىملاپ تۆكۈلۈپ چۈشتى.

ئەسلىدە ئاپام ئۇ كىشىگە ياتلىق بولغاندەكەن... ياتلىق بولدى دېگىنى بىر يات ئادەمگە تەگدى دېگىنى ئىكەن. ئاپام بۇ يات ئادەمگە نېمىشقا تېگىدۇ؟ بۇنى زادىلا ئويلاپ يېتەلمىدىم. دادام ئۆلۈپ كەتكىلى تۆت يىل بولغانىدى. مېنىڭ خىيالىمچە ئاپام مەڭگۈگە دادامنىڭ ئىدى. شۇنداق بولغىنى ئۈچۈنلا، مەڭگۈگە دادامنىڭ بولغىنى ئۈچۈنلا ئۇ مېنىڭ ئاپام ئىدى. مەن ئۇنى دادامنى ياخشى كۆرگەندەك ياخشى كۆرەتتىم. ئەمدىچۇ؟ ئۇ دادامنىڭ بولماي قالدى. قانداقتۇر بىر يات ئادەمنىڭ بولۇپ قالدى. يەنە تېخى ئۇ ئادەمنىڭ ئاۋۇ ئىككى سېرىق، چېقىركۆز قىزلىرىنىمۇ «بالام» دەۋاتىدۇ...

مەن يان كوچىنىڭ ئايغىدىكى تار قارىياغاچلىققا يۈگۈرۈپ باردىم-دە، ئۆزۈمنى كۆكات ئۈستىگە تاشلاپ، يۈزۈمنى نەم ۋە ئىسسىق كۆكاتقا ياققىنىمچە ياتتىم. مېڭەمنىڭ ئىچى بوش ئىدى. يۈرىكىمنىڭ ئىچىمۇ بوش ئىدى. مەن قانداقتۇر بىر بوشلۇقتا لەيلەپ قالغاندىم. يەككە-يىگانە ھالدا لەيلەپ قالغاندىم. ئۇ يەردە ئۆزۈمدىن بۆلەك ھېچنەرسە يوق، دادام يوق، ئاپام يوق، كۆلكە يوق، ئەركىلەش يوق، سېغىنىش يوق، ئىنتىلىش يوق، تەلپۈنۈش يوق، تارتىشىش يوق، ھەممىسى يوق، ھەممىسى... ھەتتا بۇگۈنمۇ يوق، ئەتە تېخىمۇ يوق... مەن پەقەت شۇ چاغدىلا ئۆزۈمنىڭ دادامدىنلا ئەمەس، دادامنىڭ ئۆلۈمى بىلەن تەڭلا ئاپامدىن ئايرىلىپ قالغانلىقىمنى، ھەممىدىن، ھەممىدىن ئايرىلىپ قالغانلىقىمنى چۈشەندىم! نېمىشقا شۇنداق بولىدۇ؟ باشقا بالىلارنىڭ ئاپىسىلا ئەمەس، دادىسىمۇ بارغۇ؟! ئەمدى مېنىڭ ھېچكىمىم يوق، ئەسلىدىلا... ياق، دادام ئۆلۈپ كېتىپ ئىككى يىلدىن كېيىنلا ئاپام مەندىن ئايرىلىپ بولغانىكەن.

— پەررۇخ، جېنىم بالام، بىز... بىز... بىر ئامال قىلمىساق بولمىدى، مەن ئىشلەيدىغان كارخانا تاقالدى، مائاش بېرەلمەيدىكەن... ئەمدى بىزگە تەس بولىدىغان ئوخشايدۇ. خىزمەت تاپالمىدىم. قوشنىلارمۇ تىككۈزىدىغان كىيىملىرىنى شاڭخەيلىك، جېجياڭلىق ئۇستىلارغا تىككۈزىدىغان بولۇۋالدى... مەن... مەن... ئاخىرى ياق، بىز، بىز ئاخىرى بۇ يەردىن باشقا بىرسىنىڭكىگە كۆچىدىغان بولدۇق، سەن چوڭ بولدۇڭ، ئۇ يەرگە كۆنۈپ قالىسەن، كۆنمەيمۇ ئامالىمىز يوق، ئۇ كىشى بىر يىلدىن بۇيان ئادەم قويۇپ كېلىۋاتىدۇ، لېكىن مەن «ياق» دېگەنىدىم. مەن داداڭنى ئويلىدىم، مۇھىمى سېنى ئويلىدىم. شۇڭا «ياق» دېگەنىدىم، ئەمدى قارىسام... نەرسە-كېرەك-لەر-بارغانسېرى قىممەتلەپ كېتىۋاتىدۇ... ئۇنىڭ ئۈستىگە سەن ئوقۇۋشۇڭ كېرەك، سېنى داشۆگىچە ئوقۇتۇش ئۈچۈن نۇرغۇن پۇل كېرەك بولىدۇ. لېكىن ئۇ پۇل بىزدە يوق، شۇڭا... ئۇ ئادەم... ئۇ ئادەم سېنىڭ پۈتۈن تەمىناتىڭغا ئىگە بولىدۇ. خېلى ياخشى ئادەم دېيىشىدۇ. مائاشى بەك يۇقىرىمىش، باشلىق ئىكەن. شۇنداق بولغاندا سېنىڭ كېيىنكى ئىشلىرىڭنىمۇ

ئوڭۇشلۇق بولدۇ... قانداق قىلىمىز... مۇشۇنداق تەتۈر پېشانە ئىكەنمىز، داداڭ... بولغان بولسا بىز، مەن بۇ كۈنگە قالماس ئىدۇق. داداڭ پۇل تېپىپ بىزنى باقاتتى!

مەن ئەقلىمنى بىلسەم ئاپام بۇنچىلىك كۆپ گەپ قىلىپ باقمىغانىدى. بولۇپمۇ ماڭا ئۇ ئىلگىرىكىدەك مېنى قۇچىقىغا ئېلىپ، بېشىمنى سىلاپ تۇرۇپ ئەمەس، ئەكسىچە مېنى ئۆزىنىڭ قارشىسىغا ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ بېشىنى سالغىنىچە سۆزلەيتتى، سۆزلەۋېتىپ يىغلايتتى. ئۇ زادىلا بېشىنى كۆتۈرمىدى. مېنىڭ يۈزۈمگە، مېنىڭ كۆزۈمگە قارىمىدى. ئۈستەلدىكى ئاق داستىخان ئۇنىڭ يېشىدىن ھۆل بولدى. ئۇنىڭ يېقىندىن بۇيان بەكلا ياداپ كەتكىنى ئۈچۈن كۈنسېرى ئۆچلىنىپ چىقىپ قېلىۋاتقان مۈرىسى تىترەيتتى. ئۇنىڭ قۇلاقلىرىدىكى ئالتۇن ھالقىلار، بويىنىدىكى ئالتۇن زەنجىر كۆرۈنمەيتتى. ئۇلار قېنىكىنە؟ ئۇلارنى دادام ئېلىپ بەرگەنىدى. مەن دائىم ئاپامنىڭ قۇچىقىغا چىقىۋېلىپ ئۇنىڭغا مەھكەم چاپلاشقىنىمچە ئاشۇ ھالقىلىرىنى، ئالتۇن زەنجىرىنى ئوينايتتىم. چۈنكى ئۇنى دادام ئېلىپ بەرگەنىدى. ئەمدى ئۇلار كۆرۈنمەيتتى. شۇ چاغدا كۆڭلۈم نېمىنىدۇر تۇيغاندەك قىلدى. ئىچىمگە بىر خىل غەشلىك تولدى. بۇ غەشلىكنىڭ سەۋەبى نېمە ئىكەنلىكىنى ئۆزۈممۇ بىلمەيتتىم. چۈنكى مەن ئاپامنىڭ ماڭا دەۋاتقان گەپلىرىنىڭ، شۇنچە جىق گەپلىرىنىڭ مەنىسىنى زادىلا چۈشەنمەيۋاتاتتىم. لېكىن كۆڭلۈم ئەسكى بولۇپ بوغۇزۇم يېپىشقىلى تۇردى. مەن ئۈنچىقماي ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىپ كەتتىم ۋە دادامنىڭ سۈرىتىنى يۈزۈمگە يېقىپ يىغلىدىم. بىر چاغدا قارىسام ئاپام ئىشىكتە بۇقۇلداپ يىغلىغىنىچە ماڭا قاراپ تۇرۇپتۇ. ئۇ بىركەمدە ئېتىلىپ كەلدى-دە، مېنى باغرىغا بېسىپ تېخىمۇ ئېسەدەپ يىغلاپ كەتتى.

— يىغلىما قوزام، بولدى يۈرىكىمنى ئەزمە!

بىز ھېچنەگە كۆچمەيمىز، بىز قانداقتۇر يات ئادەملەرنىڭ ئۆيىگە بارمايمىز، داداڭ تۇتۇپ بەرگەن بۇ ئۆيدىن زادىلا ئايرىلمايمىز! نېمىلا بولساق مەيلى... بېشىمىزغا كەلگىنىنى كۆرەيلى، يىغلىما ساقام، خۇش بولۇپ كېتەي، ئەمدى يىغلىما...

ئاپام شۇنداق دېگەنسېرى مەن تېخىمۇ بەك يىغلاپ كەتتىم. يىغلىماي دېسەممۇ ئۆزۈمنى توختىتالمىدىم. بۇ يىغا تۈگىمەيدىغاندەك قىلاتتى... ئاخىرى ئاپامنى مەھكەم قۇچاقلىغىنىمچە ئۇخلاپ قاپتىمەن.

لېكىن ئاپام «قىلمايمەن» دېگىنىنى ئىككى يىلدىن كېيىن قىلدى. ئۇ مېنى ئالدىغان ئىكەن... ئاخىرى بىز بۇ يەرگە كۆچۈپ كەلدۇق. ھېلىقى ئادەم ماڭا «دادا» بولدى!

شۇ كۈندىن باشلاپ مېنىڭ ئاپام بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىم ئۆزگىرىپ كەتتى. ياق، ئاپام بىلەنلا ئەمەس، ھەممىسى بىلەن — مۇئەللىم، ساۋاقداشلىرىم، كوچا-كوي، مەھەللە، ئاسمان، باغلار، ئەتراپىمدىكى ئادەملەر بىلەن ھەتتا ئۆزۈم بىلەن... بولغان مۇناسىۋىتىم كەسكىن ئۆزگەردى. مەن ئۇلاردىن نەپرەتلىنىدىغان، ئۇلاردىن قاچىدىغان، ئۇلارنى ئۆچ كۆرىدىغان بولۇپ قالدىم. راست، ئۇلار مېنى تاشلىۋەتكەنىدى. مەن ھېچكىمنى يوقسىنمايتتىم، ھېچكىم مېنى يوقسىنمايتتى. ھەممىلا نەرسە، ھەتتا ئاشۇ ئاپاممۇ مېنىڭ قارشى تەرىپىمدە ئىدى. مەن ئۇلارنىڭ قارشىسىدا ئىدىم. ئۇلارنىڭ ھەممىسى مەن ئۈچۈن ئايرىم بىر بارلىق، مەن ئۇلار ئۈچۈن يەنە بىر ئايرىم بىر بارلىق ئىدىم. مېنىڭ ئۇلار بىلەن ھېچقانداق ئالاقەم، ئورتاقلىقىم، باغلىنىشىم يوق ئىدى...

لېكىن ماڭا پاناھ بولىدىغان بىر ماكان كېرەك ئىدى. مەن ئاشۇ «ئۆي» دەپ ئاتالغان يېڭى دوزاختا يەنە بېرىشىم، ئاشۇ يەردە ئۇخلىشىم، تاماق يېيىشىم كېرەك ئىدى.

لېكىن بۇلارنىڭ ھەممىسى مەن ئۈچۈن تولىمۇ ئازابلىق بىر جەريان ئىدى. ئۇ ئۆينىڭ ھەممە نېمىسى ماڭا سەت كۆرۈنەتتى. ئاپام، ھېلىقى ئادەم، ئۇنىڭ قىزلىرى، ھەتتا ئۇ ئۆينىڭ ئىشىكلىرى، دېرىزىلىرى، دىۋان-سافالىرى، تامدىكى گىلەم، ھېلىقى ئادەمنىڭ ئالىي دەرىجىلىك رەسىم ئاپپاراتى، تېلېۋىزور، تېلېفون، گۈل لوڭقىلىرى، جاك-تەشتەكلەردىكى گۈللەر، ھەتتا باسسا مۇزىكا چىقىرىدىغان كۈلدان... ھەممە، ھەممىسى شۈنچىلىك يات ۋە سەت كۆرۈنەتتى. مېنىڭ ئۇلارنى بىنچىت قىلىۋەتكۈم، ئۇلارغا ئوت قويىۋەتكۈم كېلەتتى. بولۇپمۇ ئاپامنى مەندىن تارتىۋالغان، ياق، دادامدىن تارتىۋالغان ھېلىقى «سۇ كالىسى» نى بوغۇپ ئۆلتۈرۈۋەتكۈم كېلەتتى. ئۇنىڭ تەرىگە قارىغۇم يوق ئىدى. ئۇنىڭ دەسلەپكى كۈنلىرى ماڭا قىلغان خۇشامىتى (ياق، ماڭا ئەمەس، ئىش يۈزىدە ئاپامغا قىلىۋاتقان خۇشامىتى) مېنى سەسكەندۈرۈۋەتتى. ئۇنىڭ يالغان كۈلكىسى، يالغان ئەركىلىتىشى، يالغان ماختىشى مېنى ئىچ-ئىچىمدىن يىرگەندۈرەتتى. ئۇنىڭ ئۆينىڭ ئىچىدە ئۆردەكتەك ئىغىناپ سەت مېڭىشلىرى، تونۇردەك يوغان قورسىقىنى سىلاپ ئولتۇرۇپ تېلېۋىزور كۆرۈشلىرى، ئەركەك غازدەك غاقىلداپ كۈلۈشلىرى، ئىشقا مېڭىشتىن بۇرۇن خوتۇن كىشىدەك ئۆزۈندىن ئۆزۈنغا پەرداز قىلىشلىرى، مېنىڭ كۆزۈمچىلا ئاپامغا قىلىدىغان ھاياسىزلىقلىرى، يوغانلا بولۇپ قالغان قىزلىرىنىڭ ساغرىسىنى سىلاپ، شاپىلاقلاپ ئەركىلىتىشلىرى، ئۆز شوپۇرىدىن خوددى چوڭ داداسىدىن ئەيمەنگەندەك ئەيمىنىشلىرى، بىرەر ئىش ھەل قىلىش ئۈچۈن ئەرز-ھال ئېيتىپ كەلگەن ئادەملەرنىڭ ئالدىدىكى كۆرەڭلىكى، يوغانچىلىقى، بۇنداق چاغدا سوۋغا-سالام بىلەن كەلمىگەن ياكى سوۋغىنى ئازراق بولۇپ قالغانلارنى قوپاللىق بىلەن يولغا سېلىشلىرى ۋە ئارقىسىدىنلا ئاغزىنى بۇزۇپ تىللاشلىرى، ئۆينىڭ تورۇسىنى تىترىتىپ سەت كېكىرىشلىرى، ئۆزىدىن دەرىجىسى چوڭراق باشلىقلار ئۆيگە كېلىپ قالسا بۇزۇق خوتۇندەك ئەركىلەپ-غىلجىڭلاپ كېتىشلىرى... ئىشقىلىپ، ھەممە-ھەممىلا نېمىسى مېنىڭ قۇسقۇمنى كەلتۈرەتتى. مەن بارغانسېرى بۇ ئادەمنى «ئادەم ئەمەس، تۇرغان-پۈتكىنى ھايۋان ئىكەن» دېگەن قارىشىمغا ئىشىنىدىغان بولۇپ قېلىۋاتاتتىم.

كۈنلەر ئۆتكەنسېرى ئۇ مېنىڭ ئۆزىنى نەقەدەر يامان كۆرىدىغانلىقىمنى سېزىپ قالدى. چۈنكى مەن ئۆزۈمنىڭ ئۇنىڭغا بولغان نەپرىتىمنى يوشۇرۇپ ئولتۇرمايتتىم. نېمىشقا يوشۇرغىدەكمەن؟ ئاپامنى تارتىۋالغىنى، ئاشۇ دادام تۇتۇپ بەرگەن كىچىك ۋە نامرات بولسىمۇ دادامنىڭ ئىسسىق يۈزىنى ھەر مىنۇت كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرۈپ تۇرىدىغان ئۆيىمىزنى بۇزغىنى ئۈچۈنمۇ؟!

## يەتتىنچى باب

بىر كۈنى ئۇنىڭ ئاپامغا:

— بۇ پەررۇخ دېگەن شۇمتەكنىڭ نېمانچە پەيلى يامان؟ قاقتەك تۇرۇپ قاپقىنىڭ زىبىي بار بىرنېمىكىنا ئۇ؟ ماڭا خۇددى قاۋانغا چەكچەيگەندەك چەكچىيىدۇ! ئاش-نان بېرىپ باققىنىم ئۈچۈن، ئادەم بولۇپ قالسۇن دەپ مەكتەپتە ئوقۇتقىنىم ئۈچۈن شۇنداق قىلامدۇ؟... — دېگىنىنى ئاڭلاپ قالدىم. بىر تۇرۇپ خۇشال بولدۇم، خۇشال بولغىنىم، مېنىڭ ئۆزىنى قاۋاندەك كۆرىدىغانلىقىمنى ئۇنىڭ سەزگىنى ئىدى. لېكىن يەنە بىر تۇرۇپ غەزەپلەندىم. چۈنكى ئۇ ئاپامغا زورلۇق قىلىپ ئۇنى ئازابلاۋاتاتتى. مەن قولۇمغا پول سۇرتىدىغان سۇرتكۈچنى ئېلىپ ئۇلار سۆزلىشىۋاتقان ھۇجرىغا ئېتىلىپ كىرىپ ئۇنىڭ باش-كۆزلىرىگە پول سۇرتكۈچنىڭ دەستىسى بىلەن بولۇشىغا سېلىپ، ئۇنىڭ ئاپامغا قىلىۋاتقان زومىگەرلىكىنى بۇرۇندىن بۇلاق قىلىۋېتىشنى ئويلىدىم-دە، ھاجەتخانىغا

يۈگۈرۈپ كىرىپ يۈندىسى ئېقىپ تۇرغان پول سۈرتكۈچنى كۆتۈرۈپ ئىشىك ئالدىغا كەلدىم. شۇ چاغدا ئاپامنىڭ:

— پەررۇخ تېخى كىچىك، غەرەز ئۇقمايدۇ، كىچىككىنە بالىدىنمۇ شۇنچە رەنجىگۈلۈكمۇ؟ خاپا بولماڭ، ئۇنىڭ ئۈچۈن مەن ناماقۇل، ئۇ شۇمغا مەن گەپ قىلاي... — دېۋاتقىنىنى ئاڭلىدىم، مەن شۇ هامان ئاپامغا تېخىمۇ ئۆچ بولۇپ كەتتىم. قارا، ماڭا ئاپا بولغان ئادەمنىڭ، دادامغا ئايال بولغان ئادەمنىڭ، نەدىكى بىر يات ئوغرىغا يېلىنىپ ئۇنىڭ ناماقۇل بولۇۋاتقىنىنى! ... تېخى ماڭا گەپ قىلارمىش! هۇ ۋاپاسىز خوتۇن! سەن ئازراق راھەت تۇرمۇشقا ئېرىشىپلا ھەممىنى، دادامنى، مېنى، دادام بىلەن ئۆتكۈزگەن ئاشۇ كۈنلەرنى پاك-پاكىز ئۇنتۇپسەن-دە!

ئازابتىن يۈرىكىم تىلىنىپ كەتتى. مەن قولۇمدىكى پول سۈرتكۈچنى تاشلىۋېتىپ تالاغا يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتتىم ۋە ھېلىقى قارىياغاچلىققا بېرىپ بىرھازا يىغلىدىم.

شۇ كۈندىن كېيىن مەن ئاشۇ «ئۆي» دەپ ئاتالغان دوراخقا ناھايىتى كەچ بارىدىغان بولدۇم. مەكتەپتىن قويۇپ بەرگەندىن كېيىن بازار تەرەپكە ماڭىمەن، دۈمبەمدە سومكام يۈدۈكلۈك. قورسىقىم ئاچ، بىر-بىرىگە سۆز بەرمەي، سۆزلىرىگە قوناق بەرمەي چۇلدۇرلىشىپ-چۇرقىرىشىپ توپ-توپى بىلەن ئۆيلىرىگە قاراپ خۇشال-خۇرام كېتىۋاتقان باللارنىڭ ئارقىسىدىن خېلى ئۇزۇنغىچە ماڭىمەن، ئۇلار تۆت كوچىدا ھەر تامان كېتىشكەندىن كېيىن بازارنىڭ ئەڭ ئاۋات يېرىگە بېرىپ لاغايلاپ يۈرىمەن. يول بويىدىكى دەرەخلەرنىڭ سايىسىدە ئولتۇرۇپ قارتا، قاتار، شاھمات ئويناۋاتقان چوڭلارغا بىر ئاشپىشىم قاراپ تۇرىمەن، تورۇۋېرىپ پۇتلىرىم تالغاندىن كېيىن، تۇخۇم چېكىشتۈرۈۋاتقان، چەمبىرەك تاشلاپ تاماكا ئۇتىشىۋاتقان ئادەملەرنىڭ يېنىغا بارىمەن. ئاڭغىچە كەچلىك بازار باشلىنىدۇ، كىنوخانىنىڭ ئالدى قىزىپ كېتىدۇ. قاتار ئولتۇرۇشۇپ گازىر سېتىۋاتقان، نان سېتىۋاتقان خوتۇن-قىزلارنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ، كۆتۈمكە پۈچۈق خىشتىن بىرنى قويۇۋېلىپ ئولتۇرىمەن-دە، ئۇلارنىڭ سودىسىنى تاماشا قىلىمەن. كاۋاپ، كاللا-پاچاق، توخۇ گۆشى، سېرىق ئاش، پاقلان گۆشى، بېلىق... يەۋاتقان ئادەملەر تەرەپكە قارىغۇم كەلمەيدۇ، ئۇ يەرگە قارسام بېشىم قېيىپ، كۆزلىرىم تورلىشىپ كېتىدۇ... شۇڭا غەيرەت قىلىپ ئۇ يەرگە قارىمايمەن...

بازار تارقىغاندا ئاندىن ئويۇشقان ۋە ئاللىقاچان ماغدۇرىدىن كەتكەن پۇتلىرىمنى سۆرەپ ئۆي تەرەپكە ماڭىمەن. بەزىدە ئولتۇرغان يېرىمدە ئۇخلاپ قالسام، كوچا ئارىلايدىغانلار ياكى كېچىسى چارلاپ يۈرگەن ساقچىلار مېنى ئويغىتىۋېتىدۇ. بۇنداق چاغلاردا ئۇلارنىڭ تۈگمەس، سوئال-سوراقلىرىغا جاۋاب بەرمەي، كۆزۈمنى ئۇۋۇلىغان بولۇۋېلىپ ئۇلاردىن قۇتۇلىمەن.

ئۆيگە كەلسەم تېلېۋىزور كۆرۈپ ئولتۇرغان ھېلىقى سۇ كالىسى، ئۇنىڭ قىزلىرى ماڭا ئوغرىغا ھومايغاندەك ھومىيىشىدۇ. ئۆينىڭ غالچىلىقىنى قىلىپ يۈرگەن ئاپام ماڭا بىرمۇنچە تىل-ئاھانەت ياغدۇرىدۇ ۋە ئاشنى ئالدىمغا «دوققىدە» قويىدۇ. مەن ئۇلارغا بىر ئېغىز گەپ قىلماي تاۋى كەتكەن ئاشنى كالىدەك يالماپ يۇتىمەن-دە، ماڭا راسلاپ قويغان تۆشەككە ئۆزۈمنى تاشلاپ ئۇيقۇغا كېتىمەن. بەزى كېچىلىرى زادىلا ئۇخلىيالمايمەن، شۇنداق چاغلاردا ئۇلارنىڭ مېنى ئاغزىغا كەلگىنىچە تىللاپ، ئەيىبلەۋاتقىنىنى ئاڭلاپ ياتىمەن. ھەممىدىن بەكرەك كۆچەپ كېتىدىغىنى يەنىلا ھېلىقى سۇ كالىسى. ئۇ مېنى «چوڭ بولسا ئوغرى بولىدۇ، تۈرمىگە چۈشىدۇ!» دەيدۇ. ئاپام يالۋۇرغاندەك يىغلاپ-ئىڭراپ ئۇنىڭ ئاچچىقىنى باسماقچى بولىدۇ. شۇ چاغدا دادام كۆز ئالدىمغا كېلىۋالىدۇ. ئۇنىڭ باغرىغا ئېتىلغۇم، ئۇنىڭ بوينىغا گىرە سېلىپ يىغلىغۇم كېلىدۇ.

لېكىن ئۇ يوق. مۇز يېغىپ تۇرغان تۆت بۇلۇڭ قاراڭغۇلۇق ئىچىدە ماڭا چەكچىيىپ قاراپ تۇردى. مەن كۆز يېشىمدىن ھۆللەنگەن ياستۇققا مەڭزىمنى چاپلاپ «دادا، جېنىم دادا، مېنى ئېلىپ كەت...!» دەپ پىچىرلاپ يېتىپ ئۇخلاپ قالىمەن...

بۇ ئائىلىگە بولغان نەپرىتىم كۈنسېرى ئاشماقتا ئىدى. بولۇپمۇ ھېلىقى سۇ كالىسى مېنىڭ جېنىمغا جازا بولۇۋاتاتتى. ئۇنى كۆرسەم تېنىم شۈركۈنۈپ يۈرىكىم مۇزلايتتى. تۈكلىرىم تەتۈر قوپۇپ، ئەت-يېنىم تىكەنلىشىپ كېتەتتى. ئۇمۇ ماڭا بارغانسېرى ئۆچ بولۇپ كەتتى. ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا شىددەت بىلەن ئۇلغىيىپ ئۆسۈۋاتقان نەپرەت تۇيغۇسى بىر-بىرىمىزنى مىنۇت-سېكۇنت ئايرىلغۇسىز قىلىپ مەھكەم چېتىۋەتكەنىدى. خۇددى ئىككى پاسىلدىكى چاقماق ئوتلار ئۆسۈۋېرىپ ئاخىرى بىر-بىرى بىلەن چىرمىشىپ كەتكەندەك، بۇ ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تۈگىشىسىز، ساداسىز دۈشمەنلىك تۇيغۇسى بىر-بىرى بىلەن چىرمىشىپ-كىرىشىپ، ھېچقانداق قىلىپ ياراشتۇرغىلى، كېلىشتۈرگىلى، يۇمشاتقىلى، ئايرىۋەتكىلى بولمايدىغان دەرىجىدە بىرىكىپ بىر گەۋدىگە ئايلىنىپ كەتكەنىدى. ئىككىمىز بۇ مۇھىتتا پەقەت ئىككى دۈشمەن سۈپىتىدىلا مەۋجۇت ئىدۇق. يەنە كېلىپ بىز ھەر كۈنى بىر-بىرىمىزگە توغرىدىن توغرا بەتلىنىشىپ تۇراتتۇق. دۈشمەنلىكنىڭ زەھەرلىك يالقۇنى ئىككىلىمىزنى ئۆرتەيتتى، ئىككىلىمىزنى قۇترىتاتتى، ئىككىلىمىزنى تېگىپ كەتسىلا پارتلايدىغان ھالغا كەلتۈرۈپ قويغانىدى. بولۇپمۇ ئۇ ئۆزىنىڭ چوڭ ئادەملىكى، ئۆيىنىڭ توسقۇنسىز ھۆكۈمدارى، ئۆيدىكىلەرنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەيدىغان كۈچ ئىگىسى بولۇشتەك ئورنىدىن پايدىلىنىپ ماڭا بولغان دۈشمەنلىكنى ناھايىتى ئۈنۈملۈك ۋە توختاۋسىز رەۋىشتە ئىشقا ئاشۇرۇپ، مېنى يارىنىڭ گىردابىغا قىستاپ كەلمەكتە ئىدى. مەن ياكى ئۇنىڭغا قارشى تاشلىنىشىم ياكى ئارقامدىكى ھاڭغا دومىلاپ چۈشۈشۈم كېرەك ئىدى!...

مەن ئاللىقاچان بىرىنچى يولنى تاللىۋالغانىدىم. سەللە چوڭ بولۇۋالسام ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىشنى كۆڭلۈمگە پۈككەنىدىم. ئۇنىڭدىن بۆلەك ھەرقانداق قارشىلىق ماڭا بىر زەئىپلىكتەك، بىر ئاجىزلىقتەك ۋە بىر مەنىسىزلىك-تەك بىلىنەتتى. مەن ئاخىرى شۇنىڭغا تەييارلاندىم. لېكىن بۇ يەردە مېنى ئىككى ئامىل ھازىرچە چەكلەپ تۇرۇۋاتاتتى. ئۇنىڭ بىرى، مەن ھازىر تېخى كىچىك ئىدىم. تولۇقسىزنىڭ 2-يىللىقىدا ئوقۇيتتىم. ھازىرچە ئۇنىڭغا كۈچۈم يەتمەيتتى. يەنە بىرى بولسا ئاپام بۇ چاغدا ئۇنىڭدىن بىر ئوغۇل تۇغقانىدى. بۇ شۇم تۇغۇلغاندىن كېيىن ئاپام مېنى يادىدىن پۈتۈنلەي دېگۈدەك چىقىرىپ تاشلىدى. «بالام» دېسە ئۇنى دەيتتى. قايغۇرسا ئۇنىڭ ئۈچۈنلا قايغۇراتتى. يىغلىسا ئۇنىڭ ئۈچۈن يىغلايتتى، كۈلسە ئۇنىڭ ئۈچۈن كۈلەتتى... مېنى كەمدىن-كەم يادىغا ئالاتتى. مەندىن بىزاردەك، مەندىن قۇتۇلالماي قالغاندەك ئىدى. كۈلۈپ ئولتۇرغان بولسا مېنىڭ كىرىشىم بىلەنلا قاپىقى سېلىنىپ چىرايى تۈتۈلاتتى. ئۆيدىكىلەرنىڭ ئالدىدا قورۇنۇپ قولىدىن كەلسە مېنى قايسىبىر بۇلۇڭ-پۇشقاققا پۇرلاپلا تىقىۋەتكۈسى باردەك قىلىپ كېتەتتى. ھەپتە-ھەپتىلەپ ماڭا ئېغىز يېرىپ گەپ قىلمايتتى. مەكتەپتىكى ئەھۋالىم، سىزغان رەسىملىرىم، ھەتتا شەھەر بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن بالىلار رەسىملىرى مۇسابىقىسىدە، ھەر خىل كۆرگەزمىلەردە رەسىملىرىمنىڭ مۇكاپاتلارغا ئېرىشىشى ئۇنى قىزىقتۇرمايتتى. ئاتا-ئانىلار يىغىنىغا بولسا مەكتەپتىن ئادەم كېلىپ سۆيلىگەندىلا ئاندىن بېرىپ قوياتتى. بارغىچە-كەلگىچە ماڭا گەپ قىلمايتتى. ئىككىمىز يات ئادەمدەك بىرىمىز ئالدىدا، يەنە بىرىمىز ئارقىدا ماڭاتتۇق. ماڭا بۇنچە قىلغۇدەك ئۇنىڭ ئالدىدا نېمە گۇناھىم بارلىقىنى بىلمەيتتىم.

شۇنداقتىمۇ... شۇنداقتىمۇ بەزىدە ئۇنىڭغا ئىچىم ئاغرىيتتى. نېمىلا قىلسا ئاپا ئىدى. ئۇنىڭ ئاشۇ بالىسى بىلەن كوچىدا قېلىشىنى خالىمايتتىم! شۇڭا ھېلىقى سۇ كالىسى مېنى بىر ئىت قاتارىدا كۆرمەي خارلاپ كەتكەندىمۇ ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىشكە دەررۇ قول سالالمىدىم. «ئاپام» دېگەن بىر تۇترۇقسىز ئۇقۇم، يۈرىكىمدە لاۋۇلداپ تۇرغان ئادەم ئۆلتۈرۈش ئىستىكىنى چەكلەپ مېنى قىساس ئېلىش، ئەركەكلەرچە قىساس ئېلىش پۇرسىتىدىن قانچە قېتىملاپ مەھرۇم قىلدى. مەن نېمە قىلارىمنى بىلمەي گاڭگىراپ يۈرىدىغان بولدۇم. كېيىن سادىر بولغان كىچىككىنە بىر ۋەقە ئاخىرى بۇ سەققىچىلىقتىن قۇتقۇزۇپ، ھايات يولۇمنى تەلتۆكۈس ئۆزگەرتىۋەتتى. مەن قاتىل بولۇپ قېلىشتىن،

مېنىڭ سەۋەبىم بىلەن ئاپام يېتىم بالىسى بىلەن كوچىدا قېلىشتىن، ھېلىقى ئۆگەي «سىڭىللىرىم» مۇ خانۇ-ۋەيران بولۇش قىسمىتىدىن قۇتۇلۇپ قالدى. لېكىن ئۆزۈم دادام ھايات بولسا ئازابتىن ئۆرتىنىپ تولغىنىپ كېتىدىغان، ئۆزۈم نە پەرەتلىنىدىغان، سەسكىنىدىغان بىر ھايات يولىنى تاللاشقا، ئەركىن، يەڭگىل لېكىن بىر ھاقارەتلىك ۋە جىنايەتلىك تۇرمۇش يولىنى تاللاشقا مەجبۇر بولدۇم. ئۇ يولنىڭ ئاخىرى ھېلىقى سۇ كالىسى مېنى قىستاپ ئاپارغان قورقۇنچلۇق ھاڭ ئىدى. ئاخىرى مەن ئاپامنى دەپ ئۇ سۇ كالىسىنى بوغۇزلىۋېتىش نىيىتىدىن يېنىپ، ئارقامدىكى ئاشۇ ھاڭغا سەكرىدىم. مەن بۇ ھاڭغا ئۆز ئىختىيارلىقىم بىلەن سەكرىدىممۇ ياكى تەقدىر مېنى زورلىدىمۇ؟ بۇ مېنىڭ ئېرىشكىنىممۇ ياكى يوقاتقىنىممۇ؟ بۇ مېنىڭ ئاپام ئۈچۈن تۆلىگەن پەرزەنتلىك بەدىلىممۇ ياكى تەقدىرنىڭ پېشانەمگە پۈتكەن قىسمىتىمۇ؟ بۇلارنى زادىلا ئويلاپ يېتەلمىدىم. تۇرمىدىكى ئون يىللىق مەھبۇسلۇق ھاياتىمدا كېچە-كۈندۈز ئويلىغان بولسامۇ، بۇ سوئاللارغا ئۆزۈم قانائەتلەنگىدەك، ئۆزۈم تەسەللى تاپقىدەك جاۋاب تاپالمىدىم؛ كېيىن بۇلارنى ئويلاۋېرىشتىن زېرىكىپ ئويلىمايدىغان بولدۇم، نېمە بولسا شۇ بولمامدۇ؟ مەن ھايات بازىرىدا مەندەكلەر ئۈچۈن ئاللىقاچان تەييارلاپ قويۇلغان بىر ئورۇنغا ئېرىشتىم خالاس ۋە شۇ ئورۇن، شۇ يول مېنىڭ ئوبرازىمنى قايتىدىن ياراتتى. مېنى قايتىدىن ياراتتى. مەن ئاشۇ يارىلىش جەريانىدا ھايات بازىرىدىكى تۈمەنلىگەن غەۋغانى كۆردۈم، ئۇ غەۋغالار ئىچىدە ھېلىقى ئوبرازىم بويىچە رول ئالدىم ۋە قايتىدىن يارىلىشنى ئىشقا ئاشۇردۇم. جەمئىيەتتىكى ھايات غەۋغاسى بىلەن تۈرمىدە ئۆتكۈزگەن ساناقسىز كۈنلەر، خىيال بىلەن ئۆتكەن تۈمەنلىگەن شامۇ-سەھەرلەر مېنىڭ ئەسلى ئوبرازىمنى ئۆزگەرتتى، يېڭىلىدى، ئۇنىڭغا رەڭ بەردى. تەقدىر ئۇنىڭ شەپقەتسىز قەلىمى بىلەن مېنىڭ ھايات قەغىزىمگە بىر سۈرەت سىزدى. مانا شۇ مېنىڭ ئوبرازىم ئىدى. ئۆزۈمنىڭ ئوبرازى ئىدى. جەمئىيەت بىلەن تۈرمە ئاتا قىلغان، ئاپام ۋە ھېلىقى ئۆگەي دادامنىڭ «ھىممىتى»، «ساخاۋىتى» بىلەن يارالغان ئوبرازىم ئىدى. مەن ھەممە نەرسىگە جىددىي

قارىماسلىقنى، ھەممىنى قىلسا بولىدىغانلىقىنى ۋە ھەممىنىڭ ئاخىرقى ھېسابتا بىرلا نەرسە بىلەن نەتىجىلىنىدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدىم. ئۇ بولسىمۇ يوقىلىش ئىدى. غەم-قايغۇ، خۇشاللىق، راھەت، جاپا، دەرد-ئەلەم، ئۈمىد، ئۈمىدسىزلىك... ياخشىلىق، يامانلىق، گۈزەللىك، سەتلىك، گۇناھ، ساۋاب، جىنايەت ۋە ياخشىلىق ھەممىسى، ھەممىسى يوقىلىدۇ! ھەممىسى، ھەممىسى ۋاقىتلىق، بىرلا نەرسە ئەبەدىي، ئۇ بولسىمۇ يوقىلىش!

شۇڭا ھازىر ئۆزۈمنى شۇ دەرىجىدە خاتىرجەم سېزىمەنكى، ھېچكىمنى ئۆچ كۆرمەيمەن، ھېچكىمنى ياخشى كۆرمەيمەن، ھېچنەرسىگە قىزىقمايمەن، ھېچنەرسىگە ئۈمىد باغلىمايمەن، پەقەتلا ياشايمەن! يۈرىكىمدە نە قىساس، نە مۇھەببەت، نە خاتىرە، نە ئىنتىلىش يوق! مەن ئۈچۈن ھۇزۇر ياكى جاپا، تاتلىق ياكى ئاچچىق، ئۆتمۈش بىلەن بۈگۈن ۋە ئەتە... ھەممىسى بىر خىل ئۇقۇم! مەن يوقالغىچە شۇنداق ياشايمەن، شۇنداق ياشاپ يوقىلىمەن...

## سەككىزىنچى باب

بىنانىڭ ئارقىسىدا كونىراپ جۇلغى چىقىپ كەتكەن بىر يۈرۈش ئۆي بار ئىدى. ئۇ يەردە مۇشۇ باشلىقلار قورۇسىنىڭ گۈللۈكگە، ئورمانغا، تۇرۇبا يوللىرىغا قارايدىغان بىر بۆلۈك ئىشچىلىرى ئولتۇرۇشلۇق ئىدى. كېيىنكى كۈنلەردە مېنىمۇ شۇ ئۆيلەرنىڭ بىرسىگە كۆچۈرۈپ قويۇشتى. بۇ ئۆينىڭ ئالدىدا كىگىز ئورنىدەك قورۇسى بار ئىدى. ئۇلار شۇ ئارقىلىق مېنى كۆزدىن نېرى قىلىپ كۆڭلى ئارامغا چۈشتى، مەنمۇ ئۇلاردىن قۇتۇلغىنىم ئۈچۈن خۇشال ئىدىم. لېكىن تاماقنى يەنىلا ئاشۇ «چوڭ ئۆي» دىن يەيتتىم. چوڭ «ئۆي» گە بويىنۇمدىن باغلىغاندەك بولۇپ ئاران چىقاتتىم. بەزىدە ئاپام تاماقنى «ئۆز ئۆيۈم» گە ئاچىقىپ بېرەتتى. بەزىدە ئۇ ئۆيگە چىققىم كەلمەي ئاچتىن-ئاچ يېتىپ قالاتتىم.

بىر كۈنى چۈشتە خېلىغىچە كۈتسەم

تاماقنى چىقارتىپ بەرمىدى. قورسىقىم بەك ئېچىپ كەتكەندى. ئاخىرى «چوڭ ئۆي» گە چىقىشقا توغرا كەلدى. بۇ ئۆي ئىككىنچى قەۋەتتە ئىدى. مەن بىرىنچى قەۋەتنىڭ پەلەمپىيىدىن كۆتۈرۈلۈپ ئىشىك ئالدىغا كەلسەم ئۆگەي سىڭلىمنىڭ چوڭى ئىشىك ئالدىدا سىيغىز چاپناپ تۇرغان ئىكەن. ئۇ مېنى كۆرۈپ ئىشىكنىڭ كېشىكىگە دۈمبىسىنى تىرەپ بىر پۇتى بىلەن ئىشىكنى توغرىسىغا توسۇۋالدى. مەن ئۇنىڭغا قاراپ بىر دەم تۇردۇم. ئۇمۇ گويا «قانداق قىلالايتتىڭ قېنى؟» دېگەندەك قىلىپ، تۇمشۇقىنى ئۇچلاپ ماڭا بىزەڭلەرچە چەكچىيىپ قاراپ تۇرۇۋەردى. دەسلەپتە ئاچ قالساممۇ بۇ دوزاخ ئۆيگە كىرمەي چۈشۈپ كېتەي دەپ ئويلىدىم. لېكىن ئۇ شۇمنىڭ بىر شەملىكىگە ۋە مېنى زاڭلىق قىلىپ، ئاغزىنى بىر قىسما قىلىۋاتقىنىغا چىدىيالماي ئىشىككە يېقىنلىشىپ ئۇنى قىستاپ كەلدىم. ئۇ قولى بىلەن مەيدەمنى تۇرتتى ۋە:



— نېمە دەيسەن دادىسى يوق ساقلاندى؟ — دېدى. غەزەپتىن تىترەپ كەتتىم. كۆزۈمگە شۇ ھامان لىققىدە ياش تولدى. ئىچىمدە قانداقتۇر بىرنەرسە ئۆرىدەپ يوپۇرۇلۇپ چىقىپ بوغۇزۇمغا تەپتى. تىلىم سۆزگە كەلمەي قالدى. مەن ئويلاپ تۇرمايلا ئۇنىڭ ئاغزىغا بىر شاپىلاق سالدىم. ئۇ خۇددى چوشقا كۈچىكىدەك چىرقىرىۋەتتى، بۇرنىدىن ئۇقتەك قان كەتتى. شۇ ھامان ئۆينىڭ ئىچى ئوپۇر-توپۇر بولۇپ ئۇنىڭ دادىسى، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن مېنىڭ ئاپام ۋە ئۇنىڭ كىچىك سىڭلىسى يۈگۈرۈشۈپ چىقتى.

— ۋاي قىزىم، نېمە بولدى؟ كىم ئۇردى سىزنى؟ ... — «سۇ كالىسى» مېنىڭ ئۇرغىنىمنى ئاللىقاچان پەرەز قىلىپ بولدى. چۈنكى مەن مۇشتۇمۇمنى مەھكەم تۈگۈپ ئۇنىڭغا چەكسىز غەزەپتە ھۆرپىيىپ تۇراتتىم. ئۇنىڭ چىرايى بىردىنلا كۆكىرىپ كەتتى. كۆزلىرى چاچراپ چىقىپ كېتىدىغاندەك دۈپ-دۈگىلەك بولۇپ، قارىچۇقى كىچىكلەپ قېتىپ قالدى. ئۇ يەل ئارتۇق كېتىپ «گوم» قىلىپ يېرىلىش ھالىتىگە بېرىپ قالغان شاردەك ئىسسىلىپ، چىڭقىلىپ كۆپۈپلا كەتتى. شۇ تاپتا ئۇ راستتىنلا كالىغا، غەزەپلەنگەن كالىغا ئوخشاپ قالغانىدى! ئۇ چىشلىرىنى غۇچۇلدىتىپ بىر قەدەم بىر قەدەمدىن ماڭا يېقىنلاشتى. مەن پېتىمنى بۇزماي، قانداق تۇرغان بولسام شۇ ھالدا ئۇنىڭغا چەكچىيىپ تۇرۇۋەردىم. ئۇ ماڭا يېقىنلاپ كەلدى-دە، ئۇشتۇمتۇت قورسىقىمغا قارىتىپ بىرنى تەپتى. مەن «ۋايجان» دېيىشكىمۇ ئۈلگۈرەلمەي، ئىككىنچى قەۋەتنىڭ سۇپىسىدىن بىرىنچى قەۋەت بىلەن ئىككىنچى قەۋەتنىڭ ئارىلىقىدىكى سۇپىغا خۇددى پوكزەكتەك ئۇچۇپ چۈشتۈم. شۇ چاغدا بىر ئايالنىڭ جان ئاچچىقىدا چىرقىرىۋەتكەنى ئاڭلاندى. بۇ ئاپامنىڭ ئاۋازى ئىدى. بۇ مەن بۇ يەردە ئاڭلىغان ئەڭ ئاخىرقى

ئاۋاز ئىدى. كېيىن نېمە بولغىنىمنى بىلمىدىم. ئېسىمگە كەلگەندە ئۇقسام شۇ بىر تېپىك بىلەن ھوشۇمدىن كېتىپتىمەن...

كۆزۈمنى ئاچسام ئۆزۈمنىڭ ھېلىقى ئۆيدە يېتىپتىمەن. بېشىم داكا بىلەن تېڭىپ قويۇلۇپتۇ. يېنىمدا ئاپام يىغلاپ ئولتۇرۇپتۇ. ئۇ شۇنچىلىك قېرىپ كېتىپتىكى، ئۇنى تونۇيالمىغىلى تاس قالدىم. ئۇنىڭ چىرايى تامدەك تاتىرىپ، قىزىرىپ تۇرىدىغان مەڭزى سولۇپتۇ. كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ پارقىراپلا قاپتۇ. قۇچىقىدا ھېلىقى شۇمتەكنى گۆڭگراپ ياتىدۇ. مەن ئاپامنى كۆرۈشنى خالىمايتتىم. ھېلىقى شۇمنى كۆرۈشنى تېخىمۇ خالىمايتتىم. ئۇنىڭ ئۇستىگە كۆزۈمنى ئېچىشىم ھامان ئىككى چېكەم، كۆز قاپاقلىرىم قۇم تىققاندەك چىڭقىلىپ ئاغرىپ ئۆينىڭ تورۇسى پىرقىراشقا باشلىدى. مەن دەررۇ كۆزۈمنى يۇمۇۋالدىم. كۆزۈمنىڭ ئىچىدە رەڭگارەڭ ئىمىر-چىمىر كۆرۈنۈشلەر چىمىرلايتتى، مېڭەمنىڭ ئىچى غوڭۇلدايتتى. شۇ سىياقتا خېلى ئۇزۇنغىچە كۆزۈمنى ئاچماي ياتتىم.

— ئازراق بىرنېمە يەۋالغىن، بېشىڭنى كۆتۈرگىن بالام... — مەن «بالام...!» دېگەن سۆزنى ئاڭلاپ مېيىقىمدا كۈلۈپ قويدۇم. ئىشىنىمەنكى، شۇ كۈلكە بىلەن مېنىڭ چىرايىم يىغلىغاندەك ھالغا كەلدى ئەتىمالىم. «بالاممىش!» ئۇنىڭ بالىسى مەن ئەمەس، ھېچبولمىغاندا ئىلگىرى، دادام ھايات ۋاقتىدا ۋە مۇشۇ «ئۆي»گە كۆچۈپ كەلگىچە شۇنداق ئىدى. لېكىن ھازىرچۇ؟ ھازىر ئۇنداق ئەمەس. مەن ھازىر ئۇنىڭ بالىسى ئەمەس، ئەكسىچە ئۇنىڭ يولىدىكى بىر پۇتلىكاشاڭ، دۈمبىسىدىكى ئارتۇقچە بىر يۈك، ئۇنىڭ خاتىرجەملىكىنى بۇزغۇچى بىر زىيانداش، ئۇنىڭ بەختىگە كۆلەڭگە چۈشۈرگەن بىر پارچە، ياق، ئالقانچىلىك قارا بۇلۇت، ئۇنىڭ ئېشىغا چۈشكەن چىۋىن، ئۇنىڭ قىممىتىنى تۆۋەنلەتكەن بىر ئىللەت، ئۇنىڭ گۈزەل چىرايىغا چىقىپ قالغان «قوڭى يوغان» دېگەن يارا، ئۇنى پاراكەندە قىلغان بىر جان دەخمىزى! سېتىۋەتكىلى، ئۆلتۈرۈۋەتكىلى بولمايدىغان بىر كېرەكسىز ئۆي ھايۋىنى، قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمايدىغان ئىنەك پىتى، سالجا، كۆكۈيۈن، چۇسا، يۇقۇملۇق كېزىك، زۇكام، جىگەر كېسىلىنىڭ ۋىرۇسى... بالام دەيدىغۇ-تېخى! بالاڭنى تېپىپ بالام دە! سېنىڭ بالاڭ ئاۋۇ قۇچۇقىڭدىكى قوڭغۇزلىچىنكىسى، چوشقا كۈچىكى، غەلىتە ھايۋاننىڭ ياۋايى تۆرەلمىسى...

مەن كۆزۈمنى ئاچماي يېتىۋەردىم.

— تۆت كۈندىن بېرى بىرنەرسە يېمىدىڭ، ئازراق ئاش ئىچىۋال... قوپە... ئۇنداق قىلما... مەن... مەن... گۇناھكار... مەن... مەن كېلەلمەيمەن... شۇنداق بەختى قارا تۇغۇلۇپ قاپتىكەنمەن، ئاجرىشىپ كېتەي دېسەم ئۇكاڭ بىلەن كوچىدا قالىمىز... مەن...

مەن ئۇنىڭ گەپلىرىدىن بىزار بولۇپ تام تەرەپكە تەسلىكتە ئۆرۈلۈپ يېتىۋالدىم. ئۆرۈلگىچە بەدىنىمنىڭ ئاغرىقىدىن مېڭەم زىڭىلداپ كەتتى. ئۇستىخانلىرىم پاچاق-پاچاق بولۇپ كەتكەن ئوخشايدۇ. نەنلا مىدىرلاتسام شۇ يەر پىچاق تىققاندەك ئاغرىيدۇ. ئاغرىقتىن كۆزۈمدىن پۇرچاقتەك ياش چىقىپ كەتتى، لېكىن مەن لېۋىمنى مەھكەم چىشلىۋېلىپ «ۋايجان» دەۋېتىشتىن ئۆزۈمنى جېنىمنىڭ بېرىچە تۇتۇۋالدىم. شۇنچە ئاغرىسىمۇ «غىڭ» قىلمىدىم. نېمىشقىدۇر ئاپامنىڭ ئالدىدا ئىڭراشنى خالىمىدىم. بۇنىڭ نېمە ئۈچۈنلىكىنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن، ئۇنى ئاياۋاتىمەنمۇ؟ دەرۋەقە شۇ تاپتا ئۇنىڭغا راستتىنلا ئىچىم ئاغرىپ قالدى. لېكىن بۇ ھېسسىياتىمنى ئۇنىڭغا بىلدۈرگۈم كەلمىدى. مەن تام تەرەپكە يۈزلىنىپ

كۆزۈمنى مەھكەم يۇمۇپ يېتىۋالدىم. ئاپام بىرھازا يىغلىدى. ئۆكسۈپ-ئۆكسۈپ يىغلىدى. ئاخىرى:

— ئۇكاڭ قىزىپ قالغان، ئوكۇل ئۇرغۇزىدىغان چاغ بولۇپ قالدى. مەن بېرىپ ئوكۇل سالدۇرۇۋالاي، بەك يېتىپ كەتمەي ئازراق بولسىمۇ بىرنىمە يېگىن، ماۋۇ كورىدا سەن ئامراق چۆچۈرە بار، تېخى قىزىق... — دېدى ۋە ئېسەدەپ يىغلىغىنىچە مۇشۇكتەك پىسىرلاپ دەسسەپ چىقىپ كەتتى.

ئون كۈن بولدى دېگەندە ئاران ئورنۇمدىن تۇردۇم ۋە تالا-تۈزگە چىقتىم. سەل كوچىپرەك ھەرىكەت قىلسام بېشىم يەنە ئاغرىيتتى. كۆزۈم تورلىشىپ چېكەم يەڭگىل زىڭىلداپ، بېشىم قېيىپ تۇراتتى. شۇنداقتىمۇ يېتىۋېرىپ زېرىككەنىدىم. بۇ ئون كۈن ئىچىدە ئاپام يېنىمدىن ئايرىلمىدى. تامقىمنى ئەكىرىپ بېرىپ تۇردى. باشقىلار ئىشىك ئالدىغا دەسسەپمۇ قويمىدى. مەكتەپتىن ساۋاقداشلىرىم كەلگەنىكەن، ئاپام «پەرروخ چوڭ ئانىسىنى يوقلاپ سەھراغا كەتتى، چوڭ ئانىسى قاتتىق ئاغرىپ قاپتۇ» دەپ قويۇپتۇ. مېنىڭ نەدىمۇ چوڭ ئانام بولسۇن؟ دادام بىلەن ئاپام ئىككىسلا قارا يېتىملەردىن ئىدى. ئېرىنى بىرەر مەسئۇلىيەتكە تارتىلىپ قالمىسۇن دەپ ئايىغۇسى كەلدىمۇ ياكى خەقتىن نومۇس قىلدىمۇ ئەيتاۋۇر ھەقىقىي ئەھۋالنى مەكتەپكە ئۇقتۇرماپتۇ.

— مەكتەپكە بارمايمەن، — دېدىم مەن بىر كۈنى ئاش ئىچىپ ئولتۇرۇپ ئاپامغا.

ئاپام چۆچۈپ كەتمىدى، «نېمىشقا؟» دەپمۇ سورىمىدى. ئۇ گويا مېنىڭمۇ شۇنداق قىلىدىغىنىمنى ئاللىقاچان ئويلاپ يەتكەندەك ئىدى. ئۇ بېشىنى يەردىن كۆتۈرمەي مىشىلداپ يىغلىدى. مەن ئۇنىڭ يىغىسىدىن زېرىككىلى باشلىغانىدىم. كېيىنكى كۈنلەردە ئۇنى بۇ دەرىجىدە كۆڭلى سۇنۇق دەپ ئويلىمايدىغان بولۇپ قالغانىدىم. چۈنكى ئۇ ئۆزىنىڭ ئەھۋالىدىن تولىمۇ رازىدەك كۆرۈنەتتى. شۇنداق بولغاچقا مەن ئۇنىڭغا بىردىنبىر كۆڭۈلسىز ۋە ئېغىر يۈك ئىدىم. مۇشۇ ئۆيدە مەنلا بولمىسام ئۇنىڭ توققۇزى تەل بولاتتى. ھېچبولمىغاندا مەن شۇنداق دەپ ئويلايتتىم. لېكىن مۇشۇ ئون كۈن ئىچىدە مەن سەل باشقىچىرەك ئويلاپ قالدىم. ئۇ مېنى يەنىلا بالام دەپ تونۇيدىكەن. دادامنىڭ گېپىنى قىلىپ بەك يىغلىدى. مەن ئاپامنى مېنىڭ ئالدىمدىكى خىجالەتچىلىكىنى يېپىش ئۈچۈن ماڭا لوللىق قىلىۋاتىدۇ دەپ ئويلىدىم. چۈنكى ئۇ ئاشۇ سۇ كالىسىغا تەگمىسە مەن بۇگۈنگە چۈشۈپ قالمايتتىم. بۇ قېتىم تاس قالدىم ئاشۇ بىر تېپىك بىلەن ئۆلۈپ قالغىلى، كېيىن مەن بۇ پىكرىمدىن ياندىم. ئاخشام ئاپام ناھايىتى ئۇزاق ئولتۇردى. ئۇزۇنغىچە ماڭا گەپ-سۆز قىلمىدى، ھېلىقى شۇمتەكنىمۇ بۈگۈن نېمىشقىدۇر ئەكىرمەپتۇ (ئۇنىڭغا پەرھات دەپ ئات قويۇشقانىدى)، ئۇنىڭ گېپىنىمۇ قىلمىدى. قارىسام ئاپامنىڭ ماڭا دەيدىغان بىر گېپى باردەك قىلاتتى. لېكىن نېمە سەۋەبتىندۇر ئۇنى ئېغىزىدىن چىقىرالمايۋاتاتتى. مەن ئۇنىڭ گەپلىرىگە ئانچە قىزىقماس بولۇپ قالغانىدىم. چۈنكى ئۇ كېيىنكى كۈنلەردە مېنىڭ كۆڭلۈمدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەنىدى. مېنىڭ كۆڭلۈم ئۇنىڭدىن چورتتىدە بۆلۈنۈپ كەتتى. مېنىڭ نەزىرىمدە ئۇ ئاپام ئەمەس، باشقىلا بىر خوتۇن ئىدى.

— مەن ئۇنىڭدىن خېتىمنى ئالىمەن!

— دېدى ئاپام بىركەمدە ئۇشتۇمتۇت. مەن خاتا ئاڭلاپ قالدىممۇ-نېمە دەپ ئۇنىڭغا «لاپپىدە» قارىدىم. ئۇنىڭ چىرايى قەتئىي تۈس ئالغانىدى. كۆزلىرىدە بىر سوغۇق ئۇچقۇن چېقنىدايتتى. ئۇنىڭ چىرايلىق

كۆزلىرىدىكى ئىلگىرىكى رايىشلىق، خاتىرجەملىك ۋە مۇلايىملىقتىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى. مەن كۆز ۋە قۇلاقلىرىمغا ئىشەنمەي قالدىم. لېكىن بۇ گەپنى كوچىلاپ سورىمىدىم.

— مەن... سېنى كوچىدا قالمىسا دەپ ئويلايتتىم، يەنە تۆپىلەپ پەرھات ئۇكاڭ تۇغۇلدى. مەنغۇ مەيلى، ئىككىڭلار ئوقۇشۇڭلار كېرەك... شۇڭا لېۋىمنى چىشلەپ شۇ چاغقىچە بۇ ئۆيدە جان قىيناپ كەلدىم. سېنى بەك قىستاڭچىلىقتا قالدۇردۇم... مەن جىق ئويلىدىم، ئۇ... ئۇ بەك رەھىمسىز ئادەم ئىكەن، ئىلگىرى بۇنى بىلمەپتىكەنمەن، نېمىلا قىلسا سېنى ئوقۇتۇۋاتىدۇ. يەيدىغىنى ھەم كىيىدىغىنىنى بېرىۋاتىدۇ دەپتىمەن، ئەمدى قارىسام...

مەن ئاپامنىڭ بۇنىڭدىن ئارتۇق سۆزلىشىنى خالىمايتتىم. ئۇنىڭ مۇشۇ قارارغا كېلىپ مەن بىلەن بۇ ھەقتە سۆزلىشىش ئۈچۈن قانچىلىك قىينالغىنىنى ئويلاپ يېتىپ بولغانىدىم. ئۇ ئاخشامدىن بېرى، ياق، مۇشۇ ئون كۈندىن بۇيان ئاستا-ئاستا مېنىڭ ئەسلى ئاپام بولۇپ ئۆزگىرىۋاتاتتى. مەن مۇشۇ ئون كۈن ئىچىدە، ياق، بولۇپمۇ ئاخشامدىن بۇيان ئاپامنى سەگىنە چۈشەنگەندەك قىلدىم. نېمىنى چۈشەندىمكىن؟ ئەرسىز ئاپا بولۇشنىڭ قىيىنلىقىنىمۇ؟ بەلكىم شۇنى چۈشەنگەندىمەن. بۇ «چۈشىنىش» دېگەن ئۇقۇم پەقەت بىر ئۆزۈم چۈشىنىپ يەتكەن ناھايىتى تولا ۋە ناھايىتى نازۇك نەرسىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغانىدى. تۇرۇپلا ئاپامغا ئىچىم ئاغرىپ قالدى. ئۇنىڭ ئاۋۇ بالىسىغا (مېنىڭ پەرھات دېگەن دادا باشقا ئىنىمغا) ئىچىم ئاغرىپ قالدى. ئۇلار گۇناھسىز ئىدى. ئۇ جازالانماسلىقى كېرەك ئىدى. ئۇلار مېنىڭ ئارزۇيۇمنىڭ قۇربانى بولماسلىقى كېرەك ئىدى.

— سەن ئۇنىڭدىن خېتىڭنى ئالغان كۈنۈڭ، مەن ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىمەن! خۇدا ھەققى نېمىلا قىلىپ بولسىمۇ ئۇنى ئۆلتۈرىمەن. بۇ قولۇمدىن كېلىدۇ! مەن شۇنداق تەييارلىنىپ بولدۇم! — دېدىم مەن ئاپامنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ تۇرۇپ. ئاپامنىڭ چىرايى بىردىنلا ئۆڭۈپ-تاتىرىپ كەتتى. كۆزى بىر خىل ساراسىمە ۋە قورقۇنچ ئىچىدە پارقىراپ قالدى. ئۇنىڭ نېپىز لەۋلىرى قانسىزلىنىپ تىترىدى:

— ۋاي خۇدايىمەي... نېمە دەۋاتىدىغانسەن با... لام... ئۇ... ئۇنداق قىلساڭ... سەن... سەنچۇ؟ بى... بىزچۇ؟ — ئۇ بىر يېرى قاتتىق ئاغرىغاندەك ئىڭراپ كەتتى. ماغدۇرسىزلىنىپ ئورۇق-ئاجىز قوللىرى بىلەن كارىۋاتنىڭ بېشىغا تايىنىۋالدى. تايىنىۋالمىسا ھېلىلا يىقىلىپ قالىدىغاندەك ئىدى.

— ئۇنچىۋالا كۆپ ئويلىمىدىم، ئىشقىلىپ ئۆلتۈرۈۋېتىمەن، سەن خېتىڭنى ئالساڭلا ئۇنى ئۆلتۈرىمەن.

مەن قەتئىي قىلىپ تەكرارلىدىم. شۇ تاپتا مېنىڭ ئەلپازىمدىن ھەرقانداق كىشى چۆچۈيتتى. مەن ھەقىقەتەنمۇ ئۆزۈمنى بىر قاتىل دەپ تەسەۋۋۇر قىلىپ بولغانىدىم. ۋاقتى كەلسە مەن بۇنىڭ قولۇمدىن كېلىدىغانلىقىغا، ئۇ سۇ كالىسىنىڭ جېنىنى ناھايىتى ئوڭايلا ئالالايدىغىنىمغا ئىشىنەتتىم. چۈنكى مەن بۇ يىل تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ بولغانىدىم. بويۇممۇ خېلىلا ئۆسۈپ، قول-پۇتلىرىمغا كۈچ تولۇپ كېلىۋاتاتتى. ئۆزۈمنى بالا ئەمەس، ھەممىنى قىلىشقا قادىر، ھەرقانداق خەۋپ-خەتەرگە تەۋەككۇل قىلالايدىغان بىر يىگىت دەپ تەسەۋۋۇر قىلاتتىم. ئاپام ئۇنچە يىگىنچە روھى چىقىپ كەتكەندەك بىرھازا ئولتۇرۇپ كەتتى. ئۇ مېنىڭ پەيلىمدىن راستتىنلا چۆچۈپ قالغانىدى. دېمىسىمۇ مەن قىلىمەن دېگىنىمنى قىلماي قويمايتتىم، ئۇ بۇنى بىلەتتى. كىچىكىمدىن شۇنداق ئۆگەنگەن.

بىر قېتىم ئاپام ئۈيۈنچۈق تاپانچا ئېلىپ بەردى. بىسەم ئۈنىمىغىنى ئۈچۈن ئۇنىڭ كۆزىچىلا خەقنىڭ ئۆگزىسىگە يامىشىپ چىقىپ ئۆگزىدىن يەرگە ئۆزۈمنى ئاتقانىدىم. ھېلىمۇ ياخشى چاپىنىمنى ئۆگزىنىڭ قىرىدىن چىقىپ تۇرغان چەنزە ئېلىۋېلىپ يەرگە چۈشمەي ساڭگىلاپ قېلىپ قوشنىلار چۈشۈرۈۋالغانىدى. ئاپام شۇ چاغدا قورقۇپ كېتىپ ئاغرىپ قالغانىدى. بۇ دادام ئۆلۈپ كېتىپ ئىككىنچى يىلى بولغان ئىش.

— ئە ... ئەمدى مېنى نېمە قىل دەيسەن؟ ... — ئاپام ئاۋازىنى تىترىتىپ سورىدى. ئۇنىڭ ئۈنى شۇنچىلىك ھالسىز ۋە پەرىشان ئىدى. چىرايىدا تېگى يوق ئۈمىدسىزلىك ۋە چارىسىزلىقنىڭ كۆلەڭگىسى ئەلەڭگىيتتى.

— خېتىمنى ئالما ... شۇنداق ياشاۋەر، مەن بىلەن كارىڭ بولمىسۇن ...! ئەمدى چوڭ بولدۇم. ئۆزۈم بىلگەنچە ياشايمەن. مېنى دەپ سەرسان بولۇشىڭنىڭ ھاجىتى يوق ...

مەن سۆزلەۋېتىپ ئۆزۈمنى تىڭشايتتىم. مەن نېمىلەرنى دەۋاتىمەن-ھە؟ مەن ئاپامغا زارىققان، ئۇنىڭغا تەلپۈنگەن، ئۇنىڭ مېنى قايتىدىن باغرىغا بېسىشىغا تەشنا بولغان، ھېلىقى سۆزلىرىنى قىلىشنى، قىلىشنىلا ئەمەس، ھېلىقىدەك قىلىشنى، مېنىڭ يېنىمغا، ياق، دادامنىڭ، مېنىڭ يۈرىكىمدىكى دادامنىڭ يېنىغا قايتىپ كېلىشنى كېچە-كۈندۈز ئارزۇ قىلغان، تىلىگەنىدىمغۇ ...؟ ئاشۇ دوزاختىن يۇلقۇنۇپ چىقىپ ئۆزىمىزنىڭ دۇنياسىغا — كىچىك، نامرات، لېكىن ئەركىن، ئىللىق دۇنيارىمىزغا، چىن مەنىسى بىلەن ئاتا-بالا بولۇشىدىغان بىر ماكانىغا قايتىشىمىزنى خالىغانىدىمغۇ؟ ئەمدى ... ئەمدى بولغاندا ... مەن مۇشۇ ئىمكانىيەتنىڭ ئىشقا ئېشىشى مۇمكىن بولۇۋاتقان بىر پەيتتە بۇنى ئۆز ئىختىيارلىقىم بىلەن رەت قىلىۋاتىمەنغۇ؟ نېمە ئۈچۈن ۋە كىم ئۈچۈن؟

مەن دەل ئاشۇ سوئالغا دۇچ كەلگەن دەقىقىدە ئۆزۈمنىڭ ئۆزگىرىپ كەتكىنىمنى ئۇشتۇمتۇت بايقاپ قالدىم. شۇنداق، مەن ئۆزگەرگەنىدىم. مېنىڭ ھېسسىياتىم، تۇيغۇ-سەزگۈلىرىم، تەپەككۇر-خىياللىرىم ئۆزگەرگەنىدى. مەن ئەمدى ئىلگىرىكىدەك ئاجىز، چۈرۈك، چارىسىز قالغان باچكا ئەمەس، ئەمدى مەن قاناتلىنىۋاتىمەن. ھېس-تۇيغۇلىرىم، خىيالىم، پىكرىم قانائەتلىنىۋاتىدۇ. مەن خېلى يىراقنى تەسەۋۋۇر قىلالايدىغان بولۇپتىمەن، مېنىڭ ئۆز ئىستىكىم ۋە تىلىكىمگە قارشى خائىنانە قارارغا كېلىشىمگە ئەنە ئاشۇ ئۆزگەرگەن «مەن» سەۋەب بولۇۋاتاتتى

— مۇبادا ئاپام ئاشۇ ئۆيدىن بوشاپلا چىقىپ كەتسە، ھېلىقى سۇ كالىسىنى چوقۇم ئۆلتۈرۈۋېتەتتىم، مېنىڭدىكى بۇ ئىستەكنىڭ ئۆتكۈر تىغىنى ھېچقانداق باھانە-سەۋەب، ھېچقانداق شارائىت ۋە توسقۇنلار ئارقىغا ياندۇرالمايتتى. مېنىڭ يۈرىكىمگە ئاستا-ئاستا يىغىلىپ، قويۇلۇپ، چېكىلىنىپ، قاتىجىراپ، قۇرۇپ، چىڭىپ ئاخىرى ئۇيۇلتاشتەك ئۇيۇپ-چىڭىپ قېتىپ كەتكەن نەپرەت مېنى ئۆزىنىڭ سالمىقى، زەربىسى بىلەن ئاشۇ يولغا، قانلىق قىساس ئېلىش يولىغا قاراپ ئىتتىرەتتى. مېنىڭ ئاجىزلىقىم، بوشاڭلىقىم، يۇمشاق دىللىقىم، قورقۇنچىم ... ھەممىسىلا ئاشۇ ئۇيۇلتاشتەك ئۇيۇپ كەتكەن نەپرەت بازغىنى ئاستىدا يانجىلىپ، بارا-بارا بىر خىل قەتئىي ئىرادىگە، بىر ياۋايى ئايانماس قۇدرەتكە، بېسىپ بولماس ھەم تەن ئالماس بىر ئاساۋ ئىستەككە ئايلىنىپ مېنى ئاشۇ قاتىللىققا تەييارلاۋاتاتتى. مەن مۇشۇ ئىچكى كۈچنىڭ، قىساسقا تەشنا نەپرەتنىڭ ياردىمىدە ناھايىتى ئوڭايلا مەقسىتىمگە يېتەلەيتتىم،

ناھايىتى ئۇخلايلا...

لېكىن... بۇنداق قىلسام ئاخىرقى ھېسابتا ئۆزۈم، ياق، خۇدا ھەققى ئۆزۈم نېمىلا بولسام بەرىبىر ئىدىكى، ئالدى بىلەن ئاشۇ ئاپام، ئاشۇ بەختسىز خوتۇن ۋەيران بولاتتى. مەن بىرنېمە بولسام، ياق، خۇدا ھەققى مەن بۇ يەردە مەۋجۇت ئەمەسقۇ، ئۇ كوچىدا قالسا... خانىۋەيران بولۇپ كەتسە دادام راۋا كۆرەرمىدى؟ ئۆزۈم ئاشۇ ھالەتنى كۆرۈش پۇرسىتىگە ۋاقىتلىق بولسىمۇ ئېرىشەلىسەم، مەن چىدالارمەنمۇ؟ چۈنكى ئۇ دادامنىڭ ئايالى ئىدى. مېنىڭ ئاپام ئىدى... مەن قايسى تەقدىرگە دۇچ كېلىمەن، بۇ مەن ئۈچۈن بەرىبىر، ئۆلسەم دادامنىڭ، ئاشۇ دادامنىڭ يېنىغا كېتىمەن، شۇ... لېكىن...

مېنى مۇشۇ قارام پىلانىدىن، مۇشۇ خەتەرلىك تەۋەككۈلچىلىكتىن ئاشۇ ئاپاملا ساقلاپ قالالايدىكەن؟ بۈنى مەن مۇشۇ ئۈن كۈن ئىچىدە تونۇپ يەتتىم. ئاپام مۇبادا ئاشۇ ئۆيدىلا بولىدىكەن، مەن ئۇ سۇ كالىسىغا قول سالالمىغىدەكمەن! مەن ھەم ئاخىرقى ھېسابتا ئاپامنىڭ ئاشۇ ئۆيدە ئەبەدىي تۇرۇپ قېلىشىنى خالاپ قالدىم... ئاپام ئۇ ئۆيدىن چىقىپلا كەتسە ئۇ چاغدا... مەن شۇ كېچىسىلا قاتىللىغا ئايلىنىمەن-دە، ئاپام تەلتۆكۈس تۈگىشىدۇ...

مەن تورۇسقا چەكچىيىپ ئۇنچىقماي ياتىمەن. ئېيەسسىز ئىستەكلەر، قۇتۇرۇنغان ئېھتىياللىقلار، خىرە ۋە يىراق كۆرۈنىدىغان گۈڭگا ئىستىقباللار، پىچاق، قان، جەسەت، كۆز يېشى، پەرياد، ئەگرى ۋە خەتەرلىك ئىسقىماقلار، باھانە-سەۋەب، تەسەللىلەر، قارام، بىۋاش، خەتەرلىك ئارزۇلار... ھەممىسى، ھەممىسى مېنىڭ كۆزۈمگە روشەن نامايان بولۇۋاتىدۇ. ھەتتا مەن ئاشۇلاردىن چاچقىغان چىركىن، قاڭسىق ھىدنى، شۇلارنىڭ بىر-بىرىگە قاتتىق سوقۇلۇشىدىن ئاڭلانغان غالجىر كۈلكىنى، سەكراتتىكى خىرقىراشنى، قاننىڭ تۆكۈلگەن ۋاقتىدىكى شارقىرىشىنى، پەريادنى، نالە-زارىنى، ئۇزۇندىن-ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئەگرى-بۈگرى، قاراڭغۇ، خەتەرلىك چىغىر يولدا تەنھا كېتىۋاتقان ئادەمنىڭ ئىڭرىشى، ئۈمىدسىز، قارام... ئاياغ تىۋىشىنى، ھەممىنى، ھەممىسىنى بىۋاسىتە، روشەن ھېس قىلىۋاتىمەن. ئاپام بىر چاغدا بېشىنى كۆتۈردى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدە بىر خىل يېلىنىش، چارىسىزلىك، ئۈمىد، ئىككىلىنىش، تەشقىسلىق ئارىلىشىپ كەتكەن بىر بىچارىلىك ۋە مەيۈسلۈك ئەلەڭلاپ تۇراتتى.

— ما... ماقۇل، سېنىڭ دېگىنىڭچە بولسۇن، مەن ئاجراشماي... لېكىن ئوقۇشۇڭنى...

— كارىڭ بولمىسۇن! — دېدىم مەن قوپاللىق بىلەن. شۇ گەپنى دېدىمۇ يۈرىكىم سىرقىرىدى. مەن شۇ تاپتا ئاپام بىلەن، ئۆتمۈشۈم بىلەن، باللىقىم بىلەن، كىچىك ۋاقتىمدىكى تاتلىق چۈش ۋە ئارزۇلىرىم بىلەن ۋە كېيىن ئۇنى بىتچىت قىلىۋەتكەن بىر قارا كۈچ بىلەن خوشلىشىۋاتاتتىم. قوپاللىق بىلەن لېكىن چىرايلىقچە خوشلىشىۋاتاتتىم...

ئاپام بىرنەرسىنى چۈشەنگەندەك بولۇپ جىم بولدى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن، ئاشۇ چىرايلىق كۆزلىرىدىن ئىككى تامچە ياش ئۇنىڭ سولغان مەڭزىگە دومىلاپ چۈشتى...

— لېكىن مۇشۇ ئۆيدە تۇرۇۋەرگىن...

ئۇ ھۆكرەپ يىغلىۋېتىشتىن قورقۇپ ئورنىدىن ئېتىلىك قوپۇپ تالاغا ماڭدى. مەن بايىدىن بېرى ئۇنىڭغا قارىماسلىققا تىرىشقانىدىم. ئۇ ئالدىراپ تالاغا چىقىپ كېتىۋاتقىنىدا ئۇنىڭ ئارقىسىدىن زىبا، لېكىن ھالسىز قامىتىگە تويماي قاراپ كەتتىم. يۈرىكىم بىر قىيماسلىق ھېسسىسى بىلەن تولغانىدى. ئاشۇ ئايال مېنىڭ ئاپام-ھە، بىچارە ئاپام...

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

# ئۈچ شېئىر

تۇرسۇنئاي ھوسەيىن

## نۇزۇگۇم قوشىقى

ئىلىخۇغا يەتكۈچە
نازۇك پۇتۇڭ تالدىمۇ؟
دەشتى-چۆلدە ساناقسىز
ھەمراھلىرىڭ قالدىمۇ؟

تاغاق كۆرمەي ئالتە ئاي
چوۋۇلدىمۇ چاچلىرىڭ؟
چېچىكىنى قومۇشنىڭ
قىزارتتىمۇ قان-يېشىڭ؟

ئەرك ئۈچۈن قەد كىرىپ
باغلاندىمۇ بىلىكىڭ؟
ئۇچىقىدا زۇلمەتنىڭ
داغلاندىمۇ يۈرىكىڭ؟

ئامراق ھەدەم نۇزۇك ئاي،
تاراپ قوياي چېچىڭنى!
نۇرلىرىدا قۇياشنىڭ
سۈرتۈپ قوياي يېشىڭنى!

## دەريا ناخشا ئېيتىدۇ

شاۋقۇن سالار بىر دەريا،
ئېيتىپ ناخشا كۈيىنى.
دېدى بالا « ئەي دەريا
سەن سۆزلەيسەن نېمىنى؟ »

« سۇغاردىم مەن ئەي ئوغۇل،
ئاپراسياپنىڭ ئېتىنى.
توشقۇغانتىم تاغ يۈرەك
ئوغۇزخاننىڭ خېتىنى.

بولدۇم ئەينەك، تارسا
مەختۇمسۇلا چېچىنى.
ھەمدەم بولدۇم چىن تۆمۈر
كەسسە ياۋنىڭ بېشىنى.

بولدۇم بۆشۈك تاھىرغا،
بولدۇم زۆھرە دىلكەشى.
سۇلىرىمنى ئۇلغايتتى
دەردمەن ئەلنىڭ كۆز يېشى ».

دەريا ناخشا ئېيتىدۇ،
پەسلىمەيدۇ دولقۇنى.
سەبىي دىلغا تۇتاشتى
ئۆچمەس مەردلىك يالقۇنى.

uyghurkitap.com

## قەدىمكى شەھەر خارابىسى

ئالەمگە ئوت پۈركەر دۈۋە-دۈۋە قۇم،
شامالدا بارخانلار تارتىدۇ نەرە.
رىۋايەت سۆزلەيدۇ گويا تاش كاللا،
تۇرىدۇ بايلىقى قېزىلغان قەبرە.

تاش قورال دەۋرىگە شاھىتتۇر ساپان،
تارىخنى قايتا ياز دەيدۇ تاش تونۇر.
سەلتەنەت ئىگىسى كىيىپ ئالتۇن تاج،
قەبرىدە تىرىكتەك ياتار بەھۇزۇر.

قەدىمكى ئۆيلەردە بەھەيۋەت ھەيكەل،
ئادەم ۋە ھاۋادىن سۆزلەيدۇ ساۋاق.
كۆپ ئەسىر مۇقەددەم يېزىلغان كىتاب،
ئەجدادىم ئەجرىدىن ئۆرۈيدۇ ۋاراق.

قەدىمكى شەھەردە كۆكەرگەن نىھال،
ھاياتلىق نۇرىدىن بېرەتتى دېرەك.
ئارخلوگ نەۋقىران يىگىتنى شۇ دەم،
ھاياجان ۋە غۇرۇر چۇلغاپ ئالدى بەك.

## ئىككى شېئىر

### مۇھەممەت ئىمىن

### پېشمنى قاقئانلار كەتتىكىن قايان

ئۆرلىدىم ئېگىزگە پەلەمپەي ئاتلاپ،
قونىدى پېشمگە زەررە توپا-چاڭ.
قاتمۇ-قات چەمبىرەك قىلىنىپ ھاسىل،
ياڭرىدى ھەريانىدىن يېقىملىق ئاھاڭ.

تۈيۈقسىز دوملاپ چۈشتۈم ئېگىزدىن،
يۆلەپمۇ قويمىدى بىر ئادەم كېلىپ.
پېشمنى قاقئانلار كەتتىكىن قايان،
ياكى يەر يۇتتىمۇ قەھرى يېرىلىپ؟

### ئۇگشالماس جاھان

ئانا يىغلار يۈرەك پارى دەردىدە،
بالا يىغلار سۆيگەن يارى دەردىدە.

### نىگارىمغا

### ئەكبەر جاپپار

كۆرگىنىمگە بۇلاقلار قىلىدۇ ھەسەت،
دولقۇنلۇق قەلبىڭگە دېڭىزلارمۇ ھەم!
چېھرىڭدىن تولۇئاي بولۇر سەرخۇش-مەست،
بولغاچقا سىنىڭدە نۇرلار مۇجەسسەم.


دورىغان قۇندۇزلار چېچىڭنى ئەركەم،
دورىغان قىياقلار ئەگىم قېشىڭنى.
بەتلەنگەن ئوقيادۇر كىرپىكىڭ دېسەم،
ئوخشتاي نىمگە سەدەپ چىشىڭنى؟

يورۇتار قەلبىمنى كۆزۈڭدىكى نۇر،
يورۇتار زىنىقىڭ چۆكتۈرگەن كۆلكە.
ئاۋازىڭ خۇشناۋا ۋە لېكىن مەغرۇر،
بۇلبۇللار سېنىڭدىن ئالغانمۇ ئۆلگە؟

# موسكۋا خىياللىرى

(ئەدەبىي خاتىرە)

**نەبىجان تۇرسۇن**



ئاپتور 1964-يىلى ئۈچتۇرپاندا تۇغۇلغان. 1985-يىلى مەركىزىي مىللەتلەر داشۆسىنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنى تاماملاپ، شىنجاڭ داشۆنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا تەقسىم قىلىنغان. 1987-يىلى مەركىزىي مىللەتلەر داشۆسىدە بىر يىل پارىس ۋە چاغاتاي تىلى بويىچە بىلىم ئاشۇرغان. 1989-يىلى شىنجاڭ داشۆنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتى تەتقىقات شۆيۈەنىگە ماگىستىرلىق ئۇنۋانى بويىچە ئاسپىرانتلىققا قوبۇل قىلىنىپ، 1990-يىلى موسكۋادىكى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق شۆيۈەنىگە ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى بويىچە ئاسپىرانتلىققا ئەۋەتىلگەندىن كېيىن ئۇ يەردە 1995-يىلىغىچە ئوقۇغان ۋە تارىخ، پەلسەپە دوكتورى ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن.

نەبىجان تۇرسۇن 1983-يىلىدىن تاكى هازىرغىچە شىنجاڭ، ئالما-ئاتا، بىشكەك ۋە موسكۋا، ئامېرىكا مەتبۇئاتلىرىدا ئۇيغۇرلار ۋە مەركىزىي ئاسىيا تارىخىغا ئائىت 50 پارچىدىن ئارتۇق ماقالە ئېلان قىلغان. «ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ۋە دەسلەپكى ئوتتۇرا ئەسىرلەر تارىخى» ناملىق كىتابى موسكۋادىكى «شەرق ئەدەبىياتى» نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان.

نەبىجان تۇرسۇن ئۇيغۇر تارىخى تەتقىقاتىدىن باشقا يەنە ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەنمۇ شۇغۇللانغان. ئۇ، 1765-يىلىدىكى ئۈچتۇرپان قوزغىلىڭىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان «قانغا بويالغان تاغ» ناملىق تارىخىي رومانىنى (دادىسى تۇرسۇن بارات بىلەن بىرگە) يازغان. بۇ رومان قازاقىستان يازغۇچى نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشردىن چىقىش ئالدىدا. ئۇ يەنە «سۇنماس زۇلپىقار» ناملىق تارىخىي پوۋېستىنى ۋە باشقا بەزى تارىخىي هېكايىلىرىنى ئېلان قىلغان.

ئۇ هازىر روسىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق شۆيۈەنىنىڭ ئالىي دوكتورلۇق ئۈچۈن ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىسى ۋە مەزكۇر شۆيۈەنىنىڭ تەتقىقاتچىسى، شۇنداقلا موسكۋا شەرق داشۆسىنىڭ چەتتىن تەكلىپ قىلىنغان دوتسېنتى، خەلقئارا ئورال-ئالتاي ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى 12 مۇقام ۋە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي هەيئەت ئەزاسى، روسىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

«موسكۋا خىياللىرى» ئاپتورنىڭ نەشرگە تەييارلىغان شۇ ناملىق كىتابىنىڭ بىر قىسمى. بۇ ئەدەبىي خاتىرە ئاپتورنىڭ موسكۋادا كۆرگەن-بىلگەنلىرى ئاساسىدا يېزىلغان بولۇپ، غەرب مەدەنىيىتى بىلەن شەرق مەدەنىيىتى سېلىشتۇرۇلۇپ، ئۇلاردىكى ئالاھىدىلىك ۋە يېتەرسىزلىكلەر ئىلمىي يوسۇندا كۆرسىتىپ بېرىلگەن.

## مۇقەددىمە

موسكۋاغا قەدەم تەشرىپ قىلماي تۇرۇپمۇ بۇ شەھەر خۇسۇسىدا ھەر خىل تەسەۋۋۇرلارغا كېلىش مۇمكىن. لېكىن دۇنيانىڭ مەشھۇر شەھەرلىرىدىن بولغان، شۇنداقلا ئىنسانىيەتنىڭ ئالەمشۇمۇل تارىخىي سەرگۈزەشتىلىرىنى باشتىن كەچۈرگەن بۇ خاسىيەتلىك پايتەختتە ياشاپ، ھاياتتىكى ئەڭ ئاچچىق ھەم ئەڭ تاتلىق سەرگۈزەشتىلەرنى ئەسلەپ ياكى كېلەچەك توغرىسىدا شېرىن خىياللارنى سۈرگىنىڭىزدە، دۇنيانىڭ كۈندىلىك سىياسىي ۋەزىيىتى توغرىسىدا باش قاتۇرۇپ باققىنىڭىزدا تېخىمۇ ئاجايىپ تەسەۋۋۇرغا كېلىسىز. كەمىنە بەش يىلدىن بۇيان مانا شۇنداق تەسەۋۋۇر دۇنياسىدا يۈرۈپ، ئۆزۈمنى گاھىدا تارىختىكى باتۇر تەڭرىقۇتتەك، گاھىدا مۇھەببەت داستانلىرىدىكى پەرھاد، تاھىردەك، گاھىدا ئالىملاردەك ياكى مىليونېرلاردەك ھېس قىلساممۇ، لېكىن كۆپىنچە ئۆزۈمنى دۇنيادىكى ئەڭ ناتىۋان يېتىم بالىدەك، كوچىدا قالغان سەرگەرداندەك ھېس قىلىمەن. تېرۋىنلىرىمغا نازۇك ۋە شېرىن، ئاچچىق ۋە ئۆكۈنۈش تۇيغۇلىرىنى بەخش ئەتكەن بۇ ئۇلۇغ شەھەرنىڭ سان-ساناقسىز كۆپ قەۋەتلىك بىنالىرىدا ئادەتتىكىدەك ھەر كۈنى گۈگۈم قويۇنىدا چىراغلار جىمىرلاپ كەچلىك ھايات باشلانغاندا مەنمۇ كىچىككىنە كۈلبەمدە تەپەككۇر دۇنياسىغا غەرق بولىمەن. بەزىدە تامغا چاپلانغان «دۇنيانىڭ سىياسىي خەرىتىسى» گە قاراپ ئولتۇرۇپ ئۇنىڭ ئۆتمۈشى ۋە بۈگۈنى، شۇنداقلا كېلەچىكى توغرىسىدا قىياسلار دۇنياسىغا غەرق بولىمەن.

كۆز ئالدىمدا ئاجايىپ مەنزىرىلەر پەيدا بولىدۇ. تۇرۇپلا ئىستانبولنىڭ فوسفور تۆمۈر كۆۋرۈكى نامايان بولسا، تۇرۇپلا قايناق-تاشقىنلىق مەدەنىي پارىژ كوچىلىرى، ھەيۋەتلىك ئېفىر مۇنارىسى، نيۇ-يوركنىڭ ئايال ئەركىنلىك ئىلاھ ھەيكىلى، شۇنداقلا بۇخارا، سەمەرقەنتنىڭ ئوتتۇرا ئەسىر بىنالىرى، ئالما-ئاتىنىڭ يېشىللىققا پۈركەنگەن پاكىز كوچىلىرى پەيدا بولىدۇ ۋە شۇنىڭغا ئۇلىنىپلا ئوتتۇرا ئەسىر پۇرىقى تېخى كەتمىگەن ئەزىزانە قەشقەرنىڭ ھېيتگاھ مەيدانى، غېرىبانە خوتەننىڭ توپا ئۇچۇرۇپ تۇرىدىغان كوچىلىرى، ئۈرۈمچىنىڭ سانجاق-سانجاق ئادەملەر بىلەن تولغان تۆمۈر رىشاتكىلىق كوچىلىرى، شۇنداقلا دۆڭكۆۋرۈكتە يۈرۈشكەن قارا كۆزلۈك تىلەمچىلەر، تۇرپاننىڭ بېزەكلىك غارلىرى بىلەن كۇچانىڭ مىڭ ئۆيلىرى، بىپايان تەكلىماكان قۇملۇقى، شۇنداقلا ئۇنىڭ جاي-جايلىرىدىن ماگمىدەك ئېتىلىپ چىقىپ دەريادەك ئېقىۋاتقان نېفىتلىرى، تونىلاپ قېزىلىۋاتقان ئالتاينىڭ ئالتۇنلىرى بىلەن جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنى گىگانت قىلىپ دۇنياغا كۆرسىتىۋاتقان ئۇرانلىرى، شۇنداقلا تۈگىمەس-پۈتمەس زاپاسلىرى بىلەن ئىنسانىيەتنى ئىسسىتىۋاتقان كۆمۈرلۈكلەر... رېتى-رېتى بىلەن كۆز ئالدىمدىن ئۆتىدۇ. بەزىدە كايىيمەن، بەزىدە كۆز ياشلىرىم تاراملاپ ئاقىدۇ. بەزىدە بولسا كۈلۈپ كېتىمەن. مېنىڭ بۇ قىياپىتىمنى كۆرگەن ھەمراھلىرىم ھەيرانلىق بىلەن باشلىرىنى چايقاپ ماڭا ھېسداشلىق سۆزلىرىنى قىلىشىدۇ. رۇسلار گەپكە ئۇستا، تۈز مىجەزلىك خەلق، بولۇپمۇ رۇس ئاياللىرى تېخىمۇ شۇنداق. كۆيۈمچانلىق — ئۇلارنىڭ چوڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنىڭ بىرى. ئۇلار سېنىڭ يىغلىغىنىڭنى كۆرسە تەڭ يىغلاپ بېرىشكە تاسلا قالىدۇ. سېنى ئەڭ نازۇك تۇيغۇلىرى، يۇمشاق گەپلىرى بىلەن يەپلەپ كۆڭلۈڭنى كۆتۈرۈشكە تىرىشىدۇ. ئۇنىڭ سېنىڭدىن كۈتىدىغىنى ئىلمىلىك ۋە لاتاپەتلىك، قىسقىسى بىزنىڭ قىزلىرىمىزغا (ئاياللىرىمىزغا) ئىشلىتىدىغان قوپال گۈركەرەشلىرىمىز، تىلىمىزدىكى پاساھەتسىزلىكلەر ئۇلار ئۈچۈن «غەلىتە» ھېسابلىنىدۇ. رۇس

ئاياللىرى سىنى پەيلىگەندە ئۆزۈڭنى گويا بەچچە ياشلىق بالىدەكلا ھېس قىلىسەن. ئەپسۇسكى، مېنى مۇنداق مېھرىبانلىقلارمۇ سەۋدالىق كېسىلىدىن قۇتۇلدۇرالمىدى. ئاشۇ كۆپكۆك دېڭىز سۈيىدەك كۆزلەر ئۆزلىرىنىڭ چوڭقۇر قاينامىلىرىغا مېنى غەرق قىلىۋېتەلمىدى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئانا ۋەتەن سېغىنىشى توغرىسىدا قولىغا قەلەم ئېلىپ موسكۋا خىياللىرىنى بايان قىلىش قارارىغا كەلدىم.

## تۇنجى قەدەم

1990-يىلى 23-مارت. باش باھارنىڭ سىم-سىم يامغۇرلۇق كەچلىكى ئىدى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بېيجىڭدىن ئۇچقان ئىل — 86 تىپلىق ئايروپىلانى موسكۋانىڭ «شېرمېتۋا — 2» ناملىق خەلقئارا ئايرودرومىغا يېنىككىنە قوندى. ئەنە شۇ كۈندىن ئېتىبارەن موسكۋا ھەققىدىكى خىياللىرىمنىڭ، ياق، ئانا ۋەتەنگە بولغان ھەقىقىي سېغىنىشىمنىڭ مۇقەددىمىسى باشلاندى.

مەن موسكۋا شەھىرىنىڭ خەرىتىسىگە قاراپ ئاخىرى مېنى ئوقۇشقا قوبۇل قىلغان سابىق س س س ر پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ شەرقشۇناسلىق شۆبىسىنى تېپىۋالدىم. تاكسىنىڭ ياردىمى بىلەن موسكۋا شەھىرىنىڭ مەركىزىگە، يەنى قىزىل مەيداندىن ئانچە يىراق بولمىغان روژدېستۋېنكا كوچىسىغا جايلاشقان، سابىق س س س ر دىكى ئەڭ چوڭ شۇنداقلا دۇنياغا مەشھۇر شەرقشۇناسلىق شۆبىسىگە كىرىپ ئۆزۈمنى مەلۇم قىلدىم. ئاسپىرانتۇرا باشلىقى ۋاسىلىي كارپوۋىچ ناھايىتى قىزغىنلىق بىلەن مېنى قارشى ئالدى ھەم بىردەمدىن كېيىن مېنى ئىلمىي رەھبىرىم، ئاتاقلىق تۈركولوگ، ئۆمۈر بويى قەدىمكى تۈرك ۋە ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرى ھەم تارىخى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ ئىلىم ساھەسىدە شۆھرەت قازانغان ئالىم دىمىترى ۋاسىليۋ بىلەن تونۇشتۇردى. ئۇ مېنىڭ رۇس تىلىدا ئۆزى بىلەن بىمالال سۆزلىشەلمىگەنلىكىمنى كۆرۈپ، مېنى قىزغىن قۇچاقلاپ ھاياجان بىلەن «يارايسىز، ھەقىقىي يىگىتكەنسىز، ئۇلۇغ ئۇيغۇر مىللىتى بىلەن تىل تېپىشىش ھەرقاچان ئاسان» دېدى. بىز چاي ئىچكەچ پاراڭلاشتۇق. مەن پاراڭ ئارىسىدا ئىشخانىنىڭ بېزىلىشىگە دىققەت قىلدىم. مۇئەللىمنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە بۇ سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلار ئىتتىپاقىنىڭ ئىشخانىسى بولۇپ، مۇئەللىم مەزكۇر ئىتتىپاقنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئىكەن. قىزىق يېرى شۇكى، ئىشخانىنىڭ بىر تېمىدا 19-ئەسىردىكى ئاتاقلىق رۇس شەرقشۇناسى ن. بىچۇرىننىڭ سۈرىتى ئېسىلغان. يەنە بىر تامغا تۈركىيە مەنزىرىسى چاپلانغان. مەن شىنجاڭدا نەشر قىلىنغان ئۇيغۇر ئۇسسۇلچى قىزلىرىنىڭ ھەر خىل ئۇسسۇل سۈرەتلىرىدىن تەركىب تاپقان 1990-يىللىق كالىندارنى مۇئەللىمگە تەقدىم قىلدىم. ئۇ بۇ كالىندارنى زور ئىشتىياق بىلەن كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن تامغا ئېسىپ قويدى ۋە «مانا بۈگۈن 3-ئايدىن باشلاپ رۇس ۋە ئۇيغۇر تارىخىدا يېڭى كۈن، يەنى بىزنىڭ شەرقشۇناسلىق شۆبىسىنىڭ تېمىدا مۇنداقچە ئېيتقاندا پۈتۈن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شەرقشۇناسلىق مەركىزى بولغان بۇ ئىشخانىنىڭ تېمىدا تارىختا تۇنجى قېتىم ئۇيغۇر كالىندارى ئېسىلدى» دېدى ھاياجان بىلەن ئۈنلۈك ئاۋازدا. ئىشخانىدىكى كاتىپ، ماشىنىستكا ۋە باشقا خادىملارمۇ چاۋاك چېلىشتى. مەنمۇ بەك ھاياجانلىنىپ كەتكەنىدىم. دېمەك مېنىڭ ھاياتىمدىكى سوۋېت ئىتتىپاقىدا باشلانغان تۇنجى كۈنۈم مانا مۇشۇنداق تەسىرلىك ئۆتتى. مۇئەللىم مېنى مۇناسىۋەتلىك بۆلۈملەرگە باشلاپ كىرىپ ئالىملارغا تونۇشتۇردى ۋە ئاخىرىدا مەن تەقسىم قىلىنغان «شەرق ئوتتۇرا ئەسىرلەر تارىخى تەتقىقات بۆلۈمى» گە

باشلاپ كىرىپ باشقا ئالىملارغا تونۇشتۇردى. بۇ يەردە مەخسۇس ئۇيغۇر تارىخى تېمىلىرى ئۈستىدە ئىشلەۋاتقان بىرقانچە ئالىم بار ئىدى. ئۇلار مەن بىلەن قىزغىن كۆرۈشتى، ھەممىسى ئەڭ تاتلىق سۆزلەر بىلەن ئۇيغۇر مىللىتى توغرىسىدا ئاغزى-ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەشتى. بىز كۆپ پاراڭلاشتۇق. چۈشتىن كېيىن ۋاسىلىۋ مېنى ماشىنىغا ئولتۇرغۇزۇپ موسكۋا شەھىرىنى ئايلاندۇردى... ھە مانا بۇ «ماكسىم گوركى باغچىسى»، مانا بۇ موسكۋادىكى ئەڭ چوڭ كوچا «ماكسىم گوركى كوچىسى»، مانا بۇ «ماياكوۋسكى ھەيكىلى»...

ئۇستازىم يول بويى ھەر بىر كوچا ھەتتا ھەر بىر ھەيۋەتلىك بىناغىچە تونۇشتۇرۇپ ماڭدى. موسكۋا كوچىلىرى ھەقىقەتەن رەتلىك، ھەممە ئورۇن ئۆز رېتى بويىچە ئورۇنلاشقان. ماگىزىنلار ئاز بولۇپ ئادەملەر رەتلىك، پاكىز كىيىنىشىپ تېز-تېز قەدەملەر بىلەن مەغرۇر يۈرۈشەتتى. كوچىدا ماشىنىلارنىڭ گۈركىرەشلىرىدىن باشقا ھېچقانداق ۋاڭ-چۇڭلار يوق، قىسقىسى كاۋاپچىلار، تاڭجاڭلارنىڭ، زاسۇيپەزلەرنىڭ، پىچاق چاقلىغۇچىلارنىڭ ئالىتاغىل ۋارقىراشلىرى، ماشىنىلارنىڭ قالايمىقان ئۇرۇلغان زىڭۋانوكلىرى بۇ يەردە مەۋجۇت ئەمەس ئىدى، بۇ يەردە مەززىلىك تاماق پۇرىقى كېلىپ تۇرىدىغان قاتار-قاتار ئاشخانىلاردىن قىلچە ئەسەر يوق بولۇپ، قورسىقىڭ ئاچسا ئۆيۈڭگە قايتىشتىن باشقا ئامال يوق. رۇسلارنىڭ بۇ ئىشلارغا كۆڭۈل بۆلۈشكە ۋاقتى يوق بولسا كېرەك. قىسقىسى ئۇلار قورساق تويغۇزىدىغان جايلارنى كۆپلەپ قۇرۇشنى ئويلاشمىغانىدى. ئەكسىچە بىزنىڭ جۇڭگولۇقلار قورساقنى بىرىنچى ئورۇنغا قويغىنىمىز ئۈچۈن، قورساق ئۈچۈن ياشاپ يەنىلا شۇ قورساق غېمىدە بۇ دۇنيادىن ئايرىلىدىغانلىقىمىز ئۈچۈن بىرىنچى بولۇپ شەھەرلەرنى ئاشخانىلاشتۇرۇشنى ئويلاشقان بولسا كېرەك. دېمىسىمۇ موسكۋاغا كەلگەن ئۈچ يىلدىن بۇيان قىزىق بىر پىيالە چاي، ئىسسىق بىر تەخسە لەغمەن، تۆت زىخ كاۋاپ ياكى بولمىسا تونۇردىن يېڭى سويۇلغان شىرمان نان بىلەن شورپىلىرى ئېقىپ تۇرغان سامسىلارنى سېغىنىدىم، ئاشۇ يېمەكلىكلىرىمىزگە زار بولدۇم؟! مېنىڭ بىلەن بېيجىڭدىن بىرگە چىققان ھەمراھلىرىمۇ باشلىرىنى ساڭگىلىتىپ ئەپسۇسلۇق بىلەن ماڭا قاراشماقتا. ئۇلارنىڭ كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ جاۋغايلىرى يېرىلىپ گەز باغلاپ كەتكەن بولۇپ، توختىماي «تۆت تەخسە سەي» نىڭ گېپىنى قىلىشىپ ئۆيلىرىنى ئەسلەشمەكتە ئىدى.

ئۇستازىم مېنىڭ چىرايىمغا قاراپ بىرنەرسىنى سەزدى بولغاي «ساقلىقىڭىز يوقمۇ-نېمە؟» دەپ سورىدى. «ھە» دېدىم مەن «ئۈچ كۈن بولدى. بېشىم قېيىپ، كۆڭلۈم ئېلىشىۋاتىدۇ». «بەلكىم ھاۋا ماسلاشمىدى بولغاي، كۆنۈپ قالىسىز» دېدى ئۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇرغاچ ماشىنىسىنى بۇراپ، بىردەم ماڭغاندىن كېيىن كونا بىر بىنانىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى ۋە «ئۆيگە مەرھەمەت، سىزنى چايغا تەكلىپ قىلىمەن» دېدى. بىز ئۆيگە كىردۇق. بۇ مېنىڭ ھاياتىمدا كۆرگەن تۇنجى رۇس كىشىنىڭ ئۆيى ئىدى. رۇس ئۆيلىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ئۇيغۇرلارنىڭكىدىن چوڭ پەرق قىلمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم. ۋاسىلىۋ كۈلۈپ تۇرۇپ «مېنىڭ ئۆيۈمدە قورقماي چاي ئېچىشىڭىزنى ۋە تاماق يېيىشىڭىزنى تەكلىپ قىلىمەن، چۈنكى بىز چوشقا گۆشى ئىشلەتمەيمىز» دېدى ئەسكەرتىپ. شۇنداق قىلىپ موسكۋا ھاياتىمدىكى تۇنجى ئىسسىق چاي بىلەن ۋە ئىسسىق تاماق (كالا گۆشى بىلەن كارتوشكا) نى مۇئەللىمنىڭ ئۆيىدە يېيىشكە مۇيەسسەر بولدۇم. جىسمىمغا قايتىدىن كۈچ كىرگەندەك بولدى. قورساق تويغۇزغاندىن كېيىن بىز يەنە سىرتنى ئايلىنىش قارارىغا كەلدۇق. مانا ئەمدى شەھەر مەنزىرىسى

باشقىچىرەك كۆرۈنۈشكە باشلىدى. خېلىلا روھلىنىپ قالدىم. ۋاسلىۋ موسكۋا شەھرىنىڭ تارىخىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ، ئۆتكەچ قوشۇمچە قىلىپ «قەشقەرنىڭ تارىخى موسكۋانىڭ تارىخىدىن مىڭ يىللار ئۇزۇن. بىز رۇسلار ياكى سىلاۋىيانلار موسكۋا شەھرىنى بەرپا قىلىپ ئەمدى ئورمان ھاياتىمىزنى ئاخىرلاشتۇرۇپ سىلاۋىيان دۆلىتىنىڭ ئاساسىنى قۇرغان ۋاقتىمىزدا سىلەر ئۇيغۇرلار ئالىقاچان شەھەرلىشىپ ھەم كۈچلۈك دۆلەتلەرنى قۇرۇپ بولغان، شانلىق يۇقىرى مەدەنىيەت ھاياتىدا ئىدىڭلار» دېدى. ئۇ يەنە قوشۇمچە قىلىپ: < مەشھۇر كلاسسىك رۇس تۈركولوگلىرىدىن ۋ. رادلوف «ئۇيغۇرلار قەدىمكى تۈركى خەلقلەر جۈملىسىدىن بولۇپلا قالماستىن، بەلكى قەدىمكى ۋاقىتلاردىن باشلاپلا تۈرك قەبىلىلەر ئىچىدە باشلامچىلىق ئورۇننى ئىگىلىگەن ئەڭ قەدىمكى، كۆپ سانلىق تۈركى خەلق ئىدى > دېگەن. مەشھۇر رۇس ئالىمى س. مالوۋمو < ئۇيغۇرلار قەدىمكى ۋاقىتلاردا يۇقىرى دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان شەھەر ھاياتىنى باشتىن كەچۈرگەن مەركىزىي ئاسىيادىكى ئەڭ مەدەنىيەتلىك خەلق ئىدى» دېسە، ئامېرىكىلىق مەشھۇر رۇس شەرقشۇناس گ. ۋېرنادسكى «ئۇيغۇرلارنىڭ ئوتتۇرا ئەسىرلەر مەركىزىي ئاسىيا تارىخىدىكى رولى سىياسىي ۋە مەدەنىي مۇناسىۋەتلەردە ئالاھىدە كۆزگە كۆرۈنەرلىك بولغانىدى. ئۇلار جۇڭگودىن تاكى كاسپىي دېڭىزىغىچە بولغان ئوتتۇرىدىكى سودا يولىنى كونترول قىلىپ جۇڭگو مەدەنىيىتى بىلەن ھىندى-ياۋروپا مەدەنىيىتى ئوتتۇرىسىدىكى كۆپلىگەن مۇناسىۋەتلەردە ۋاستىچىلىك رول ئوينىدى > دەپ ھۆكۈم قىلىشىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ تارىختىكى ئورنى ۋە رولىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەندى. ئەگەر ھازىر دۇنيادىكى 40 نەچچە دۆلەتتە ئۇيغۇرلارنى تەتقىق قىلىۋاتقان ۋە ئالدىنقى ئەسىرلەردە ئۇيغۇرلارنى تەتقىق قىلغان شەرقشۇناسلارنىڭ ئۇيغۇرلار توغرىسىدىكى خۇلاسىلىرىنى بىر-بىرلەپ ئېيتىپ ئولتۇرساق گەپ ئۇزىراپ كېتىدۇ. قىسقىسى سىلەر ئۇيغۇرلار ناھايىتى ئۇلۇغ بىر خەلق. بۇ تارىخىي ۋە ئىلمىي يەكۈن. ئەلۋەتتە، بۈگۈنكى ھالىتىڭلارنى مەن ئەيىبلىمەكچى ئەمەسمەن، قىسقىسى سىلەر يەنىلا ئۆز تىرىشچانلىقىڭلارغا تايىنىپ ياشاۋاتىسىلەر. كېلەچەكنىڭ سىلەردە بولۇش-بولماسلىقى پەقەت ئۆزۈڭلەرگىلا باغلىق» دېدى.

كەچكى ۋاننا ماڭا شۇنچىلىك ياقتىكى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بۇ گۈزەل شارائىتىدىن بەھۇزۇر ھوزۇرلاندىم. شۇنى قوشۇمچە قىلماي بولمايدۇكى، مەن سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدا ياشىغان كېيىنكى بىرقانچە يىل ئىچىدە ئۇلارنىڭ كۆپلىگەن ئۆزگىچىلىكلىرىنى كۆردۈم، قىسقىسى ھەرقانداق ئۆيدە، مەيلى چەت يېزا-قىشلاق بولسۇن ياكى شەھەردە بولسۇن 24 سائەت ئىسسىق سۇ تەييار تۇرىدۇ. ئېلېكتر، گاز، ئىسسىق سۇ بۇ يەردىكى ئادەملەرنىڭ ئېڭىدە ئەڭ ئەقەللىي تۇرمۇش ۋاستىلىرىدىن بىرى. ھايات ئاساسىي جەھەتتىن ئېلېكترلەشتۈرۈلگەن ۋە موتورلاشتۇرۇلغان بولۇپ، كۆپلىگەن ئائىلىلەر شەخسىي ماشىنىغا ۋە ياكى موتسىكلىتلارغا ئىگە. توڭلاتقۇ، كىر يۇيۇش ماشىنىسى، رەڭلىك تېلېۋىزور ۋە باشقا ئېلېكتر بۇيۇملىرى ئەڭ چەت يېزا-قىشلاقلارغىچە ئومۇملىشىپ بولغان. كىشىلەر ھەر كۈنى ئۆز ئۆيىدىكى ۋانىلىرىدا نەچچە ۋاق (ئىشتىن قايتىپ كەلگەن كەچتە ۋە ئەتىگەندە) يۇيۇنۇپ، پاكىز دەزماللانغان كىيىملەرنى كىيىشىپ، خۇش پۇراق ئەتىرلەرنى چېچىشىپ يۈرۈشىدۇ. كەچلىرى ئەڭ ياخشى كىيىملىرىنى، يەنى ئەرلىرى چوقۇم كاستۇم-بۇرۇلكىلىرىنى، ئاياللىرى ئۆزى خالىغان ياراشىملىق كىيىملىرىنى كىيىشىپ تىياتىرلارغا، كونسېرتلارغا بېرىشىدۇ. ئادەملەرنىڭ تىياتىرلاردا ئولتۇرۇشلىرىغا قارىسىڭىز شۇنچىلىك مەستلىكىڭىز

كېلىدۇ. ئۇلار قالايمىقان ۋارقىراشمايدۇ. ئۆزئارا كۇسۇلداشمايدۇ، ھەممە جىمجىت ئولتۇرۇپ دىققەت بىلەن نومۇرلاردىن ھوزۇرلىنىدۇ. زوروۇر تېپىلغاندا چاۋاك چالىدۇ ۋە ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن خالىغان ئارتىسقا گۈل تەقدىم قىلىدۇ (ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ تەقدىم قىلىدىغىنى بىرنەچچە تال گۈل ئەمەس). ئۇلارنىڭ كىينىشى، تىياتىرخانىلىرىنىڭ بىر ئارتۇقچىلىقى شۇكى، ئەگەر قىش كۈنلىرى بولسا سىز سىرتقى ئىشىكتىن كىرىپلا بىرىنچى بولۇپ پەلتۇيىڭىزنى، باش كىيىملىرىڭىزنى سېلىپ گاردىروپىكىغا (كىيىم ساقلايدىغان جاي) تاپشۇرىسىز - دە، يوپايكا ياكى كاستيۇم - بۇرۇلكىلىرىڭىز بىلەنلا ئولتۇرۇپ تىياتىر كۆرەلەيسىز. ئۇيغۇرلار تىياتىرغا بارغاندا ياسىنىشقا ئانچە دىققەت قىلمايدۇ. ئەرلەر ئاشۇ سىرتتا كىيىپ يۈرىدىغان شلەپىلىرى بىلەن ھەتتا قۇلاقچىلىرى بىلەن پەلتۇلىرىغا يۆگىنىپ ئولتۇرۇشىدۇ. ئەلۋەتتە مەن بۇنى ئەيىبلىمەكچى ئەمەسمەن. چۈنكى ئۈرۈمچى تىياتىرلىرى، رېستورانلىرى، جامائەت سورۇنلىرى ھەتتا ئىدارە - ئورگانلار، مەكتەپلەردە بىردەك ھالدا گاردىروپىكا تەسىس قىلىنمىغان. يىگىرمىنچى ئەسىرنىڭ 40 - ، 50 - يىللاردا بۇ مەدەنىيەت بىزدە مەۋجۇت ئىدى. بىزنىڭ ئۇيغۇرلار ياۋروپا يېڭى (سوۋېت ئىتتىپاقى، تۈركىيە ۋە باشقىلار ئارقىلىق) مەدەنىيەتنىڭ تەسىرىنى ئالللىقاچان قوبۇل قىلىپ ئاياللىرىمىز ئىگىز پاشنىلىق ئاياغلارنى كىيىپ، چاچلىرىنى بانتىلاپ، ئەرلىرىمىز كاستيۇم - بۇرۇلكىلارنى كىيىپ چاچلىرىنى مايلاپ ياكى دوپپىلىرىنى يارىشتۇرۇپ كىيىشىپ لىرىك ۋاللىس كۈيىگە پىرقىرىشاتتى. دېمەكچىمەنكى، ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ يۈكسەك قەدىمىي ۋە يېقىنقى زامان شۇنداقلا ھازىرقى زامان مەدەنىيىتىگە ئىگە خەلق بولغاچقا، ھازىر دۇچ كېلىۋاتقان ھەرقانداق مەدەنىيەت شاماللىرىغا يەنىلا ئىپرەنسىزلىك بىلەن مۇئامىلە قىلسا كېرەك. يەنە بىر پاكىتنى بۇ بىزنىڭ مەدەنىيەت پىسخىكىمىزغا ۋە مىللىي پىسخىكىمىزغا باغلىق بولۇپ، ياۋروپالىقلارنىڭ تەكشۈرۈشىچە ئۇيغۇرلار غەرب مەدەنىيىتىنىڭ ئېلېمېنتلىرىنى ناھايىتى تېزلا قوبۇل قىلالايدىغان ھەم شۇنىڭغا پىسخىكا جەھەتتىن يېقىنلىقى بار خەلق ئىكەن. دېمىسىمۇ 80 - يىللاردا جۇڭگو - سوۋېت مۇناسىۋىتىنىڭ نورماللىشىشى بىلەن ئۆزئارا بېرىپ كېلىشى باشلانغاندىن كېيىن ياۋروپا مەدەنىيىتى (ئەلۋەتتە، مەن بۇ يەردە نوقۇل ھالدا مەدەنىيەتنىڭ بىر تەرەپىنىلا كۆزدە تۇتىمەن) غۇلجا، چۆچەك ۋە ئۈرۈمچى كوچىلىرىدا قايتا نامايان بولدى. ئۇيغۇر يوۋاي - موماىلىرى ئۆتكەن بىر ئىنقىلابىدىن كېيىن شەكىللەنگەن ياۋروپا مودىسىدىكى كىيىملىرىنى بىراقلا 70 - ، 80 - يىللارنىڭ ياۋروپا پاسونىغا ئۆزگەرتتى. ئۇيغۇر قىز - يىگىتلىرى، ئوتتۇرا ياشلىقلىرى سوۋېت پەلتولىرى، شلەپىلىرى، شارپىلىرى، ئۆتۈكلىرى، كاستيۇم - بۇرۇلكىلىرىنى كىيىشىپ بىر مەھەل كىيىم - كېچەكتە ياۋروپالىشىش دولقۇنى قوزغىدى. ئۇيغۇر سودىگەرلىرىنىڭ ماگىزىنلىرى سوۋېت ماللىرى بىلەن تولدى. ھەممە ياقتا ئۆزبېكچە، تۈركچە، رۇسچە ھەتتا ئىنگلىزچە ناخشىلار ياڭرىدى. ئەمەلىيەتتە ئاتالمىش بۇ سوۋېت ماللىرىنىڭ كۆپىنچىسى يەنىلا گېرمانىيە، فرانسىيە، چېخ، رومىنىيە ۋە باشقا ياۋروپا دۆلەتلىرىنىڭ ماللىرى ھەم ئۇلارنىڭ يېڭى - يېڭى پاسونلىرى ئىدى.

مەن ئۇخلاشقا ھەرىكەت قىلىدىم، لېكىن مېڭەمدىن خىياللار ھېچ كەتمەيتتى. ئەكسىچە خىياللار تېخىمۇ كۆپىيىشكە، تېخىمۇ مۇرەككەپلىشىشكە باشلىدى.

## ئاڭلانماس ئاۋازلار

ھەر بىر مىنۇتلارنى ساناپ يۈرۈپ دېگۈدەك بىرىنچى ئوقۇش مەۋسۇمىنى تۈگەتتىم. ئەمدى موسكۋا مەن ئۈچۈن تونۇشلۇق بىر شەھەرگە

ئايلاندى. مۇئەللىم مېنى ماشىنا بىلەن ئايلاندۇرغان ئاشۇ كوچىلارنى ئۆز ئاياغلىرىم بىلەن تەنها ئارىلاپ چىقتىم، بۇ يەردە ياشاش ئۇسۇلىنىمۇ ئۆگىنىۋالدىم. ئۇزۇن ئۆچىرەتلىرىدە سەۋرچانلىق بىلەن كىتاب ئوقۇغاچ نۆۋەت كۈتۈشكىمۇ كۆنۈپ قالدىم. بەلكىم رۇسلار ئۆچىرەتتە تۇرۇپ ئۆز نۆۋىتىنى كۈتۈش سەۋرچان-لىقى جەھەتتە دۇنيا بويىچە بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان خەلق بولسا كېرەك. رۇسلارنىڭ تەشكىلچانلىقى يۇقىرى خەلق، ئۇلارنىڭ بۇ خىسلەت خاراكتېرىنىڭ شەكىللىنىشىگە ئۇزۇن مەزگىللىك ئۇرۇش ۋە قۇرۇلۇش سەۋەب بولغان بولسا كېرەك. سىز موسكۋا كوچىلىرىنىڭ، ماگىزىنلىرىنىڭ ۋە باشقا جامائەت سورۇنلىرىنىڭ ھەممىلا يېرىدە دېگۈدەك ئۇزۇن-ئۇزۇن ئۆچىرەتلەر تۈپىنى ئۇچرىتىسىز، ئۆچىرەتتە تۇرغاندا ئەگەر كىمكى ئۆز نۆۋىتىنى باشقىلارغا دەپ قويماي كېتىپ قېلىپ، كېيىن قېتىلىۋالىمەن دېسە ۋە ياكى خالىغانچە قىستىلىپ كىرىمەن دېسە دوپ-دۈگىلەك سېمىز رۇس مومايلىرىنىڭ تىل ھاقارىتىگە ئۇچرايدۇ. شۇڭا ھەممە ئۆز نۆۋىتىنى چىڭ قوغدايدۇ. ئۇلارنى تەشكىللەش كەتمەيدۇ. ئۇلارنىڭ ۋاقىت قارىشى شۇنچىلىك مۇستەھكەمكى، پۈتۈشۈپ قويغان ۋاقىتقا چوقۇم بىر مىنۇتمۇ كېچىكمەي ئۈلگۈرۈشى شەرت. بىزلەردەك «سائەت مانچىدە» دەپ پۈتۈشسە «ئانچىدە» سوزۇلۇپ كېلىدىغان، قىسقىسى كېلىشىۋالغان پەيتكە كېچىكىدىغان ئىشلار ئۇلاردا مەۋجۇت ئەمەس. بىزلەردە تەشكىل-چانلىقمۇ يوق، بىزنىڭ ئىختىيارىي تەشكىلچانلىقىمىز پەقەت ھەر ھېيت نامىزى كۈنىلا تولۇق ئايان بولىدۇ. ئەگەر ھەممە ئۇيغۇر ئاشۇ ھېيت نامىزى، بولۇپمۇ قۇربان ھېيت نامىزى كۈنى مەسچىتكە يىغىلىپ، نامازغا ئۈلگۈرۈش ئۈچۈن تەييارلانغان ۋە ئالدىرىغان چاغدىكىدەك ھېسسىياتتا ئادەتتىكى كۈنلىرىمۇ مۇشۇنداق بولسا ئىدى كاشكى، بىزدىكى ئىتتىپاقسىزلىق، چېچىلاڭغۇلۇق تۈگىگەن بولار ئىدى. ئەگەر ئاشۇ ھەر ھېيت نامازىدىن يانغان چاغدىكىدەك ئۆز-ئارا تونۇشمايدىغانلارمۇ بىر-بىرىمىز بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ، ئۆز-ئارا ئاللادىن خاتىرجەملىك تىلەشكەندەك باشقا كۈنلەردىمۇ بىر-بىرىمىزگە ئاشۇنداق دوستانە، سەممىي تىلەكلەرنى تىلەشسەكچۇ كاشكى، ئۇ چاغدا بىزنىڭ ھەممە ئىشلىرىمىزدىن مۇۋەپپەقىيەتلەر كېلەر ئىدى. قىسقىسى بىز چېچىلاڭغۇلۇقىمىز بىلەن، ئىتتىپاقسىزلىقىمىز، ھەسەتخورلۇقىمىز بىلەن ھەرقاچان ئۆزىمىزنى گۈللەندۈرۈش، دۇنياغا تونۇتۇشتىن ئىبارەت يۈكسەك بىر ئىدىيە، بىر مەقسەت ئۈچۈن تەشكىللىنەلمىدۇق. مېنىڭچە تەشكىلچانلىقى ۋە ئۇيۇشقاقلىقى يوق خەلقتە تەشكىلمۇ بولمايدۇ، ئىستىقبالمۇ بولمايدۇ. بۈگۈن ئۈرۈمچى، قەشقەر، تۇرپان، ئاقسۇ، خوتەن كوچىلىرىدا چىرايىمىزدىن توپا ياغقان، ئوبرازلىرىمىز خۇنۈكلەشكەن، قاتۇرۇپ كىيىۋالغان كاستۇم-بۇرۇلكىلىرىمىزدىن يەنىلا ئەسكى جەندە پۇرىقى كېلىپ تۇرىدىغان شۇ ئېتىبارسىز ھالەتلىرىمىزنىڭ سەۋەبلىرىنىڭ بىر قىسمى ئەنە شۇ قەيت قىلىنغان تەرەپلەردىن بولغان بولسا كېرەك.

روسىيىدە ئاسپىرانتۇرا تۇرمۇشى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە. ئاسپىرانتلار ئارى-سىدىكى ئۆز-ئارا يېقىن دوستلۇق، مېھرىبانلىق ئالاھىدە گەۋدىلىك ئەھۋال. ھەر كۈنى كەچتە ھەممە ئاسپىرانتلار كۈتۈپخانىلاردىن ھەم ئىش ئورۇنلىرىدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن بىر-بىرىنىڭ ياتاقلىرىغا كىرىپ چاي ئىچىپ ئولتۇرۇپ پاراڭ سوقۇشىدۇ. بەزىدە بۇ سۆھبەتلەر قىزغىن ئىلمىي مۇنازىرىگە ئايلىنىپ كېتىدۇ. بولۇپمۇ قىز ئاسپىرانتلار مۇنازىرىگە تېخىمۇ ئامراق كېلىدۇ. ئۇلار گۈزەل، لاتاپەتلىك ۋە قائىدە-يوسۇنلۇق، شۇنداقلا جەلپ قىلارلىق بولۇپ سانىمۇ كۆپ. ئىلمىي سەۋىيىسىمۇ يۇقىرى. ئۇلار ھامان دادىللىق

بىلەن ئۆز پىكرىنى، نۇقتىنەزەرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. لېكىن ئۇلار ھامان ئۆزلىرىنىڭ ئايال كىشى ئىكەنلىكىنى، ئايال كىشىنىڭ ئۆزىگە خاس ئىشلىرى، يەنى ئۆي ئىشلىرى ۋە باشقا ئىشلارنىڭ (بۇ يەردە تەپسىلىي توختىلىپ ئولتۇرمايمەن) ئۆزلىرىنىڭ زىممىسىگە يۈكلەنگەنلىكىنى ھەرگىزمۇ ئېسىدىن چىقارمايدۇ. قىسقىسى ئۇلار ياخشى بىر ئالىم، ياخشى بىر ئانا ھەم ياخشى بىر رەپىقە بولۇشقا تىرىشىدۇ. ئۇلار كۆپ ئوقۇيدۇ ھەتتا ئۇلارنىڭ ئۆگىنىشتىكى تىرىشچانلىق روھى ئەرلەرنىڭكىدىنمۇ ئۈستۈن. شۇنىڭ ئۈچۈن سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىملىرىنىڭ بەشتىن ئىككى قىسمىنى ئاياللار تەشكىل قىلىدۇ. ئەلۋەتتە، مەن بۇ يەردە قىزلىرىمىزنى ئەيىبلىمەكچى ئەمەسمەن. بىزنىڭ قىزلىرىمىزمۇ مەيلى ئەقىل-پاراسەت، مەيلى گۈزەللىك ۋە ئەخلاق-پەزىلەتتە بولسۇن دۇنيادىكى ھېچقانداق قىزلاردىن قېلىشمايدۇ.

ئۇيغۇر قىزلىرى ئۆتكەنلىكى كوچىلاردىن، ئۇلار دەسسىگەن تۇپراقتىن، ئۇلار ھۇزۇرلانغان مەنزىرىلەردىن ۋە ئۇلار چاچلىرىنى يۇيۇپ، تارىغان دەريا-كۆللەر سۈيىدىن، قىسقىسى ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ قەدىمى تەگكەن ھەرقانداق يەردىن مەڭگۈ مۇھەببەت ۋە باھار ھىدى پۇراپ تۇرىدۇ. شۇڭا مەن ئۇيغۇر يىگىتلىرىگە مۇنداق خاسىيەتلىك قىزلىرىمىزنى ئاسراشنى، ئۇلارنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇشنى، ھالىغا يېتىشنى، ئۇلارنىڭ قەدرىنى، ھۆرمىتىنى كۆتۈرۈشكە ھەرقاچان تەييار تۇرۇشنى تىلەيمەن. ئۇيغۇر قىزلىرى بىزنىڭ سىڭىللىرىمىز، ئۇلار بىزنىڭ ھەدىلىرىمىز ھەم ئانىمىز. ئۇلارنىڭ ھاياتتا خورلىنىپ، بىزلەرگە نەپرەت، سەسكىنىش، يىرگىنىش بىلەن قارىشىنى كۆرۈپ تۇرۇش نىمىدېگەن ئازابلىق ئىش-ھە؟! شۇڭا مەن دوستلۇرۇمغا ئۆزىمىزنى بىر ئوپېراتسىيە قىلىپ بېقىپ ئۆزىمىزنىڭ دەۋر ۋە تارىخى شۇنداقلا كېلەچەكى ھەم ئاشۇ مىللەتنىڭ ئانىسى بولغان ئۇيغۇر قىزلىرىمىز ئالدىدىكى مەجبۇرىيىتىمىزنى دەڭسەپ بېقىشنى تەۋسىيە قىلىمەن. گېپىمىزگە كەلسەك، روسىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسى ياتاقخانىسىدىكى ئاسپىرانتلار ئارىسىدىكى بۇ قىزغىن مۇنازىرىلەر دائىم دېگۈدەك كۈلكە-چاقچاقلارغا ئايلىنىپ نەچچىلىگەن شامپانىسكى، ۋىنولارنىڭ قۇرۇقدىلىنىشىغا سەۋەب بولىدۇ. ئارقىدىن ئۇدارلىرى كۈچلۈك دىسكو مۇزىكىسىنىڭ دولقۇنلىرىغا جۆر بولۇپ ھەر كىم ئۆزى بىلگەنچە ۋە ئۆز ئالاھىدىلىكى بىلەن دىسكوغا چۈشىدۇ. چارچىغاندىن كېيىن بولسا رومانتىك، يېنىك مۇزىكىلار قويۇلۇپ تىنچ تانسا ئوينىلىدۇ. قىسقىسى بىزدىكىدەك سىپسىق، ئاچچىق 60 گىرادۇسلۇق ھاراقنى بولۇشىغا ئىچىپ، بىرسى چاقچاق قىلسا كۈلدۈم دەپ ئۈچكىدەك مەرەبدىغان، ئارقىدىن ھۆ-ھۆ دەپ قۇسىدىغان، ھاراقنى زورلايدىغان قىلىقلار بۇ يەردە مەۋجۇت ئەمەس. شۇ نەرسىگە ھەيرانمەنكى، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى بويىچە ئەڭ ئالىي ئىلمىي تەتقىقات مەركىزى بولغان بۇ ئاكادېمىيىنىڭ ئىشكى ھەممە مىللەت ئۈچۈن داغدام ئېچىۋېتىلگەن. بۇ يەرگە ھەرقايسى سابىق ئىتتىپاقداش رېسپۇبلىكىلاردىن ۋە ئاپتونوم رېسپۇبلىكىلاردىن ئاسپىرانتلار، بىلىم ئاشۇرغۇچىلار، شۇ يەرنىڭ يەرلىك مىللىتىنى ئاساس قىلىپ كۆپلەپ ئەۋەتىلىدۇ ياكى ئۆزلىرى ئىختىيار بويىچە ئىمتىھان بېرىپ كىرىدۇ. بۇ يەردە قازاق، قىرغىزلارنى، ئەزەربەيجان، تاجىك، موڭغۇل، تۈركمەن ۋە ئۆزبېكلارنى كۆرىسىز. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن يېتىشىپ چىققان نۇرغۇنلىغان پەن دوكتورلىرى ۋە كاندىدات دوكتورلار ئۆز جۇمھۇرىيەتلىرىدە ۋە ھەتتا سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئالىي تەتقىقات ئورۇنلىرىدا خىزمەت قىلىش پۇرسىتىگە ئىگە بولالايدۇ. بەزىبىر تولۇقسىز مەلۇماتلارغا قارىغاندا سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدا سانى ئاز ھېسابلانغان ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسى تەخمىنەن 249 مىڭ

بولۇپ، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمەت مەلۇماتى بويىچە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى 130دەك مىللەتنىڭ ئىچىدە 60-ئورۇندا تۇرىدىكەن. ئۇيغۇرلاردىمۇ ھازىرغىچە 500 دەك پەن دوكتورى ۋە كاندىدات دوكتورلىرى يېتىشىپ چىققان. ئەگەر بۇنى نوپۇس بويىچە سۇندۇرساق ھەر 500-600 ئۇيغۇرغا بىر دوكتور ياكى بىر كاندىدات دوكتور توغرا كېلىدۇ. پەقەت موسكۋا ۋە سانكت-پېتربورگنىڭ ئىلمىي ئورۇنلىرىدا تەخمىنەن 80 گە يېقىن ئۇيغۇر ئالىمى (بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى دوكتور، پروفېسسور ۋە دوتسېنت) ئىشلەيدۇ. مەسىلەن: موسكۋا داشۆسىنىڭ پروفېسسور، فىزىكا پەنلىرى دوكتورى، موسكۋا داشۆسى ئاتوم يادرو تەتقىقات داشۆسىنىڭ مۇدىرى، دۇنياغا داڭلىق ئالىم ئالكساندىر رەخىموۋ، روسىيە (سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى) فېدېراتسىيىسى ئالەم بوشلۇقى تېخنىكىسى تەتقىقات مەركىزىنىڭ پروفېسسورى تېخنولوگىيە پەنلىرى دوكتورى، ئالەم كېمىلىرىنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ ماشىنىسى مۇتەخەسسىسى، ئاتاقلىق ئالىم تېلمان كەرىمبايېۋ-سانكت، پېتربورگلىق مەشھۇر ئالىم، پروفېسسور، دوكتور دەمىر ئىسمايىلوۋ، جەمئىيەتشۇناس پروفېسسور، دوكتور قاھاروف، ئابلەخەت، موسكۋا دۆلەتلىك كونسېرۋاتورىيىسىنىڭ پروفېسسورى، ئاتاقلىق دىرىژور ئەزىز دوگاشېۋ، فىلولوگىيە پەنلىرى كاندىدات دوكتورى تۇرسۇن رەخىموۋ ۋە باشقىلار. ھېلىمۇ ئېسىمدە، بىر كۈنى دەل ئەنە شۇنداق جايلارنىڭ بىرىدە مەپتۇن قىلارلىق قارا كۆزلىرى ھەممىگە قىزىقىش ۋە مۇھەببەت بىلەن قارايدىغان، ئىقتىسادشۇناس، ئۆزبېك قىزى XXX ماڭا «رۇسلار مەرد خەلق، سەن ئۇلار بىلەن چىقىشىشنى بىلسەڭ سەندىن ھېچنېمىسىنى ئايىمايدۇ. ئۇلار ھەرگىزمۇ ئىچى تارلىق قىلمايدۇ. ئىچىدە بىر ئادەمگە ئۆچمەنلىك ساقلىمايدۇ. ئەگەر سېنىڭ قابىلىيىتىڭ بولسا سېنى ھېچنېمىدىن چەكلىمەيدۇ. لېكىن چوڭ ئىشلاردا ھەرگىزمۇ ئۇتتۇرمايدۇ. ئۆزبېكىستاندا ھەر 1000 ئادەم ئىچىدە 860 نەپەرچە ئادەم ئالىي ۋە ئوتتۇرا دەرىجىلىك مائارىپ تەربىيىسى كۆرگەن. قىرغىزىستان، قازاقىستان، تاجىكىستان، تۈركمەنىستاندىمۇ بۇ سانلار ئانچە پەرق قىلمايدۇ. دېمەكچىمەنكى، بىزنىڭ مىللىي مائارىپىمىز ۋە خەلقىمىزنىڭ ئاڭ سەۋىيىسى خېلى يۇقىرى دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان، ئىلىم-پەننىڭ ھەممە ساھەلىرىدە ئۆزلىرىنىڭ نۇرغۇنلىغان ئاكادېمىك، دوكتور، كاندىدات دوكتورلىرى بار. ھازىر تېخىمۇ كۆپەيمەكتە. بىر ئۆزبېكىستاندىن ھەر يىلى تەخمىنەن 20 ئەتراپىدا ئادەم موسكۋادىكى ئالىي ۋە ئوتتۇرا دەرىجىلىك شۇنداقلا باشقا مەكتەپلەرگىمۇ ئوقۇشقا ۋە بىلىم ئاشۇرۇشقا ئەۋەتىلىدۇ» دېدى. ئۇ بۇغداي ئۆڭ چىرايىدىن مەغرۇرانە ئالامەتلەرنى ياغدۇرۇپ سوئال نەزەرى بىلەن ماڭا قارىدى: «ئۈنىڭىز چۈشۈپ كەتتىمۇ؟ سىلەرنىڭ ئۇيغۇرلاردىمۇ ئاكادېمىك، دوكتور، كاندىدات دوكتورلارمۇ بەك جىققۇ دەيمەن؟! سىلەر ئۇيغۇرلارمۇ بېيجىڭ، شاڭخەيلەرنىڭ ئالىي مەكتەپلىرىدە ۋە ئالىي تەتقىقات مەركەزلىرىدە كۆپلەپ تەربىيە ئالامسىلەر، ئوقۇيدىغانلارنىڭ سانى خېلى كۆپمۇ؟» دېدى. مېنىڭ ھەققەتەن ئۈنۈم ئىچىمگە چۈشۈپ كەتكەندى. مەن نېمىدەپ جاۋاب بېرىشنى بىلەلمەي بويۇنلىرىمغىچە قىزىرىپ، ئۆز-ئۆزۈمگە ئۆكۈندۈم... قايسىدۇر بىر ماتېرىيالدىن كۆرگەن سانلىق مەلۇماتلار ئېسىمگە كەچتى. بىزدە ھەر 10 مىڭ ئادەم ئىچىدە ئالىي مەكتەپ تەربىيىسى كۆرگەنلەر 4-5 ئەتراپىدا. بىزنىڭ خەلقىمىزنىڭ 80 پىرسەنتى تېخى ساۋاتسىز. قەشقەر، خوتەن، ئاقسۇ ۋە باشقا جايلاردا ھازىرمۇ ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ قالدۇقلىرىنى ئۇچرىتالايسىز. يېزىلاردىكى ئادەملىرىمىز دۇنيادىن بىخەۋەر، ئۇلار ئۆزىنىڭ تېخىچىلا ئاشۇ ئوتتۇرا ئەسىر

تۇرمۇش ئۇسۇلى ۋە ۋاسىتىلىرى بىلەن ياشىماقتا... مەن «بىزگە هازىرچە دوكتور دېگەن قالپاقنى كىيىش نېسىپ بولماپتۇ، بۇنىڭدىن كېيىن چىقىپ قالار، ھەقىقەتەن شۇ ئۆزبېكىستانلىكنىڭ بەختى بار ئىكەن. ئاللا سىزلەرنى تېخىمۇ بەختلىك قىلغاي» دېمەكچى بولدۇم-يۇ، ئۆزۈمنى تۇتۇۋالدىم ۋە گەپنىڭ تېمىسىنى باشقا ياققا بۇرىۋەتتىم. بۇمۇ مېنىڭ نىيىتىمنى چۈشىنىپ مېنى ئازتۇقچە قىستىمىدى.

مەن موسكۋاغا كەلگەن دەسلەپكى كۈنلىرىمدە مۇئەللىم مېنى شۆبىدىكى ئالىملارغا تونۇشتۇرغاندا «ئۇيغۇر ئاسپىرانت» دېگەن ئىزاھاتنى بەرمەي قالمايتتى. مەن تونۇشقان بۇ ئالىملار مۇئەللىمنىڭ بۇ تولۇقلىمىسىنى ئاڭلاپ ھەيرانلىق ۋە خۇشاللىق بىلەن قولۇمنى چىڭ قىسىپ مېنى قارشى ئالىدىغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈشتى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك مېنى «ئۇلۇغ مىللەتنىڭ پەرزەنتى» دەپ سۆيۈنەتتى. مەن رۇسلارنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇرلارنى ياخشى بىلسە كېرەك دەپ ئويلاپ قاپتىمەن. ئەپسۇسكى ئىش مەن ئويلىغاندەك چىقمىدى. كېيىن مەن ھەر خىل سورۇندا تونۇشۇپ قالغان ھەر خىل كەسىپ ۋە ھەر خىل تەبىقىدىكى رۇسلارغا مەن ئۆزۈمنىڭ جۇڭگونىڭ شىنجاڭ دېگەن جايىدىن كەلگەنلىكىمنى ئېيتسام ئۇلار ھەيرانلىق بىلەن «سىز جۇڭگولۇققا ھېچ ئوخشىمايدىكەنسىز، ئاتا-بوۋاڭلار جۇڭگوغا قاچان كېلىپ قالغان ئىكەن؟» دېگەندەك بىمەنە سوئاللارنى ياغدۇرۇۋەتتى. مەن ئۇلارغا ئۆزۈمنىڭ ئۇيغۇر مىللىتىدىن ئىكەنلىكىنى ئېيتسام، ئۇلار تېخىمۇ كۆپ سوئاللارنى قويۇشتى. قىسقىسى ئۇيغۇرلارنى بىلىدىغان ئادەملەرنى بەكلا ئاز ئۇچراتتىم. بۇ ئادەملەرنىڭ كۆپىنچىسى يىراق شەرق ۋە ياكى ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغان ياكى خىزمەت قىلغانلار ئىدى. ئەگەر ئۇيغۇر مىللىتىنى بىلىدىغانلار ۋە مۇشۇنداق بىر مىللەتنىڭ يەر يۈزىدە بارلىقىنى بىلىدىغان بىرەر ئادەمنى ئۇچراتسام قەۋەتلا ھاياجانلىنىپ كېتەتتىم. بولۇپمۇ بۇ يەردىكى ياشلار «ئۇيغۇر» دېگەن مىللەتنىڭ يەر شارىدا بار-يوقلۇقىدىن قىلچە خەۋەرسىز ئىدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى «ئۇيغۇر دېگەن نېمە ئۇ؟» دېگەندەك سوئاللارنى بېرىپمۇ قوياتتى. ھەتتا مەن بىلەن بىرگە ئوقۇۋاتقان ئاسپىرانتلار ئىچىدە موڭغۇل ۋە ئافغانلاردىن باشقىلىرى «ئۇيغۇر» دېگەن مىللەت ئىسمىنى ئاڭلاپمۇ باقمىغان ئىكەن.

كېيىنكى كۈنلەردە مەن ياتىقىمغا دۇنيانىڭ سىياسىي خەرىتىسىنى ئېسىپ قويدۇم ۋە ئۇرۇمچىدىن «شىنجاڭغا، ئۇيغۇرغا» ئائىت ھەر خىل رەسىملىك ماتېرىياللارنى ئەكەلدۈردۈم. كاللامغا، ياتىقىمغا بىرەر مېھمان كىرىپ قالسا ئۇيغۇرلار توغرىسىدا ساۋاتقا ئىگە بولسۇن، ھېچ بولمىغاندا نوپۇسى 8 مىليوندىن ئاشىدىغان دۇنيادىكى 2000 نەچچە مىللەت ئىچىدە نوپۇسى جەھەتتە 94-ئورۇندا تۇرىدىغان، جۇڭگو بويىچە ئاز سانلىق ئەمما دۇنيا بويىچە كۆپ سانلىق، قەدىمكى مەدەنىيەتلىك مىللەت ھېسابلانغان بۇ ئۇيغۇرلار توغرىسىدا ئازراق چۈشەنچە ھاسىل قىلىپ قالسۇن، ھېچ بولمىغاندا بۇ مىللەتنىڭ نامىنى بولسىمۇ ئاڭلاپ قالسۇن، دېگەن ئويغا كەلدىم. گەرچە، بىز ئۇيغۇرلار بىر مىللەت سۈپىتىدە ئۆز-ئۆزىمىزنى دۇنياغا تونۇتالمىغان بولساقمۇ مۇشۇ كەمگىچە قانچىلىك ئادەمگە ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ بارلىقىنى بىلدۈرگەنلىكىمنى بىلمەيمەن. 90-يىللارنىڭ ئاخىرىدا رومۇنىيە، بولغارىيە، يۇگوسلاۋىيە قاتارلىق شەرقىي ياۋروپا دۆلەتلىرىنى ئايلاندىم، ئۇ يەردىكى ئادەملەر ئۇيغۇر دېگەننى پەقەتلا بىلمەيدىكەن. دېمەك غەربىي ياۋروپاغا ئافرىقا، ئامېرىكا ۋە لاتىن ئامېرىكىسى قاتارلىق جايلارغا بارساڭ بىزنى بىلمەيدىغانلار تېخىمۇ كۆپ. مەن ۋەتەندىن ئايرىلىپ — ئاشۇ ئۇيغۇر دۇنياسىدىن ئايرىلىپ بۇ يەرگە

كەلمىگەن بولسام مەنمۇ ئاشۇ ئۇيغۇر قېرىنداشلاردەك «بىز ئۇيغۇرلارنى پۈتۈن دۇنيا بىلىدۇ، دۇنيادا بىزدەك ئۇلۇغ خەلق يوق» دەپ مەيدەمگە مۇشتلاپ كېرىلىپ يۈرۈۋەرگەن بولاتتىم. ھازىر شۇنداق ئويلايمەنكى، بىز ھەقىقەتەن ئۇلۇغ خەلق، پەخىرلەنگۈچىلىكىمىز بار. لېكىن بىز دۇنيا بويىچە ئەڭ ئۇزۇن مۇزىكا گۇرۇپپىسى بولغان «12 مۇقام» نى بولۇشىچە ياڭرىتىپ، دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭ قەدىمكى گۈزەل سەنئەت غارى بولغان مىڭ ئۆيلىرىمىزگە كىرىپ ئىستىقامەت قىلىپ ئولتۇرۇپ، دۇنيا بويىچە بىرلا ۋاقىتتا تەڭلا كۆپ ئادەم ئوينايدىغان «ساما» ئۇسسۇلىمىزنى قەشقەر ھېيتكارىمىزنىڭ ئالدىدا تازا كۆچەپ، ئەسەبىيلەرچە ئوينساقمۇ، دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭ قەدىمكى شەھەر خارابىسى «قاراغوجا شەھىرى» نىڭ ئېگىز خارابە مۇنارىسى ئۈستىگە چىقىپ، ئۇزۇملىرىمىزنى يېگەچ يىراقلارغا كېرىلىپ نەزەر سالساقمۇ، ئۇرۇمچىدىكى «قىزىلتاغ» مۇنارىنىڭ ئۈستىگە چىقىۋېلىپ يىراقلارغا «مەن پالانچى، بىزنىڭ مەھمۇت قەشقەرى، يۇسۇپ خاس ھاجىپىمىز، پەخىرلەنگۈدەك پالانى-پۇكۇنلىرىمىز بار...» دەپ جار سالساقمۇ، جاھان ئەھلى بىزگە «سەن كىم» دېگەن سوئالنى بېرىۋېرىدۇ...

كۆزنى يۇمۇپ-ئاچقىچە مانا موسكۋادا بەش يىلنى ئۆتكۈزۈۋەتتىم — ئەمدى مەن ئۈچۈن موسكۋانىڭ ھېچنېمىسى يات ئەمەس. بۇ يىللاردا ئاجايىپ ۋەقەلەرنىڭ شاھىدى بولدۇم، لېنىننىڭ قاتۇرۇلغان دىدارىنى كۆردۈم. قىزىل مەيدانىدا تۇرۇپ، كرېمىل سارىيىنىڭ ئەڭ ئېگىز مۇنارىسى ئۈستىدىكى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى قىزىل بايرىقىنىڭ بىر پاي ئوقسىز قانداق چۈشۈرۈلگەنلىكىنى كۆردۈم. س
س س ر نىڭ تۇنجى ۋە ئاخىرقى پرېزىدېنتى مىخائىل گورباچېۋنىڭ سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلانغانلىقى توغرىسىدىكى ۋە ئۆزىنىڭ يوقالغانلىقى توغرىسىدىكى ئاخىرقى نۇتقىنى ئاڭلىدىم. قىسقىسى مەن سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا كېلىپ ئۆزگەرگەن روسىيە فېدېراتسىيىسىدە قالدىم. ئۆز-ئۆزۈمگە سوئال قويدۇم. قېنى تارىختىكى چىڭگىزخاننىڭ موڭغۇل ئىمپېرىيىسى؟ قېنى بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز قۇرغان ئۇيغۇر ئورخۇن دۆلىتى ۋە قاراخانىلار سۇلالىسى؟ قېنى شۇ ئالېكساندىر ماكېدونسكىنىڭ قۇرغان ئىمپېرىيىسى؟ قېنى شۇ قۇدرەتلىك تاڭ سۇلالىسى... دېمەك، تارىخ چوقۇم ئۆز تەرەققىيات يولى بويىچە ماڭىدۇ. ھېچكىممۇ ئۇنىڭ قانۇنىيىتىنى يوق قىلىۋېتەلمەيدۇ. ئەمما ئازراق ئۆزگەرتىش كىرگۈزەلىشى مۇمكىن. خالاس. مەن كۆرگەن شۇنچىلىك قۇدرەتلىك سوۋېت ئىتتىپاقى ھېچبىر شەپىسىزلا دۇنيانىڭ سىياسىي خەرىتىسىدىن ئۆچۈرۈپ تاشلاندى. بۇنى كىم قىلدى؟ بۇنىڭغا كىم ئەيىبلىك؟ مېنىڭچە بۇنىڭغا ھېچكىم ئەيىبلىك ئەمەس، بەلكى بۇ ئىنسانىيەت تەرەققىيات قانۇنىيىتىنىڭ ئادىل ھۆكۈمى. بۇنداق ھۆكۈمدىن ھېچقانداق كۈچ قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. چۈنكى تارىخ رەھىمسىز ۋە ئەڭ ئادىل سوتچىدۇر. مەن قىممەتلىك بەش يىلدا 2-قېتىملىق ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. گەرچە 1917-يىلىدىكى ئىنقىلابچىلارنىڭ قىشلىق سارايغا قانداق ھۇجۇم قىلغانلىقىنى كۆرمىگەن بولساممۇ، لېكىن 1993-يىلى 4-ئۆكتەبىردە توپ ئوقلىرىنىڭ ئاق سارايغا قانداق تەگكەنلىكىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. ئادەملەرنىڭ قانداق ئۆلگەنلىكىنى ئاڭلىدىم ۋە كۆردۈم. بۇ ھەقىقەتەن دەھشەتلىك بىر مەنزىرە ئىدى.

مانا يەنە بىر سوۋغا 1995-يىلى 9-ماي سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ۋەتەن ئۇرۇشى غەلىبىسىنىڭ 50 يىللىق خاتىرە كۈنى. سوۋېت تارىخىدا مۇنداق كاتتا بايرام پەقەت ئىككى قېتىم بولغان. بىرى 1945-يىلى 9-ماي، ئىككىنچىسى مانا بۇ يىل. موسكۋا كوچىسىدا

قاينام-تاشقىنلىق بايرام كەيپىياتىنى موسكۋالىقلار بىلەن بىرگە سۈردۈم. بۇ كۈنى كوممۇنىستلارنىڭ، دېموكراتلارنىڭ ئادەملىرى يول-يولدا نۇتۇق سۆزلەپ، ئۆزلىرىنىڭ بايرام مۇناسىۋىتى بىلەن ھازىرقى رۇس دۆلەت تۈزۈمىگە بولغان قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قوياتتى. يەنىلا ھەممە ياقتا « ھۇررا ، ھۇررا » دېگەن سادالار ئاڭلىناتتى. بۇ بەئەينى يېڭى بىر ئىنقىلابقا ئوخشايتتى. بۇ كۈنى كوچىلارغا ھازىر روسىيىدە مەۋجۇت بولغان ھەممە پارتىيە-گۇرۇھلار ئۆزلىرىنىڭ پىلاكاتلىرىنى كۆتۈرۈپ چىققان بولۇپ، ئۇلار ھەر خىل گېزىت، تەشۋىقات ۋاراقلىرىنى تارقىتاتتى. بۇنىڭغا قاراپ رۇسلارنىڭ سىياسىي قىزغىنلىقى ناھايىتى يۇقىرى خەلق ئوخشايدۇ دېگەن ھېسياتقا كەلدىم. لېكىن بۇنىڭ ئەكسىچە سانسىزلىغان تاماشىبىنلار سىياسەت بىلەن قىلچە كارى بولماستىن سەيلە قىلىشاتتى. ئارتىسلارنىڭ ئويۇنلىرىنى كۆرەتتى. كۈلكىلىك يېرى شۇكى، سىياسىي نۇتۇق ئاڭلاشنى خالىماي، ئارتىسلارنىڭ سىياسىي تۈس ئالغان ناخشىلىرىنى ئاڭلايتتى. بۇ كۈنى قىزىل مەيداندا ۋە « ھۆرمەت بىلدۈرۈش تېغىدا » ھەيۋەتلىك پارات ئۆتكۈزۈلدى. بۇنىڭغا 40 نەچچە دۆلەتنىڭ دۆلەت رەھبەرلىرى قاتناشتى. مەن يەنىلا ئۆزۈم يالغۇز بايرام كەيپىنى سۈردۈم. ئويلىدىمكى، ھېچكىممۇ مۇشۇ مىڭلىغان بايراملار ئارىسىدا بىر ئۇيغۇرنىڭ بارلىقىنى بىلمەيدىغاندۇ. ھەتتا خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈشمىگەندۇ. بىرەرسى سوراپ قالسا ئۇنىڭغا « مەن ئۇيغۇر » دېسەم تايىنلىق ھەيران قالار. بەلكى « سىنىڭ نېمەڭ قايسى فرونتتا ئۆلۈپتىكەن » دەپ ئادەتتىكىدەك سوئال قويار. بەلكى يەنە شۇ ئۇيغۇر مىللىتىنى چۈشەندۈرۈپ قىينىلارمەن. دېمىسىمۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۇلۇغ ۋەتەن ئۇرۇشىغا 200 مىڭ ئەتراپىدا ئۇيغۇر قاتنىشىپ يېرىمى دېگۈدەك جەڭدە ئۆلگەن. ئۇيغۇر يىگىتلىرى موسكۋا، لېنىنگراد، كىيېۋ، ستالىنگراد، مىنسكى، ئودېسسا قاتارلىق كۆپلىگەن چوڭ شەھەرلەردىكى دەھشەتلىك جەڭلەردە ئاجايىپ قەھرىمانلىق كۆرسىتىپ سوۋېت ئىتتىپاقىنى گېرمان فاشىستلىرىدىن ئازاد قىلىش ئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپە قوشقان. ھەتتا ئۇلار بېرلىن، كىراكوۋ، ۋارشاۋا، بۇداپېشت، بۇخارېست، پىراگا قاتارلىق نۇرغۇن ياۋروپا شەھەرلىرىنى ئازاد قىلىش ئۇرۇشلىرىغا قاتنىشىپ مەردلىكلەرنى كۆرسەتكەن. نۇرغۇن ئۇيغۇر يىگىتلىرىنىڭ جەسەتلىرى ياۋروپا شەھەرلىرىنىڭ جەڭ خارابىلىرى ئارىسىغا تاشلىنىپ قالغان. ھازىرمۇ شۇ شەھەرگە بارساڭ كۆڭلۈڭدە بىر خىل ئاجايىپ ئىللىق سەزگۈلەر پەيدا بولىدۇ. بۇ بەلكى ئاشۇ يىگىتلەرنىڭ ئاققان ئىسسىق قانلىرىنىڭ سەۋەبىدىندۇر. بۇ ئۇرۇشتا ئاز نوپۇسلۇق ئۇيغۇرلاردىن ئۈچ سوۋېت ئىتتىپاقى قەھرىمانى، بىر پولشا جۇمھۇرىيىتى قەھرىمانى ۋە بىر قازاقىستان خەلق قەھرىمانى چىقتى. بۇنىڭدىن باشقا لېنىن ئوردېنى، قىزىل يۇلتۇز ۋە باشقا يۇقىرى دەرىجىلىك ئوردېن، مېداللارغا ئېرىشكەنلەر ناھايىتى نۇرغۇن. ھەتتا كۆپلىگەن ئۇيغۇر يىگىتلىرى 1945-يىلى 8-ئايدا سوۋېت ئارمىيىسىنىڭ تەركىبىدە شەرقىي شىمالغا كېلىپ جۇڭگونىڭ شەرقىي شىمالىنى ياپونلاردىن ئازاد قىلىش ئۈچۈن باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلىپ ئىسسىق قانلىرىنى ئاققۇزغان ئەمەسمۇ؟ كىم بىلىدۇ، شەرقىي شىمالنىڭ بىپايان زېمىنىدە نەچچە يۈزلىگەن ئۇيغۇر يىگىتلىرىنىڭ جەسەتلىرى تۇپراققا ئايلىنىپ كەتكەندۇ؟! قىزىق يېرى شۇكى، تارىخ بەزىدە ئادەملەرگە ئوخشاش قىسمەتنى بەخش ئېتىدۇ. جۇڭگو-سوۋېت چېگرىسىنىڭ ئىككى تەرىپىگە جايلاشقان بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ تەقدىرى بىر-بىرىدىن ئانچە زور پەرق قىلمىغان، يەتتە سۇلۇقلار ئابدۇللا روزىباقىيېۋنىڭ باشلامچىلىقىدا تۇنجى بولۇپ، يەتتە سۇدا بولشېۋىك ئىنقىلابىنى ئېلىپ بېرىپ،

سوۋېت ھاكىمىيىتىنىڭ تىكلىنىشىگە زور تۆھپە قوشقان. شۇ ئۇنتۇلماس 1917 — 1920-يىللاردىكى يەتتە سۇ ئىنقىلابچى كوممۇنىستلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئۇيغۇرلار ئىدى. ھەتتا ئۇيغۇر پولك ۋە دېۋىزىيىلىرى تۈركىستاندا بىرىنچى ئىسسىق قانلىرى بىلەن سوۋېت ھاكىمىيىتىنى قوغدىغانىدى. ئاخىردا روزىباقىيېۋ ۋە باشقا نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇر زىيالىيلىرى 30-يىللاردا تۈرلۈك بەتناملار بىلەن ئۆلتۈرۈلدى. سىبىرىيىگە سۈرگۈن قىلىندى. ھەتتا ئەنجان، تاشكەنت ۋە باشقا جايلاردىكى ئۇيغۇرلار بىراقلا مىللەت تەركىبىنى ئۆزگەرتىپ «ئۆزبېك» بولۇۋېلىشتى، چۈنكى بۇ چاغلاردا «ئۇيغۇر» دېگەن نام تولىمۇ خەتەرلىك ئىدى. قىسقىسى سوۋېت ئۇيغۇرلىرى سوۋېت دۆلىتىنىڭ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ سانىنىڭ ئاز بولۇشىغا باقماي شۇنچىلىك زور بەدەللەرنى بەرگەن ھەم ئىنقىلاب ئۈچۈن ھېچنېمىسىنى ئايىمىغان بولسىمۇ، يەنىلا ئاخىردا تېخىمۇ كاج تەلەيگە دۇچ كەلدى. ئۇلار 1941 — 1945-يىللىرى سوۋېت ئىتتىپاقىنى نېمىس فاشىستلىرىدىن قوغداۋاتقان ھەتتا ياۋروپا خەلقىنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن جان ۋە قان بېرىۋاتقان پەيتلەردە، دەل چېگرىنىڭ بۇ تەرىپىدىمۇ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پارتلاپ، مىللىي ئازادلىق ھەركەت ئەۋجىگە چىققانىدى. ئۇ ياقتا قەھرىمان ئۇيغۇر يىگىتلىرى نېمىسلارنى ئۇۋۇسىغىچە سۈرۈپ-توقاي قىلىۋاتقان بولسا، بۇ ياقتا قەھرىمان ئۇيغۇر يىگىتلىرى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنى سۈرۈپ-توقاي قىلىپ خەلقىمىزنىڭ تارىخىي ئەنتىنى ئالغانىدى. گومىنداڭچىلار ھەتتا مىللىي ئارمىيىنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايدىغان ھالغا چۈشۈپ قالغانىدى. ئەگەر تارىخنى ۋاراقلىساق مىللىتىمىزنىڭ مۇنداق باتۇرلۇق ئەنئەنىسىنى بىر-بىرلەپ كۆرسىتىش مۇمكىن.

ئويلىنىپ باقسام ئۇيغۇر مىللىتىنى چۈشەندۈرۈش توغرا كەلسە ئۇ ھەققەتەنمۇ چۈشۈندۈرۈپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان بىر زور بىلىم. ئۇ گويا تۈگىمەس قامۇس. لېكىن يامان يېرى بۇ قامۇس كۆمۈلۈپ قالغان، بۇ بىلىملەر ئۇنتۇلۇپ كېتىلىشكە يۈزلەنگەن. ئۇنىڭدىن چىقىدىغان ياڭراق، جەسۇرانە، مەغرۇر ئاۋازلار ئاڭلانماس بولۇپ قالغان.

## بايقال سۈيى

1990-يىلى ئىيۇندا يازلىق تەتىل مۇناسىۋىتى بىلەن ئانا ۋەتىنىمگە قاراپ يولغا چىقتىم. مەن بۇ سەپەردە موسكۋا-بېيجىڭ تۆمۈر يولىنى تاللىۋالدىم. 1990-يىلى 16-ئىيۇن كەچتە موسكۋانىڭ ياروسىلاۋسكى ۋوگزالىدىن چىققان پويىز شەرققە قاراپ ئۆز سەپىرىنى داۋام قىلدى. بىر ئۇخلاپ ئويغانسام پويىز يېشىل ۋادىلارنى ئارىلاپ تېز سۈرئەت بىلەن كېتىۋېتىپتۇ. دېرىزىدىن ئەتراپقا نەزەر سالدىم. شەرقىي ياۋروپا تۈزلەڭلىكىنىڭ مەخمەلدەك يېشىل ۋادىلىرىنى، ئورمانلىرىنى، دەريالىرىنى ئارقىدا قالدۇرۇپ ئۈچقاندەك كېتىۋاتقان بۇ پويىز دېرىزىسىدىن ئەتراپقا قاراش تولىمۇ كۆڭۈللۈك ئىدى.

كۆز ئالدىمدا تېز-تېز غايىب بولۇپ، ئۆزئارا ئالمىشىپ تۇرغان سۈرەت كەبى گۈزەل مەنزىرىلەر، دېرىزىدىن ئۇرۇلۇپ كىرىۋاتقان ئەتىگەنلىك نەمخۇش، ساپ ھاۋا مېنى يەپىلەپ يەنە قايتىدىن شىرىن ئۇيقۇ قوينىغا ئېلىپ كەتتى. قانچىلىك ۋاقىت ئۆتكىنىنى بىلمەيمەن. پويىزنىڭ سىلكىنىشىدىن ئويغىنىپ كەتتىم. قارىسام سەپەرداشلار — بىر پولەك، بىر ۋېنگىر، بىر بومبا ساقاللىق قېرى رۇس (تۆمۈر يول خادىمى) سىرتقا مېڭىۋېتىپتۇ، ياش ۋېنگىر سەپەردىشىم ماڭا ئىستانسىغا كەلگەنلىكىمىزنى، پويىزنىڭ 15 مىنۇت توختايدىغانلىقىنى ئېيتتى. پويىزدىن چۈشۈپ ئۇياق-بۇياققا يۈرۈپ بىردەم ھەرىكەتلەندىم. بىردەمدىن كېيىن پويىز يەنە قوزغالدى. مەن پويىز رېستورانىغا كىرىپ ئەتىگەنلىك ناشتا قىلدىم، ئاندىن ۋاگونغا كىرىپ جايىمنى تېپىپ ئولتۇرۇپ ئالدىم. قارىسام، بومبا ساقاللىق رۇس ۋودكىسىنى تىكلەپ قويۇپ، قارا ئارپا نېنىنى كېسىپ ئۇنىڭغا سېرىق ماي ۋە ئاق ماي سۈركەپ يەپ ئولتۇرۇپتۇ. ئۇ ماڭا بىر ئىستاكانغا ۋودكا قويۇپ ئىچىشكە تەكلىپ قىلدى، رەھمەت ئېيتىپ ئۇنى گۈپپىدە كۆتۈرۈۋەتتىم. قېرى رۇس مەمنۇنىيەت بىلەن كۈلۈپ ئاغزىمغا ئۆز قولى بىلەن ھېلىقى زاكۇسكىلىرىدىن سەپ قويدى. بىردەمدىن كېيىن ۋېنگىر بىلەن پولەك

پەيدا بولدى. ئۇلار بۇ مەنزىرىنى كۆرۈپ سومكىلىرىدىن بىردىن بوتۇلكا چىقاردى. جوزا ئۈستىدە ھەش-پەش دېگۈچە ۋېنگىر ۋىنوسى بىلەن پولەك ۋودكىسى پەيدا بولدى. مەنمۇ سومكامدىن ئۇرۇمچىگە ئەكەتكەن دوستلارغا خاتىرە قىلاي دەپ ئېلىۋالغان رۇس ۋودكىسىنى چىقاردىم. بىردەمدىلا جوزا ھەر خىل زاكۇسكىلار بىلەن تولدى. شۇنداق قىلىپ مېنىڭ سەپىرىمنىڭ ئىككىنچى كۈنى باشلاندى. قېرى رۇس تولىمۇ قىزىق بىر ئادەم ئىدى. ئۇ ئەسلى دون كازاكلىرىدىن بولۇپ، ئىركۇتسكى شەھىرىدىكى تۆمۈريول ئىدارىسىدە خىزمەت قىلىدىكەن. بۇ ئۇنىڭ ئوكرائىناغا بېرىپ موسكۋا ئارقىلىق ئۆيىگە قايتىش سەپىرى ئىكەن. ۋېنگىر بوداپىشتلىق ئىشچى بولۇپ، ئاتىپوسكا ئېلىپ موڭغۇلىيىنى كۆرۈش ئۈچۈن كېتىۋېتىپتۇ. ئۇ رۇس تىلىدا يامان ئەمەس سۆزلەيتتى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە موڭغۇلىيىدە قەدىمكى ۋاقىتلاردا ئۇلارنىڭ ئەجدادى بولغان ھونلار ياشاپتۇدەك. ئۇ، شۇ ئانا تۇپراقنى كىچىكىدىن كۆرۈشنى ئارزۇ قىلغان بولۇپ، مانا بۈگۈن شۇ جايغا قاراپ ئاتلىنىپتۇ. پولەك كىشى سودىگەر بولۇپ، جۇڭگودىن مال ئېلىپ ئۇنى موسكۋا ئارقىلىق پولشاغا يۆتكەپ ساتىدىكەن. بۇ ئۇنىڭ جۇڭگوغا 10-قېتىم بېرىشى ئىكەن.

بىز بىر ياقتىن ئىچكەچ پاراڭلىشىپ خېلى چىقىشىپ قالدۇق. ھاراقنىڭ كەيپى تۇتقانسېرى چىرايلىرىمىز ئېچىلىپ يېقىن ئاغىنىلەردىن بولۇپ كەتتۇق. بولۇپمۇ رۇس بوۋاي مېنىڭ تارىخقا قىزىقىدىغىنىمنى ئاڭلاپ سۆيۈنۈپ كەتتى. ئۆزىنىڭمۇ ئەڭ چوڭ ئارزۇسىنىڭ ئەسلىدە تارىخچى بولۇش ئىكەنلىكىنى، لېكىن ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن يىلى ئۇرۇش پارتلاپ جەڭ مەيدانىغا ئاتلىنىپ بەش يىل قانلىق جەڭلەردىن ساق چىققان بولسىمۇ، لېكىن ئاتا-ئانىسىدىن يېتىم قالغاچقا تەقدىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن ئىركۇتسكىغا كېلىپ تۆمۈريول مەكتىپىدە ئوقۇپ شۇ يەردە قالغانلىقى، شۇنداقتىمۇ نەگە بارسا شۇ يەرنىڭ تارىخىنى بىلىشكە قىزىقىدىغان مىجەزىنىڭ بارلىقىنى ئېيتتى. ئۇ مېنىڭ ئۇيغۇرلۇقۇمنى بىلگەندىن كېيىن، ئۆزىنى كۆرسەتمەكچى بولۇپ ماڭا ئۇيغۇر تارىخىدىكى مۇھىم بىرقانچە ۋەقەلەرنى، دۆلەتلەرنى ئاتاپ قويدى. بۇ مەن ئۇچراتقان ئادەتتىكى رۇس پۇقرالىرى ئىچىدىكى ئۇيغۇر تارىخى توغرىسىدا ئازراق بولسىمۇ ساۋاتى بار تۇنجى رۇس كىشىسى ئىدى. مەن ئۇنى ۋاسىلىي بوۋاي دەپ ئاتىدىم. ئىچىمدە بۇ ھاراقكەش بوۋايغا ھۆرمىتىم قوزغىلىپ قالدى. ئايلىنىپ، چۆرگىلەپ گېپىمىز يەنىلا ئۇيغۇرلار توغرىسىدا بولۇپ قالدى. ۋاسىلىي بوۋاي تاماكىسىنى قاتتىق بىر شورىۋېتىپ:

— بىلەمسەن ۋېنگىر، يېنىڭدىكى بۇ يىگىت كىم؟ سەن، ھېچنېمىنى بىلمەيدىكەنسەن، — دېدى رۇس بوۋاي مەسخىرە قىلغاندەك ۋە ئىشەنچ بىلەن، — بۇ سېنىڭ تۇغقىنىڭغۇ، شۇنىمۇ بىلمەمسەن؟ تارىخىي مەنبەلەرنى ئوبدان ۋاراقلاپ باق، ھونلار دېمەك، قەدىمكى ئۇيغۇر دېمەكتۇر. ئالىملار بۇ ئۇيغۇر دېگەن سۆز بىلەن باغلىنىشى بار دېيىشىدۇ. قىسقىسى، كۆپلىگەن ئالىملار ۋېنگىرلار قەدىمكى ھونلارنىڭ ئەۋلادى بولغان بولسا، ئۇيغۇرلارمۇ ئوخشاشلا ئاشۇ ھونلارنىڭ ئەۋلادى دېيىشىدۇ. دېمەك سىلەر تۇغقان خەلقسىلەر.

ۋېنگىرنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ بېشىنى لىڭشىتتى. بۇ راستمۇ دېگەندەك قىلىپ ماڭا سوئال نەزەرى بىلەن قاراپ قويدى ۋە مەندىن:

— سىلەر قارا چاچلىق، قارا كۆزلۈك، بىز سېرىق چاچلىق، كۆك كۆزلۈك، بىزنىڭ قىياپەتلىرىمىز تامامەن باشقىچە تۇرسا، قانداقسىگە تۇغقان بولىمىز؟ — دەپ سورىدى. بۇ سوئالغا يەنىلا ۋاسىلىي بوۋاي جاۋاپ بەردى.

— ئۇيغۇرلار ھازىرمۇ ياۋروپا ئىرقىغا مەنسۇپ، لېكىن ئازراق موڭغۇل ئىرقىنىڭ ئالامەتلىرى ئارىلىشىپ قالغان. ئۇلار قەدىمدە تېخىمۇ روشەن ياۋروپا ئىرقلىق خەلق ئىدى. ھەتتا كۆكۈش كۆزلۈك، سېرىق چاچلىق، ئاق يۈزلۈك، قاڭشارلىق خەلق ئىدى. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇلار موڭغۇل ئىرقى ۋە باشقا ھىندى-ياۋروپا خەلقلىرى بىلەن ئارىلىشىش نەتىجىسىدە ۋە تۈرلۈك

سەۋەب توپەيلىدىن بۈگۈنكىدەك ھالەتكە كەلگەن. خاتالاشمىسام، سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا قەدىمكى بۇ ھالەتلەر ھازىرمۇ مەۋجۇتقۇ دەيمەن؟ — دېدى.

مەن بېشىمنى لىڭشىتتىم. بوۋاينىڭ بىلىمىنىڭ كۆپلۈكىگە قايىل بولدۇم. بىز ئۇنىڭدىن كەلگەنلىكى شەھەرلىرىمىزنى سورىساق، ئۇ بۇ شەھەرنىڭ تارىخى توغرىسىدا قىسقىچە چۈشەنچە بېرەتتى. مەن مۇشۇنداق قىزغىن سەپەرداشلىرىمنىڭ ھەمراھلىقىدا زېرىكىشنى ئۇنتۇپ ھەش-پەش دېگۈچە پويىز ئۈستىدە ئۈچ كۈننى ئۆتكۈزۈۋەتتىم. چەكسىز تايگا ئورمانلىقىنى ئارىلاپ يۈرۈپ 3-كۈنى چۈشتىن كېيىن بايقال كۆلى بويىغا يېتىپ كەلدۇق. پويىز بايقال بويىدىلا ئالتە سائەت يۈردى.

بوۋاي دېرىزىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان بىپايان بايقال سۈيىگە قاراپ ئولتۇرۇپ كۆتۈرەڭگۈ، بوم ئاۋازى بىلەن بايقال توغرىسىدىكى كازاك ناخشىلىرىنى زور ئىشتىياق بىلەن ئېيتىشقا باشلىدى. پويىز ئاخىرى بايقال بويىدىكى بىر ئىستانسىدا توختىدى. پويىزنىڭ بۇ يەردە توختاش ۋاقتى ئون مىنۇت بولغاچقا ئادەملەر گۈزەل بايقال مەنزىرىسىدىن ھوزۇرلىنىش ئۈچۈن پويىزدىن يۈگۈرۈشۈپ، قىستىلىشىپ دېگۈدەك چۈشۈشتى. بۇ يەردە خاتىرە سۈرەتكە چۈشۈشمۇ ئۇلگۈردى. بوۋاي ھايت-ھۇيت دېگۈچە يوغان بىر باكقا بايقال سۈيىنى قاچىلاپ پويىزغا چىقتى. پويىز يەنە قوزغالدى. بوۋاي ھەممىمىزگە بايقال سۈيىدىن قۇيۇپ بېرىپ:

— ئىچىڭلار ئاغىنىلەر، بۇ دۇنيا بويىچە ئەڭ پاكىز، تاتلىق كۆل سۈيى، تەنگە داۋا، قانغۇچە ئىچىۋېلىڭلار، — دېدى ئۇ يەنە ماڭا ۋە ۋېنگىرغا قاراپ، — سىلەر تېخىمۇ كۆپ ئىچىڭلار. چۈنكى سىلەرنىڭ ئەجدادلىرىڭلار مۇشۇ سۇدا ئاتلىرىنى سۇغارغان ۋە ئۆزلىرىمۇ ئىچىپ مۇشۇنداق باتۇر ئوغلان بولۇپ يېتىشكەن! — دېدى.

بىز سۇدىن قانغۇچە ئىچىشتۇق، ھاراققا زاكۇسكا قىلدۇق. بۇ سۇ بىلەن ھاراق ئىچسەممۇ پەقەت مەست بولمايدىغاندەك ھېس قىلدىم. بەدىنىمگە يېڭى كۈچ-قۇۋۋەت كىرگەندەك بولدى. پويىز ئالغا يۈرمەكتە، بەزىدە ئەتراپتىكى پاكار تاغلار ئارىسىغا شۇڭغۇپ كىرىپ بۇ تاغلار ئارىسىدىكى ئايلانما يوللاردا يۈگۈرسە يىراقتىن كۆرۈنۈپ تۇرغان كۆل مەنزىرىسى غايىب بولاتتى. مەن دېرىزىدىن كۆز ئالدىمدىن توختاۋسىز ئۆتۈۋاتقان بۇ تاغلار مەنزىرىسىگە قاراپ چوڭقۇر خىيالغا پاتتىم. بۇ تاغلار قارىماققا ئانچە ئېگىز، ھەيۋەتلىك ئەمەس ئىدى. لېكىن زىچ ئورمان بىلەن قاپلانغان بولۇپ، كىشىگە پەقەت سىرلىق تىلسىماتقا كىرىپ قالغاندەك تۇيغۇ بېرەتتى. قانچىلىك ۋاقىت مۇشۇنداق قاراپ ئولتۇرغىنىمنى بىلمەيمەن. بىر چاغدا بوۋاينىڭ يوغان قوللىرى مۈرەمگە چۈشكەندە خۇددى ئۇيقۇدىن ئويغانغاندەك ئەندىكىپ بوۋايغا قارىدىم.

— نېمىگە بۇنچىۋالا ھاڭۋېقىپ قالدىڭ؟ — دەپ سورىدى بوۋاي، ئۇ خېلىدىن بېرى مېنى كۆزىتىپ ئولتۇرغان بولسا كېرەك، — سەن نېمانچىۋالا خىيالچان بالىسەن، كۆزلىرىڭدە ئوي-خىيالدىن باشقا ھېچنەرسە كۆرۈنمەيدۇ، ئېيتقىنچۇ؟ بۇ تاغلاردىن كۆز ئۈزەلمەيسەن، بۇ تاغلاردىن سەن زادى نېمە ئىزدەيسەن؟ بىرەر گۈزەل قىز ئىزدەمسەن-يا؟ قىز دېگەن موسكۋادا قالدى! — چاقچاق قىلدى بوۋاي.

— ۋاسىلىي ئىۋانوۋىچ، — دېدىم مەن جاۋابەن ئۇنىڭغا، — قەدىرلىك ۋاسىلىي بوۋا، بولدى چاقچىقىڭىزنى قويۇڭ. مەن بۇ تاغلارغا خېلىدىن بېرى سوئال قويۋاتىمەن. ئۇلار ھېچ جاۋاب بەرمەيدۇ. كۆڭلۈمدە شۇ تاپتا زور بىر ئېچىنىش ۋە ماتەم تۇيغۇسى بار بوۋا.

— نېمە ئىش، دېگىنچۇ ئوغلۇم؟ مەن ساڭا ياردەم قىلارمەن. ھېچ بولمىغاندا بۇ تاغنىڭ ھېكايىسىنى ئېيتىپ بېرەرمەن، — دەپ كۈلدى بوۋاي يەنىلا چاقچاق ئارىلاش.

— تامامەن ئەكسىچە ۋاسىلىي ئىۋانوۋىچ، — دېدىم مەن ئۇنىڭغا جىددىيلىك بىلەن، — ئەكسىچە مەن بۇ تاغنىڭ ھېكايىسىنى سىزگە سۆزلەپ بېرەي، بىلەمسىز، بۇ تاغنى پۈتۈن شىنجاڭ خەلقى ناھايىتى ئوبدان بىلىدۇ. چۈنكى مۇشۇ تاغلار 1949-يىلى 9-ئاينىڭ 28-كۈنى بىزنىڭ مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىمىزنىڭ باشلامچىسى، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ رەھبىرى ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق سۆيۈملۈك ئوغلانلىرىمىزنى يۇتۇپ كەتكەن. ئاشۇ ئورمانلار ئارىسىدا ھازىرمۇ ئۇلارنىڭ روھلىرى كېزىپ يۈرگەندۇ...

مەن بوۋايغا ئەخمەتجان قاتارلىق ئاشۇ ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ پائالىيەتلىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئاخىرقى پاجىئەسى توغرىسىدا

سۆزلەپ بەردىم. مېنىڭ ھېكايەمنى ۋېنگىرمۇ، پولەكمۇ قىزىقىش ۋە زور ئىچىنىش بىلەن ئاڭلىدى ھەم ئۆزلىرىمۇ ئىختىيارسىز ئاشۇ تاغلارغا قارىشىپ سۆزسىز تۇرۇشتى. ئاخىرى يەنىلا بوۋاي سۈكۈناتنى بۇزدى.

— يىگىتلەر بولدى قىلىڭلار، قېنى بىر رومكىدىن ئاشۇ تارىخ ئۈچۈن قېتىۋېتەيلى، ئال رومكىنى نەبىجان، — دېدى ئۇ ئارقىدىنلا گويىدە ئىستاكاننى كۆتۈرۈۋېتىپ. سەپىرىمىز داۋاملىشىۋەردى. پويىز ئۈچقاندەك ئالغا ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى. يىرىم كېچە بولغاندا ۋاسلىي بوۋاي مېنى ئويغاتتى. ئۇ ماڭا يەنە يىرىم سائەتتىن كېيىن پويىز ئىركۇتسكى شەھىرىگە كېلىدىغانلىقىنى ئېيتتى، دېمەك ۋاسلىي بوۋايدىن ئايرىلىدىغان ۋاقىت كەلگەنىدى، ئۇ يېنىمدا ئولتۇرۇپ ماڭا مېھرىبانلىق بىلەن سىنچىلاپ قاراپ بىر بوتۇلكىنى تەڭلىدى.

— ئال بۇنى، بۇ بايقال سۈيى، — دېدى ئۇ قەتئىيلىك بىلەن، — بۇنى قانغۇچە ئىچ، بۇ سېنىڭ ئەجدادلىرىڭ ئىچكەن سۇ. سېنىڭ ئەجدادلىرىڭ مۇشۇ سۇنى ئىچىپ باتۇر بولغان. ئاتلىرىمۇ مۇشۇ سۇنى ئىچكەنلىكى ئۈچۈن بولۇشىچە چېپىپ ئاسىيادىن ياۋروپاغا بېسىپ ئۆتكەن. بۇ خاسىيەتلىك سۇ. بۇ سۇنى ئىچكىنىڭدە، قەھرىمان ئەجدادلىرىڭنىڭ قانلىرى سېنىڭ تومۇرلىرىڭدا قايتىدىن دولقۇنلايدۇ. شۇ چاغدا مەن تارىختىكى سېنىڭ بوۋىلىرىڭ — باتۇر تەڭرىقۇتنى، ئوغۇزخاننى، مۇيۇنچۇرنى، سۇلتان سۇتۇقنى كۆرگەندەك بولىمەن!...

بىز قۇچاقلىشىپ خوشلاشتۇق. ۋېنگىرمۇ، پولەكمۇ ئويغاندى. بوۋاي يىرىمداپ قالغان بوتۇلكىسىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ ئۇنى تۆتكە بۆلۈپ تەڭ قىلىپ قۇيدى. بىز بوۋاي بىلەن خوشلىشىش ھارىقىنى ئىچىشتۇق. كۆلكە-چاقچاقلار بىلەن ئاخىرى پويىزنىڭ ئىركۇتسكىغا يېتىپ كەلگىنىنىمۇ بىلمەي قاپتۇق.

بىز بوۋايغا ياردەملىشىپ ئۇنىڭ بىلەن پويىزدىن چۈشۈپ بىردەم پاراڭ سوقۇشتۇق. ئاخىرى قوڭغۇراق چېلىندى. بوۋاي ئۈچىمىزنى بىر-بىرلەپ سۆيۈپ چىقتى ۋە ھەر بىرىمىزنىڭ يەلكىسىگە تېخى مۇشتلىرى بىلەن نوقۇدى.

شۇنداق قىلىپ ئاجايىپ بىلىملىك، چىقىشقاق ۋاسلىي بوۋاي ئارىمىزدا كەم بولدى.

ئۈچىمىز بىر-بىرىمىزگە قارىشىپ ئۈن-تىنسىز كارىۋاتلىرىمىزغا چىقىپ يېتىشتۇق. قانچىلىك ئۇخلىغىنىمنى بىلمەيمەن، بىر چاغدا ئويغانسام تاڭ يورۇپ ۋاگوندا يولۇچىلارنىڭ پاراڭلىرى، رادىئودىن ناخشىلار ياڭراپ كېتىپتۇ. ئورنۇمدىن تۇردۇم-دە، دېرىزىدىن سىرتقا نەزەر سالدىم. پاھ! پويىز كاتتا بىر دەريانى بويلاپ كېتىۋېتىپتۇ. دەرھال يېنىمدا ئۆزۈم بىلەن بىرگە ئېلىپ يۈرىدىغان كىچىك خەرىتىلەر توپلىمىنى ئېلىپ ئۇنىڭدىن بۇ دەريانىڭ ئىسمىنى تاپتىم. بۇ دەل ئاشۇ مەشھۇر ئانا دەريا — ئۇرخۇن دەرياسى ئىدى. كىتابلاردىن تولا ئوقۇپ قەلبىم قېتىغا چوڭقۇر ئورنىشىپ كەتكەن، مەركىزىي ئاسىيا، جۈملىدىن ياۋروپا-ئاسىيانىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىي ھاياتىدا ئالەمشۇمۇل رول ئوينىغان ئۇيغۇر-تۈرك قەبىلىلىرىنى ھاياتلىق ۋە مەردلىك سۈيى بىلەن سۇغارغان ئۇلۇغ ئانا دەريا ئىدى، مانا بۈگۈن ئۇنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولدۇم. قىرغاقلىرى قويۇق ئورمانلىق ۋە چاتقاللىقلار بىلەن پۈركەلگەن دەريا سۈيىنىڭ شۇنچىلىك جىق بولۇشىغا باقماي تولىمۇ تېز ئاقاتتى. بەزى جايلىرى خېلى كەڭرى بولۇپ، بەزى جايلىرى چوڭقۇر قايناملارنى شەكىللەندۈرگەنىدى. ئادەتتە بۇنداق جايلارنىڭ كەڭلىكى سەل تارراق بولسىمۇ، لېكىن بىر خىل سىرلىق ۋە ھەيۋەتلىك كۆرۈنەتتى، پويىز ئۇرخۇن بويىدا ئالاھەزەل ئىككى سائەتچە ماڭدى. پويىز جەنۇب تەرەپكە قاراپ يۈرگەنسېرى دەريانىڭ ئېقىش دائىرىسىنىڭ تارىيىۋاتقانلىقىنى، شۇنداقلا ئۇنىڭ ئېقىش تېزلىكىنىڭ تېخىمۇ يۇقىرى ئىكەنلىكىنى بىلىش مۇمكىن ئىدى. بارا-بارا ئورمانلار ۋە سۇ يۈزىگە ساڭگىلاپ چىلىشىپ تۇرغان چاتقاللار ئازىيىپ، ئۇنىڭ ئورنىنى ئېگىز، قويۇق ئۆسكەن ئوت-چۆپلەر ئىگىلىگەنىدى. دېمەك، دەريا ئەمدى

بىپايان يايلاقنى ئىككىگە بۆلگەن هالدا ئاقماقتا ئىدى. يەنە ئازراق ماڭغاندىن كېيىن توپ-توپ قوي پادىلىرىنىڭ، يوغان سىيىرلارنىڭ ۋە يىلقىلارنىڭ دەرىيا بىرقانچە ئاراللارغا بۆلۈنگەن كەڭرى بىر جايىدا قىرغاقلاردىن سۇ ئىچىۋاتقان مەنزىرىسى نامايان بولدى. پاكار ئاتلار ئۈستىدىكى موڭغۇل مالچىلار قامچىلىرىنى ئاسمانغا شىلتىپ بىرنېمىلەرنى دەپ ۋارقىرىشاتتى. بۇ يەردە هېچقانداق بىر هازىرقى زامان تۇرمۇشىغا ئائىت نەرسىنى ئۇچرىتىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇ تاپتا بۇ مەنزىرىلەر كىشىنى يىراق قەدىمكى چاغلارغا ئېلىپ كېتەتتى.

مەن دېرىزە يېنىدىكى قاتلىما ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ هاياجان بىلەن ئورخۇن ۋادىسىنىڭ مەنزىرىسىنى تاماشا قىلماقتىمەن. پويىز تېز سۈرئەتتە ئۇچقاندەك ئالغا ئىلگىرىلىمەكتە. پويىز چاقىنىڭ رېلىسقا ئۇرۇلۇپ قاتتىق گۈپۈلدەشلىرىمۇ هېچ قۇلىقىمغا ئاڭلانمايتتى.

تۇيۇقسىز يادىمغا بىر ئوي كېلىپ قالدى، ئۇ بولسىمۇ ئاشۇ ئانا سۈتىدەك پاك ئورخۇن سۈيىدىن بىر بوتۇلكا قاچىلاپ ۋاسلىي بوۋاي بەرگەن بايقال سۈيى بىلەن بىرگە ۋەتەنگە ئېلىپ كېتىش ئىدى. پويىزنىڭ ئورخۇن بويىدىكى بىرەر بېكەتتە توختىشىنى شۇنچىلىك ئارزۇ قىلدىم. لېكىن ئورخۇن بويىدا بىرەرمۇ ۋوگزال يوق ئىكەن. دېمەك، ئالدىمىزدىكى چوڭ ۋوگزال موڭغۇلىيە جۇمهۇرىيىتىنىڭ پايتەختى ئۇلانباتۇر شەهىرى ئىدى. لېكىن يەنىلا ئەپسۇسلاندىم. چۈنكى ئورخۇن سۈيى ئاخىرقى هېسابتا بەربىر بايقال كۆلىگە قۇيۇلاتتى. دېمەك، بايقال سۈيى چوقۇم ئاشۇ ئورخۇن سۈيىدىن كۆپەيگەن. بايقال سۈيى مەردلىك قەترىلىرىنىڭ توپلىنىشى ئىدى.

پويىز ئۇلانباتۇر شەهىرىگە كېلىپ توختىدى. سوۋېت پاسونىدا سېلىنغان بىنالار بىلەن بېزىلىپ، سوۋېت شەهەرلىرىنىڭ قىياپىتىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۈرگەن، دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭ بۇ يايلاق شەهىرىنىڭ ۋوگزالى كۆزگە تولىمۇ سۈرۈن كۆرۈنەتتى.

بۇ شەهەرنىڭ تاشقى قىياپىتىدىن بىر خىل چۈشكۈنلۈك بىلەن غايىۋى مەغرۇرلۇق چىقىپ تۇراتتى. بۇ يەردە يېرىم سائەتتىن ئوشۇق توختىغاندىن كېيىن پويىز قايتا سەپەرگە ئاتلىنىپ بىپايان يايلاقلارنى، ئېگىز تاغلارنى ئارقىدا قالدۇرۇپ ئىككىنچى كۈنى چۈشتە بېيجىڭ شەهىرىگە يېتىپ كەلدى. شۇنداق قىلىپ مەن ۋاسلىي بوۋاينىڭ بۇ يادىكار سۈيىنى بېيجىڭغىچە، ئۈرۈمچىگىچە ئېلىپ كەلدىم ھەم دوستلىرىمغا، ۋەتەنداشلىرىمغا ئىچكۈزدۈم. ھەتتا بىر قىسمىنى ئۈرۈمچىدىن ئۈچتۇرپانغىچە بولغان سەپىرىمدە يوللارغا، بىپايان ئېتىز-داللارغا، تارىم دەرياسىنىڭ باشلىنىشى بولغان ئاقسۇ، توشقان دەريالىرىغا چېچىۋەتتىم. بەلكىم ئەجدادلىرىم ئىچكەن ئاشۇ بايقال سۈيى بىلەن سۇغۇرۇلغان ئاشۇ ئېتىزلاردا ئۆسكەن بۇغدايلارنى يېگەن ۋە شۇ سۇ چېچىلغان سۇنى ئىچكەن ئادەملەردە چوقۇم بوۋىلارنىڭ ئاشۇ باتۇر مىجەزلىرى قايتا پەيدا بولار، ئۇلارنىڭ چۈشكۈن، بىچارە سۈپەت شۇنداقلا كىرلەشكەن، زەئىپ بەدەنلىرىگە ئازراق بولسىمۇ كۈچ-غەيرەت تولار. بايقال سۈيى چېچىلغان ئاشۇ يوللاردا، باتۇر بوۋامنىڭ، ئوغۇزخاننىڭ، سۇلتان سۇتۇقنىڭ ئارغىماقلىرى ھەيۋەت بىلەن چاڭ چىقىرىپ چېپىپ جاھاننى لەرزىگە سالار، ئارغىماقلارنىڭ كىشنىگەن ئاۋازلىرى يىراق-يىراقلارغا تارقىلار.

دوستلۇق سورۇنىدا ھاراق پەيزىنى سۈرگەچ ئولتۇرۇپ، تېتىپ كۆرگەن ئاشۇ بايقال سۈيى دوستلىرىمىزنىڭ تومۇرلىرىنى تازىلاپ چۈشكۈن، ھاراقكەش كۆزلىرىدىن ئۈمىد نۇرىنى چاقنىتار، بەلكى ئېغىر مەستلىكنى يېڭىپ تاشلاپ، ئەتراپىغا باشلىرىنى سىلكىپ تۇرۇپ نەزەر تاشلىتار!...



(ھېكايە)

ھۆسەيىن تاش

1

بوشلۇقتا مۇئەللەق ئېسىلىپ قالغان قۇياش ئۆزىنىڭ ئاجايىپ قۇدرەتكە ئىگە هارارىتى بىلەن بۇ كىچىككىنە قۇملۇق مەھەللىنى پۈتۈنلەي كۆيدۈرۈپ تاشلىماقچى بولغاندەك بارغانسېرى قىزىماقتا، ئوت ئالماقتا، ياناماقتا... چىڭقى چۈش مەزگىلىدىكى زەھەركەشلىك دىمىق هاۋا، ئادەملەر ھەتتا هايۋاناتلارنى ئاللىقاياقلارغىدۇ جىمىقتۇرۇۋەتكەن ئىدى، جىمجىتلىق هۆكۈم سۈرۈۋاتقان مەھەللە بىخىرامان ئۇيقۇغا كەتكەندەك ئىدى. مەھەللىنىڭ ئايىغىدىكى جىگدە بىلەن قاشالانغان ئۈزۈم باراڭلىق ھويلىنىڭ پاكار سۇپىسىغا سېلىنغان كونا كىگىز ئۈستىدە ئۈزۈن ئاق كەمزۇلنى يېپىنچاقلىۋالغان چار ساقال بىر ئەر ئۇخلاۋاتاتتى. ئۇ، ھويلىنىڭ تاملىرىغا قالايمىقان قېقىلغان قوزۇقلارغا ئېسىپ قويۇلغان داتلاشقان ھەرىلەردىن، يېنىدىكى تاشلاپ قويۇلغان ئاغزى يوق ئەسكى ساندۇقتا سېلىنغان ئىسكىنە، چوت، رەندە، سۈيى قۇرۇپ قالغان يىپ تاناپ چۆچكى قاتارلىق سايمانلاردىن مەڭگۈلۈك قول ئۈزگەندەك ياتماقتا... ھەممە سايمانلار كونىرىغان بولۇپ ئىشلىتىشتىن قالغانىدى.

ياغاچچى ئېزىلىپ ئۇخلاۋاتاتتى. بۇنداق ئىسسىقتا ئۇخلىماي نېمە ئىش قىلغىلى بولسۇن؟!

ئۆي ئىچىدىن ئون بەش ياشلار چامىسىدىكى ئاق پىشماق بىر قىز كۆزىنى ئۇۋۇلىغىنىچە چىقىپ كەلدى. ئۇنىڭ قاپاقلىرى ئۇيقۇدىن ئوبدانلا ئىششىپ قالغاندى. ئۇ بويىنىغا چۈشۈپ قالغان قىزىل گاز ياغلىقنى بېشىغا تۈزلەپ چىگدى-دە، دادىسىغا ئېرەنسىزلىك بىلەن قارىدى.

— دادا! — لېكىن دادىسى ئۆلۈكتەك يېتىۋەردى. قىز ۋارقىرىدى.

— دادا!

ياغاچچى كۆزىنى تەستە ئېچىپ قىزىغا سوئال نەزەرى بىلەن قارىدى.

— ئانام قېنى؟

— هازىرلا يېنىمدا ياتاتتىغۇ، موزايغا چۆپ ئالغىلى چىقىپ كەتتىمكىن.

ياغاچچى كۆزىنى يۇمدى. قىز جايىدا خېلى ئۇزۇن تۇردى. «بۇنداق چىڭقى چۈش مەزگىلدە چۆپ ئورۇپ نېمە ئىش قىلىدۇ؟ ياكى قوغۇنلۇقتا چىقىپ كەتكەنمىدۇ؟ ئارقىغا ئۆتۈپ باقاي» قىز شۇلارنى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپ ئۆينىڭ ئارقىسىدىكى قوناقلىققا ئۆتتى. قوناقلىقمۇ جىمجىت. سۇسراپ كەتكەن قوناقلار ئىسسىقتا ئۆزلىرىنى تاشلاپ سولىشىپ تۇراتتى. ئۇ يەنە ئازراق ماڭدى. بىراق ئۇ تىرگەنىنىڭ يېرىمىغا كېلە-كەلمەيلا ئالدى تەرەپتىكى قويۇق جىگدە بىلەن قاپلانغان ئېرىقتىن

بىرسىنىڭ يېنىك ئىڭرىغان ئۈزۈك-ئۈزۈك ئاۋازى ئاڭلاندى.

— ... بولدى، سەت قوتاز.

بۇ ئانىسىنىڭ ئاۋازى ئەمەسمۇ؟! ئەسلىدە ئىش مۇنداق ئىكەن-دە! قىز قانداقمۇ ئۆزىنى تۇتالىسۇن... ئۇ ئاۋايلاپ دەسسەپ ئېرىق بويىغا باردى-دە، يەر بېغىرلاپ پەم بىلەن ماردى. دېگەندەكلا ئانىسى قۇم ئۈستىدە سېمىز پاچاقلىرىنى ئىككى ياققا كېرىپ ئۈگدىسىغا ياتاتتى... ئۈستىدىكى مەمەت قوتاز ئىدى... ھۇ قارا يۈز، بىزنىڭ ئۆيگە ھۈنەر ئۆگەنگىلى ئەمەس، ئانامنى ماراپ كەپتىكەنسەن - دە!...

— قويۇشە، شەرمەندىلەر!

قىز ئىختىيارسىز بىرلا ۋارقىراپ ئۇچقاندەك ئۆيگە يۈگۈردى. ئۇلارنىڭ ئوبدانراق ئەدىبىنى بېرىپ قويۇش كېرەك ئىدى. قېرىغاندا نومۇس قىلىشمىغىنىنى. قىز ئۆيگە كىرىپ دادىسىنى ئويغىتىپ باشلاپ چىقتى. دادىسىنىڭ قولىدا توقماق، ئۆزىنىڭ قولىدا كەكە تۇراتتى. قىز يۈگۈرگىنىچە ئېرىق ئىچىگە كىردى. بىراق ھەممە ئىش تۈگىگەن بولۇپ بايىقىلارنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى. قۇرۇق ئېرىقتىكى قۇم ئۈستىدە ئانىسىنىڭ پۇتلىرى، ساغرىلىرى، بېشى ياتقاندا قالغان ئىزلارلا تۇراتتى. قېرى دوڭغاسلاپ يېتىپ كەلدى.

— قېنى ئۇلار؟ — تېخىچە ھېچنەرسىنى ئاڭقىرالمىغاندەك تۇرغان بوۋاي ھاسىراپ-ھۆمدەيتتى.

— قېچىپتۇ. تېخى بايىملا مانا مۇشۇ يەردە ئىدى... مېنىڭ ئۇنداق ئانام يوق، — قىز ئېسەدەپ يىغلاپ كەتتى. دادىسى بولسا قۇم ئۈستىدىلا ئولتۇرۇپ قالدى. شۇ تاپتا ئۇ قانداق قىلىش كېرەكلىكى توغرىسىدىمۇ ھېچنەرسە ئويلىيالمايۋاتاتتى.

2

ئايال يوقاپ كەتتى. بوۋاي تەنھا قالدى. ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ ئايالىنىڭ زادىلا ئىز-دېرىكى بولمىدى. ھەتتا قىزى مەمەت قوتازنىڭ ئۆيىگىمۇ باردى. بىراق مەمەت قوتازمۇ يوقاپ كەتكەنىدى. ئۇلار ئىككىسى بىرلىكتە قېچىپ كەتكەنمىدۇ؟ قېچىپ كەتسە قەيەرگە باردۇ؟ ھەممە ئىشنى قىزى قالايمىقان قىلىۋەتتى. ئانىسىنى مەمەت قوتاز بىلەن تۇتىۋالغانلىقىنى خەلق-ئالەمگە يايدى. ئەسلىدە ھەممە ئىش يەك ئىچىدىلا تۈگەپ كەتكەن بولسا ياخشى بولغان بولاتتى. مانا ئەمدى كىشىلەر غۇلغۇلىغا چۈشتى.

— توۋا، قېرىغاندىمۇ مۇشۇنداق بۇزۇقچىلىق قىلىدىكەن.

— مەمەت قوتازنىڭغۇ ئايالى يوق. ئاسمىخان تۇل بولسىغۇ مەيلى ئىدى. ئۇنىڭ ئۆگەي بولسىمۇ نەۋرىلىرى بار ئايال ئەمەسمۇ؟

— قاراپ تۇرۇپ خىزىردەك ئادەمنى بوزەك قىپتۇ.

— ھەركىم قىلسا ئۆزىگە قىلىدۇ.

كىشىلەر ئاشۇنداق مۇلاھىزىلەرنى قىلىشاتتى. ياغاچچى ھويلىسىدىن سىرتقا چىقمىدى. خەقلەر نېمە دېگۈسى كەلسە دەۋەرسۇن. ئۆزىنىڭ ئېغىزى. ئادەم ئۆزى ئۈچۈن ياشايدۇ. بەندىلەرنىڭ ساۋابى ھەم قىلغان گۇناھىنىڭ ھەممىسى ئۆزىگە. ياغاچچى ئاشۇنداق قارايتتى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۆزىنىڭ قېرىغانلىقىغا، كۈچ-قۇۋۋىتىدىن قالغانلىقىغا تەن بېرەتتى. كىم ئۇنى ئۆزىدىن كىچىك خوتۇن ئالسۇن دەپتۇ؟!...

ياغاچچى بۇرۇن ئۆلۈپ كەتكەن ئايالىنى ھەرقانچە ئەسلەپ بېقىپمۇ كۆز ئالدىغا كەلتۈرەلمەدى. ئۇ ئايالىدىن تۆت بالا قالدى. ھاردىم-تالدىم دېمەي تۆت بالىنى باقتى. ئۆيلۈك-ئوچاقلىق قىلىپ قاتارغا قوشتى. لېكىن يۈزسىزلىكنى قارىمامدىغان، دادىسى ئىككىنچى خوتۇننى ئېلىۋىدى، ھەممىسى پېشىنى قېقىپ يوقىلىشتى. خۇددى بۇ مەخلۇقلار دۇنياغا تامنىڭ تۆشۈكىدىن چۈشۈپ قالغاندەك، دادىسى پانى دۇنيادا ياشىمايۋاتقاندەك، مەۋجۇت ئەمەستەك يوقالدى. ئۇلارچە بولسا دادىسى

ئۆيلەنمەي تەنھا ھالدا ئۆلۈمنى كۈتۈپ ئولتۇرسىلا بولىدىكەن-دە! تېخى دادىسى ئۇلارنىڭ ئۆيىدە دادىلىق سۈپىتىنى ساقلاپ ئولتۇرۇپ بەرگەنىنىڭ ئۆزى چوڭ ئىش ئىكەن. يېمەك-ئىچمەك، كىيىم-كې-چەك تەرەپلەردىن غەم قىلمىسمۇ بولىدىكەن. شەھەر كۆرسىتىدىكەن... دادىلىق سۈپەت تەنھا ئۆتۈشمۇ؟ ئادەمگە زېرىكىش ئىچىدىكى سۆئىي بەختنىڭ نېمە كېرىكى؟ بوۋاي باللارنىڭ تەلپىگە كۆنمىگەچكە ئۇلار يۈز ئۆرۈشتى. راست، بوۋاي بۇنداق بىمەنە تەلەپكە قانداقمۇ كۆنسۇن؟ ئادەم تۇغۇلغانىكەن ھەرقانچە بايلىقى بولسىمۇ، غەمسىزدەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە يېنىدا ئۆزىگە ھەمراھ بولىدىغان، مۇڭدىشىدىغان، ئىچ پۇشقىنى چىقىرىدىغان ئادىمى بولمىسا قانداق بولغىنى؟ باللىرى ئۇنىڭغا تەشنا ھەقىقىي نەرسىنى مەڭگۈ بېرەلمەيدۇ. ئادەم ئۈچۈن ھاياتتا تەنھالىقتىن-مۇ چوڭراق بىچارىلىك بولمىسا كېرەك. بوۋاي ھېلىمۇ تازا قىران مەزگىللىرىنى «باللار يېتىم بولۇپ قالمىسۇن» دەپ تەنھالىق ئىچىدە ئۆتكۈزۈۋەتتى. كېيىن باللارنىڭ توسقىنىغا ئۇنىماي ئۆيلىنىۋالدى. ھېلىمۇ ياخشى، ئازراق بولسىمۇ ماغدۇرى بار ئىكەن. «خۇدا بەرسە پەيغەمبەر غىڭ قىلالماپتۇ» دېگەنىدەك يېشى بىر يەرگە بېرىپ قالغان بولسىمۇ خۇدا ئۇنىڭغا بىر قىز پەرزەنت ئاتا قىلدى...

بوۋاينىڭ ھەممىدىن بەكرەك ئەنسىرەيدىغى-نى ئايالىنىڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشى ئىدى. ئايالى بۇنداق ئەخمەقلىقلەرنى قىلىپ يۈرمىسە بولاتتى. ئەمدى بوۋاي قېرىغاندا يېقىنلاۋاتقان ئۆلۈم مىنۇتلىرىنى تەنھالىق ئىچىدە كۈتىدىغان بولدى. ئۆلگۈچە بولغان ئارىلىقتا يېنىدا ئايالى تۇرۇپ بەرسە ئىدى. بۇ بوۋاي ئۈچۈن ئەڭ چوڭ تەسەللى بولاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆلىدىغانلىقى ئېنىق بولسىمۇ، زادى قاچان ئۆلىدۇ، قاچانغىچە ياشايدۇ، بۇ ئېنىق ئەمەس-تە! ھېچبولمىغاندا ئايال ئەردىن كېيىن ئۆلسىمۇ مەيلى ئىدى، بوۋاينىڭ ئايالىنىڭ ئۆلۈمىنى كۆرگۈسى يوق ئىدى. بوۋاي ئايالى بىلەن قاچاندىن باشلاپ بىللە ياتمىغانلىقى توغرىسىدا خېلى باش قاتۇرغان بولسىمۇ زادىلا ئەسلىيەلمە-دى. راست، ھازىر ئۇنى ئەسلىيەلىگۈدەك زېھنى بولسا ئايالى باشقا ئەرلەرگە قاراپ قالماس ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا ئۇمۇ ھېسسىياتلىق، كۈچ-قۇۋۋەتتى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان ئەر ئەمەس-مىدى؟ توۋا، ئادەم تۇغۇلۇپ بارغانسېرى مۇكەممەللىشىپ بارماي ئەكسىچە ئاجىزلىشىپ زاۋاللىققا يۈزلىنەمدۇ-قانداق؟!

بوۋاي باراڭدا ساڭگىلاپ تۇرغان ئۈزۈملەر-گە قارىدى. بۇ يىل ئۈزۈم تازا ئوخشىغان ئىدى... ئارقىدىنلا دىققىتىنى ئاللىقاچان تاشلىنىپ قالغان ياغاچچىلىق ئەسۋابلىرىغا بۇرىدى. ھۈنەرنى بىرەر شاگىرتقىمۇ قالدۇرالما-دى. راست، ئۇنىڭدا قالدۇرغىدەك قانچىلىك ھۈنەر بولسۇن. ئۆزىمۇ ئاللىقانداقتۇر بىرەر كامىل ئۇستىنىڭ شاگىرتى ئەمەس، بەلكى ئۆزى ئۆگىنىۋالغان. كوممۇنا ۋاقتىدا قوتان ياپاتتى، ئوقۇر ياسايتتى، كۆتەك ھارۋىغا چاق، شوتا-غالتەك، بەزىدە ئىشىك، كارىۋات دېگەندەك نەرسىلەرنىمۇ ياساپ قوياتتى. بۇنى ھۈنەر دېگىلى بولامدۇ؟ لېكىن كىشىلەر بۇنىڭغا قارىماي ئۇنى «ياغاچچى»، «ئۇستام» - دەپ ئاتىۋېلىشتى. بۇرۇنقى كوممۇنا مەزگىلىدىكى-دەك كۈنلەر بولسىغۇ ھۈنىرىنى ئىشقا سالاتتى. مانا ئەمدى كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭغا ھاجىتى چۈشمەيدىغان بولۇپ قالدى. ھۈنىرىنىڭ ۋاقتى ئۆتتى. ھازىر دېھقانلار ئۆيلىرىنى ئاجايىپ چىرايلىق نەقىش ئويىدىغان ئۇستىلارنى تەكلىپ قىلىپ ياسايدىغان بولۇۋېلىشتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇستام قېرىدى. دېھقانچىلىق قىلىشقىمۇ ماغدۇر لازىم-دە، بۇنداق ئەھۋالدا ئۇ نېمە ئىش قىلىشى كېرەك؟ ئايالى شاگىرتى بىلەن چاتاق چىقاردى. ئەمەت قوتاز ھەرە تارتاتتى. ئەمەلىيەتتە ئەمەتنى «شاگىرت» دېگەنە-دىن كۆرە يېقىن سىرداش، دوست دەپ تونۇيتتى. بىراق ئەمدى... ھەرقانچە ئىش

بولسىمۇ بوۋاي ئۆلگەندىن كېيىن قانداق قىلىشسا مەيلى ئىدى. ھەرگىز رەنجىمەيتتى. ئۇلار ئالدىراپ كەتتى.

— مۆ! ...

تۇيۇقسىز ئېغىلدىكى موزاي مۆرەپ بوۋاينى چۆچۈتۈۋەتتى. قىزى قاياقتا يوقالغاندۇ. كىچىك بولغاندىكىن بۇ ئىشقا ئارىلاشماسلىقى كېرەك ئىدى.

باراڭلىق ھويلىنى بارا-بارا سۇس قاراڭغۇلۇق ئۆز ئىلكىگە ئالدى. بوۋاي تېخىچە جايىدا قىمىر قىلماي ھەيكەلدەك ئولتۇراتتى. موزاينىڭ كېيىنكى قېتىمقى مۆرەشلىرىنى ئاڭلىمىدى. ئاڭلىغان بولسىمۇ چاتىقى بولمىدى. ئۇ قانچىلىك ۋاقىت ئولتۇرغانلىقىنىمۇ بىلمەيتتى. ھويلىنىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ قىزى چۆپ كۆتۈرۈپ كىردى.

— دادا، ئۇ بار ئىكەن.

— قەيەردە؟

بوۋاي چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. تۇۋا، بۇ قەيەردىن كەلگەن كۈچكىنە؟ شۇ تاپتا ئۇنىڭ يا خۇشال بولغىنىنى، يا خاپا بولغىنىنى بىلگىلى بولمايتتى.

— قاسىم قارىنىڭكىگە بېرىۋاپتۇ. مەن ھازىر بېرىپ چېچىدىن سۆرەپ قوتازنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ قويىمەن. مېنىڭ ئۇنداق بۇزۇق ئانام يوق.

— قىزىم توختىغىنا! ...

قىز يۈگۈرگىنىچە چىقىپ كەتتى. ھىم، ھۇ جۇۋەينىمەك، «ئانا» دېگۈسى كەلمەي «ئۇ» دەپ كەتكىنىنى-تېخى! بۇنداق ئاتاش بوۋايغا تازا ياقماي قالدى.

## 3

قىز خۇپتەن مەزگىلىدە قاسىم قارىنىڭ ئۆيىگە يېتىپ كەلدى. ئىشكىنىمۇ چەكمەستىن ھويلىغا كالىدەكلا ئۇسۇپ كىردى. ئانىسى قارىنىڭ ئايالى بىلەن جىنچىراقنىڭ يورۇقىدا پاراڭ سېلىشىپ ئولتۇراتتى.

— قانداق قىلمەن بوۋۇم. ئۇ مەن بىلەن كارى بولمىغىلى تۆت-بەش يىل بولۇپ قالدى. ئادەم قېرىسىمۇ كۆڭۈل دېگەن...

— قوپە، ھەي بۇزۇق، نېمە بۇ يەرگە كېلىۋالدىڭ، قوتازنىڭ ئۆيىگە بارالمىغان بولساڭ، مانا مەن ئاپىرىپ قويغىلى كەلدىم.

— ئۇنداق دېمەڭ قىزىم، ئانا دېگەنگىمۇ ئاشۇنداق تىل سالامدىغان؟!

— مېنىڭ بۇنداق بۇزۇق ئانام يوق.

— قىزىم، گۇناھىنى تونۇغان بەندىنى خۇدامۇ كەچۈرىۋېتىدۇ.

— مەن كەچۈرمەيمەن، دادام كەچۈرمەيدۇ.

قىز كاپ قىلىپ ئانىسىنىڭ بىلىكىدىن تۇتۇپ تارتتى. ئانا قارشىلىق كۆرسەتمىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭدا قارشىلىق كۆرسەتكۈدەك جۈرئەت، ماغدۇر، يۈرەكمۇ يوق ئىدى، قىزى ھازىرلا ئۆلسەن دېسە ئۆلۈشكە تەيياردەك كۆرۈنەتتى. چۈنكى ئۇ ئانىلىق بۇرچىنى ئۇنتۇپ بۇزۇقچىلىق قىلدى، جىنايەت ئۆتكۈزدى! قىزنىڭ ئاغزىدىن دۇنيادىكى ئەڭ سېسىق، ئەڭ يىرگىنىشلىك سۆزلەر ياغاتتى... قارىنىڭ ئايالى ياقىسىنى چىشلىدى. تۇۋا، قىز بالا دېگەننىڭ ئېغىزى يۇمشاق بولىدىغان، تازا كاسكى قانچۇقنىڭ ئۆزىكەنغۇ بۇ شۇم ئېغىز...

قىز ئانىسىنى مەممەت قوتازنىڭ ئاكىسىنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ قويۇپ خېلىلا كەچ قايتىپ كەلدى. ئاچچىقى ئەمدى ئازراق پەسەيگەندەك قىلاتتى. ئۇ دەرۋازا ئالدىغا كېلىپ توختاپ قالدى. چۈنكى ھويلىدا دادىسى قاسىم قارى بىلەن پاراڭلىشىۋاتاتتى.

— ئۇستام، ئازمايدىغان بەندە يوق. خۇدادىن باشقىلىرىمىزنىڭ ھەممىسى ئازغۇنلارمىز، گۇناھكارمىز. ئاسمىخان شەيتاننىڭ ئارقىسىغا كىرىپ بىر قېتىم ئېزىپ ساپتۇ. ئەمدى كەچۈرىۋەتسىلە، ئۇستام. قېرىغاندا ئاجرىشىمەن دەپ قەيەردە سۆرىشىپ يۈرىسىلەر. خەلق-ئالەم ئالدىدىمۇ بىر سەتچىلىك دېسىلە، بىز ئۆزىمىزنىڭكى-

ـنى ئۆزىمىز ياپىساق كىم ياپىدۇ، ئاسمىخانىغا مەنمۇ كۆپ گەپ قىلدىم. گۇناھىنى بويىنىغا ئالدى. ئازغانلىقىنى ئېيتتى، ئۇنى ئەمدى ئەكىلىپ قويساق ،يەنىلا بۇرۇنقىدەك ئىناق ئۆتۈپ كەتسەڭلار بىزمۇ خۇشال. ئۆزلىرى بۇنىڭغا قانداق قارايلىكى؟...

— ئۆزلىرى شۇنداق دېگەن يەردە، مەن نېمىمۇ دېيەلەيتتىم قارىم؟ مەنمۇ كۆپ ئويلاندىم. بولغۇلۇق ئىش بوپتۇ، ئۇ مەندىن كەچۈرۈم سورىسىلا بولدى. مېنىڭچە سىلىنىڭ دېگەنلىرىدەك قىلايلى! ...

— ياق دادا، ئۇنى ئەكەلمەيمىز! — قىز ئىشكتىن ئېتىلىپ كىرگىنىچە ۋارقىرىدى.

— ئۇنداق دېمىسلە خانقىز بالام. سىلى تېخى كىچىك، كۆپ...

— چوڭلار نېمە ئىش قىلىپ بېرىپتۇ. بۇزۇقچىلىق قىلدىغۇ ئەنە...

— يوقال! ئۆيگە كىرىپ ئۆيىقۇڭنى ئۇخلا، ئانىسىنى تىللاپ يۈرگىنىنى جوھوتنىڭ بالىسى.

بوۋاينىڭ قاتتىق ئاچچىقى كەلگەنىدى. ناۋادا قىز يېقىنراق تۇرغان بولسا كاچىتىغا نەچچە شاپىلاق سېلىۋەتكەنمۇ بولار ئىدى. بۇ، بوۋاينىڭ ئامراق قىزىغا ئۆمرىدە بىرىنچى قېتىم ئازار بېرىشى ئىدى. قىز يىغلىغانچە ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىپ كەتتى. قىزنىڭ قارشىچە، ئادەملەر قېرىغانسېرى بەك دۆتلىشىپ كېتىدىغاندەك تۇيۇلدى. توۋا، بوۋاي ئايالىنىڭ بۇزۇقچىلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ ھېچ ئىش بولمىغاندەك يۈرگىنى نېمىسى؟ قىز ئانىسىنىڭ قارىمىنىڭ ئايالىغا دېگەن سۆزلىرىنى ئويلىدى.

توۋا، دادىسىنىڭ بىللە ياتمىغانلىقى شۇنچە زور جىنايەتمۇ؟ ئەمدى كىچىككىنە ئىشقا كۆكۈل دەپ، نومۇس، ھايا، قېرىلىق دېگەنلەرنى بىر ياققا قايرىپ قويۇپ بۇزۇقچىلىق قىلىش كېتەمدۇ؟ كىشىلەر ئارىسىدا باش كۆتۈرۈپ بىللە ياشايدىغان گەپ. قىز ھەرقانچە تىرىشچانلىق كۆرسەتسىمۇ خىيالىغا كىرىۋالغان

ئاشۇ زېرىككىشلىك دىمىق چۈش مەزگىلىنى، ئانىسىنىڭ ئىڭراشلىرىنى، ئىككى ياققا كېرىپ ياتقان سېمىز پاچاقلىرىنى... زادىلا دىققىتىدىن نېرى قىلالمىدى. ئويلىماسلىققا نىيەت قىلىپ باشقا نەرسىنى ئويلىماقچى بولسىمۇ خىيالىغا يەنىلا ئاشۇ كۆرۈنۈش كېلىۋالدى...

ھويلىدا دادىسىنىڭ قارىمنى ئۇزىتىپ چىققان ئاۋازى ئاڭلاندى، قېرىلارنىڭ ھەممىسى ئالجىپتۇ. دادامۇ جىننى باقالمايدىغاندەك گەپ قىلىپ يۈرگىنىنى قانداق قىلاي... ئەر بولغاندىكىن ئانامنىڭ ئەدىبىنى ئوبدانراق بېرىپ قويۇشى كېرەك ئىدى.

تۇيۇقسىز ھويلىنىڭ ئىشكى ئۇرۇلدى. بىرىم كېچىدە كەلگەن كىمدۇ؟ ياكى ئانىسى يېنىپ كەلگەنمىدۇ؟ ياق-ياق، ئۇنىڭ كېلىشى مۇمكىن ئەمەس. قىز ئۇخلىۋالغان بولۇپ يېتىۋېرەي. دادام ئىشكنى ئۆزى چىقىپ ئاچسۇن، ئەمدى ئۆينىڭ ھېچقانداق ئىشلىرىغا ئارىلاشمايمەن...

— كىم؟— ئەمدىلا ئۇخلاش ئۈچۈن كىيىم سېلىۋاتقان بوۋاي ۋارقىرىدى.

— دادا، مەن قۇۋان.

قۇۋان بوۋاينىڭ بىرىنچى ئايالىدىن بولغان كەنجى ئوغلى ئىدى. ئەجەب بۇرۇن ئىزدىمەي يېرىم كېچە بولغاندا ئىزدەپ قاپتۇغۇ، بوۋاي ئۇزۇن چاپىنىنى يېپىنچاقلاپ بېرىپ ئىشكنى ئاچتى. راستىنى ئېيتقاندا، بوۋاينىڭ يۈزسىز باللىرىدىن بولۇپمۇ قۇۋاندىن كۆڭلى قالغانىدى. ئاتا-ئانىلار باللىرىنى پەيلەپ كۆزلىگە قاراپ باقىدىكەن، چوڭ قىلىدىكەن، قاتارغا قوشىدىكەن. لېكىن ئۇلارنىڭ ئېلىپ كېلىدىغىنى بىرمۇنچە ئاۋارىچىلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەسقۇ...

بوۋاي ئىشكنى ئېچىپ قويۇپلا سۇپىغا بېرىپ ئولتۇردى. يۈزىنى داپتەك قىلىپ كەلسە ئامال قانچە؟... ئۇ ئوغلىنىڭ نېمە دەيدىغانلىقىنى بىلىۋالغاندەك قىلاتتى.

قۇۋان سۇپىنىڭ گىرۋىكىدىلا ئولتۇرۇپ سۆز باشلىدى.

— دادا، مەن ھەممىنى ئاڭلىدىم، تاپتا سىنىڭ قانچىلىك ئازابلانغانلىقىڭنى بىلىۋاتىمەن. سىنىڭ ياراڭغا تۇز سەپكەندەك بولۇپ قالمىسۇن، ئەسلىدە سەن باشتىلا كەتكۈزۈپ قويغان. بىز ئۇنىڭ ھامان چاتاق چىقىرىپ قويىدىغانلىقىنى پەرەز قىلغان. مانا ئەمدى بولغۇلۇق ئىش بوپتۇ. بىزمۇ دادا-بالىلىق مۇناسىۋىتىمىزنى ئەسلىگە كەلتۈرۈۋالساق دەپ كېلىشىم. ئۇ بۇزۇق خوتۇن ھەممىمىزنىڭ يۈزىنى سىيرىدى. قاچان ئاجرىشىدىغان بولدۇڭلار؟

— سۆزۈڭ تۈگىدىمۇ؟

— تۈگىدى.

— ئاجراشمايمەن، ئەمدى يوقالساڭ بولىدۇ، مۇناسىۋىتىمىز ئەسلىگە كېلىدۇ دەپ خام خىيال قىلما!...

— دادا، ساراڭ بولدۇڭمۇ؟ يەنە ئاشۇ بۇزۇق بىلەن ئۆي تۇتامسەن؟! بىزگە يۈز كېرەك! يۈز!

قۇۋان ھېچنەرسە دېيەلمىدى، ئىشىكنى جالاقلىتىپ ياپقىنىچە قاراڭغۇلۇقتا غايىب بولدى. بوۋاي جىمىپ قالدى، كېيىن ئۇ يەر-بۇ يەرنى ئاختۇرۇپ بىرنەرسە ئىزدىدى. ئادەمنىڭ كاللىسى جايىدا بولمىغاندا قويغان نەرسىسىنىمۇ تاپالماي قالىدىكەن. ئۇ تەكىيىنىڭ ئاستىدىن كىچىككىنە بىر بوتۇلكىنى ئالدى، ئالقىنىنى ئېچىپ ئازراق ناسۋال تۆكتى-دە، ئېغىزىغا ئېتىپ تىلىنىڭ تېگىگە باستۇرۇۋالدى، بىر دەم ئولتۇرۇپ ئېقىپ تەكىيىگە باش قويدى.

## 4

ئەتىسى ئەتىگەندە قاسىم قارىي ئاسىمخاننى باشلاپ كەلدى. قىز ئانىسىغا قاراپمۇ قويماستىن سىۋەتنى كۆتۈرۈپ سىرتقا چىقىپ كەتتى. بوۋاي موزاينىڭ ئېغىلىنى قۇرۇقداش بىلەن ئاۋارە ئىدى. ئۇ ئايالنى كۆردى، شۇ تاپتا نېمە دېيىشنى بىلمەيتتى. لېكىن ئايال بېشىنى تۆۋەن سېلىۋالغان بولۇپ تىترەپ تۇراتتى. ئېرى قولىدىكى كەتمەن بىلەن بىرنى سالسا تۈگەشكىنى شۇدە! بوۋاي ئىنتىك كېلىپ قارىم بىلەن كۆرۈشتى. ئايال بولسا جايىدا نېمە ئىش قىلىشنى بىلمىگەندەك تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالغانىدى.

— نېمە ھاڭۋېقىپ تۇرىسەن؟ كۆرپە ئېلىپ چىقىپ قارىمنىڭ ئاستىغا سال.

— بولدى، بولدى ئۇستام، مەن چىقاي. بۈگۈن مەھەللىگە سۇ نۆۋىتى كېلىپ قاپتۇ، قالغان ئىشلار ئۆزۈڭلارغا قالدى.

— بىردەم ئولتۇرۇپ بىرەر پىيالە چاي بولسىمۇ ئوتلاپ چىققان بولسىلا بولاتتى قارىم.

— خوش، رەھمەت!...

بوۋاي قارىمنى ئىشىك ئالدىغىچە ئۇزىتىپ چىقتى. ئايال يەنىلا بۇرۇنقى جايىدا مىدىرلىماي تىترەپ تۇراتتى. ئۆي ئۇنىڭغا ياتتەك بىلىنەتتى. شۇ تاپتا ئەرنىڭ ئۆزىنى نېمە دەپ تىللاي-دىغانلىقىنى، ئۇرىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلالمايتتى. ئېرى قانداق قىلسا بويسۇنۇشقا تەييار تۇراتتى. ئەر تىللىمىدى، ئۇرمىدى. ئەكسىچە قويۇن يانچۇقىدىن ناسۋال بوتۇلكىسىنى ئالدى-دە، قولىغا ئازراق ناسۋال تۆكۈپ ئاغزىغا كاپ ئەتتى. ئۇ ئامالسىز ئىدى، گەپنى قەيەردىن باشلاشنى بىلمەيتتى، تىللاپ كېتەي دېسە ئايال ئۇنىڭغا «ئۆزۈڭنىڭ ئەھۋالى شۇنداق بولغاندىكىن...» دېيىشىدىن قورقاتتى.

— تاماق يېدىڭمۇ؟

— ياق.

بوۋاي ئاخىرى ئېغىز ئاچقانىدى. ئايال سىلىق جاۋاب بەردى. تۇۋا، قىزىق ئىش بولدى-دە! بۇرۇن كىچىككىنە ئىشتا كەتكۈزۈپ قويسا ئايالىنى ئۆلگۈدەك دۇمبالايدىغان ئەر نېمانداق سىپايە، مۇلايىم، كۆيۈمچان بولۇپ قالغاندۇ... ئايال بىردىنلا تىزلىنىپ كەچۈرۈم سورىماقچى بولدى-يۇ، بۇ نىيىتىدىن يەنە يېنىۋالدى. كونا خامىنىنى سورۇسا بولمايدۇ-دە، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئېرى بۇ توغرىدا ئېغىز ئېچىشنى خالىمىسا...

— چاي قايناتقىن، مەنمۇ بىرنەرسە يېمىدىم. ناشتا

قىلىۋېلىپ كېۋەزلىكنىڭ ئېرىقىنى قېناپ قويايلى. بۇ نۆۋەت سۇدىن قالسا كېۋەز غوزىلىمايدۇ.

ئايال ئۆزىنى سەل يەڭگىللەپ قالغاندەك ھېس قىلدى. ئۇ بىردەمدىلا چاي قايىنىتىپ ئېرىنىڭ ئالدىغا ناشتىلىق ئېلىپ كەلدى. ناشتا جىمجىت ئۆتۈپ كەتتى. لېكىن ئۇلار كېۋەزلىككە چىققاندا ئىشتىن چاتاق چىقتى، بوۋاي كېۋەزلىكنى ئايلىنىپ كېۋەزنىڭ ئۇچىنى ئۈزۈۋاتاتتى، ئايال بولسا كەتمەن بىلەن چوڭ ئېرىقنىڭ ئېغىزىنى كومىۋاتاتتى. بىر چاغدا قەيەردىندۇر ئۇنىڭغا ئەنە كەلگەندەك «تۇرنىسا كاس-كاس» پەيدا بولدى. ئاسمىخان تىنچلىق-ئامانلىق سورىماقچى بولۇپ ئېغىزىنى ئۆمەللەي دەپ تۇرۇشىغا «كاس-كاس» تەرىنى تۇرۇپ ۋارقىرىدى.

— ئاسمىخان نېمە ئىش قىلىۋاتىلا؟

— كېۋەزگە سۇ قويايلى دەپ...— ئاسمىخاننىڭ سۆزى ئاياغلاشماي تۇرۇپ «كاس-كاس» گەپنى تارتىۋالدى.

— مەنزە، خەقتىن ئاشقان پاسكىنا سۇدا زىرائەتمنى قۇرۇتۇۋېتىدىكەنمەن-دە!

— تۇرنىساخان، ئەجەب يوچۇن گەپ قىلىدىغۇ ئادەمنى خىجىل قىلىپ.

— «قوتاز» نىڭ تېگىدە قالغاندا ئەجەب خىجىل بولماپتىكەنلا، ئەمدى...

ئاسمىخان گەپ قىلالماي قىزارغانچە تۇرۇپ قالدى. بۇ ئىشنىڭ ئۈستىگە غەزەپ ۋە ئەلەمدىن يېرىلغۇدەك بولغان بوۋاي يېتىپ كەلدى. بوۋاينىڭ ئۆزىنى ئۇرىۋېتىدىغاندەك ئەلپازىنى كۆرۈپ ئۇنى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى...

ئۇلار ئۆيگە يېنىپ كىردى. ئايال ئۆزىنى تېخىمۇ يەڭگىللەپ قالغاندەك ھېس قىلاتتى. ئۇنىڭ ئۈچۈن دۇنيادا ئۆز ئېرىنىڭ كەچۈرۈشىدىنمۇ ئۇلۇغ ئىش يوقتەك تۇيۇلاتتى. ئۈستىدىكى ئېغىر تاش ئېلىپ تاشلاندى. ئېرى كەڭ قورساقلىق قىلدى، مەردلىك قىلدى. قىزنىڭ ماي تارتىپ يۈرگىنى بىكار، ئۇ كىچىك. ئالدى بىلەن بىرەر ئەرنىڭ قولىغا چۈشسۇنچۇ، شۇ چاغدا ھەممىنى بىلىپ قالىدۇ. شۇ كۈنى كەچتە ئۇ ئىچكىرىكى ئۆيدە تۇرۇپ دادىسى بىلەن ئانىسىنىڭ پارىڭىنى ئاڭلاپ قالدى.

— مېنى كەچۈرۈۋەتسىلە.

— بۇ گەپنى قىلىشمايلى، مېنى تاشلىۋەتمىسەڭلا بولدى.

توۋا، قېرىلارنىڭ ھەر قىسما سۆزلىرى بولىدىكەن-ھە، خۇددى ھەممىسى ئەقلىدىن ئېزىپ ساراڭ بولغاندەك... كېيىن مەھەللىدە مۇنداق سۆزلەر تارقالدى:

ئاسمىخان قارىمىنىڭ ئايالىغا «ئېرىم مەن بىلەن ياتمىغىلى تۆت-بەش يىل بولدى» دېگۈدەك.

راست، ئاسمىخاندىمۇ ئامال يوقتە.

بىزمۇ ئادەم، قايسىمىزنىڭ بېشىغا كەلمەيدۇ دېيەلەيمىز؟!

شۇنىڭدىن كېيىن مەھەللىدىكىلەر ئۆزلىرى توغرىسىدىمۇ ئويلىنىدىغان بولۇپ قالدى. بۇ ئىشمۇ كىشىلەرنىڭ خاتىرىسىدىن ئاسانلا كۆتۈرۈلۈپ كەتكەندەك بولدى. مەمەت قوتاز بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن غۇلجىدىن ھېچكىشىگە كۆرۈنمەي يېزىغا كېلىپ يەنە غۇلجىغا قايتىپ كەتتى. بۇنى كىشىلەر كېيىن ئۇقتى. توۋا، چوڭلارنىڭ بۇ ئىشنى توغرا چۈشىنىپ، ئۇنتۇپ كېتىشكىنى نېمىسى؟ خۇددى بولۇشقا تېگىشلىك نورمال ئىشتەكلا... چوڭلار ئۇنتۇپ قالدى. لېكىن قىز زادىلا ئۇنتۇيالمىدى. ئۇنىڭ خىيالىغا كىرىۋالغىنى ئاشۇ زېرىكىشلىك چۈش مەزگىلى، ئانىسىنىڭ ئۈزۈپ-ئۈزۈپ ئىڭرىغان ئاۋازى، ئىككى ياققا كېرىلىپ تۇرغان سېمىز پاچاقلىرى، دادىسى بىلەن ئانىسىنىڭ قارىم ۋە قارىمىنىڭ ئايالىغا دېگەن سۆزلىرى، ئامالسىزلىقى. ئۇمۇ كېيىن ئۆزىنىڭ ئاتا-ئانىسىدەك تەسەللىگە مۇھتاج بولىدىغانلىقىنى، ئۆزىنىڭمۇ تەنھا قالىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى. ئەرگە تەگكەندىن كېيىن ھەممىنى چۈشىنىدىغانلىقىنى ئويلىمايتتى، ئويلىيالمايتتى. بۇنىڭغا يەنە ۋاقىت كېرەك ئىدى.

# ئۆزگىرىش

(مىكرو ھېكايە)

ئەنۋەر توختى

قەيسەر سۆيگىنى نادىرەنىڭ بەش يىللىق ئەقىدىسى بىلەن قىلچە كارى بولماي ئايرىلىپ كەتتى. نادىرەمۇ نائىلاج كۆزلىرىدىن ئېتىلىپ چىقاي دەپ قالغان ياشلىرىنى توختىتىۋېلىپ ئايرىلىشقا قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىككى ياشنىڭ كۆيدۈم-پىشتىم دەپ بىر-بىرىگە يېزىشقان نەچچە يۈز پارچە خەتلىرى، ئاتا-ئانىلىرىنىڭ توسۇشلىرىغا قارىماي بارغان كېچىلىك ئۇچرىشىشلىرى، تاڭنى-تاڭغا ئۇلاپ كەلگۈسىدىكى تۇرمۇشلىرى ھەققىدىكى سۈرگەن شېرىن خىياللىرى... ھەممىسى ئۆتمۈشتىكى ئاددىي ئەسلىمىگە ئايلىنىپ قالدى.

قەيسەر «ئامالسىزلىقتىن شۇنداق قىلدىم» دەپ ئويلايتتى. چۈنكى ئۇ ئوقۇشنى پۈتتۈرۈپ ئۇرۇمچىدە قالغاندىن كېيىن يۇرتىدىكى مەلۇم بىر يېزىلىق دوختۇرخانىدا ئىشلەۋاتقان سۆيگىنى نادىرەنى بىرىنچى بولۇپ ئويلىدى. ئۇ نادىرەنى ئۇرۇمچىگە يۆتكەپ بەختلىك بىر ئائىلە تۇرۇش ھەققىدە كۆپ ئۇرۇنۇپ باققان بولسىمۇ زادىلا مۇمكىن بولمىدى. ئاخىرى دوستلىرىنىڭ تەۋسىيىسى بىلەن نادىرەنى تاشلىۋېتىش قارارىغا كەلدى.

مانا ئۇ ئۇرۇمچىگە قاتنىغان ئاپتوبۇسنىڭ ئالدىنقى رىتىدە ئولتۇرماقتا. ئۇنىڭ كۆڭلى ئىنتايىن پەرىشان بولۇپ ئۇيقۇسىزلىقتىن كۆزلىرى قىزىرىپ كەتكەنىدى. بۇنىڭغا بەلكىم ئاخشام نادىرەدىن ئايرىلغانلىقى سەۋەب بولغاندۇ. ئۆزى سۆيگەن قىزدىن ئايرىلىش نېمىدېگەن ئازابلىق ئىش-ھە؟ ئۆز كۆڭلىدە «ئەمدى نادىرەدەك بىر ياخشى قىزنى سۆيەلىشىم مۇمكىن بولمىسا كېرەك» دەپ ئويلىدى. قەيسەرنىڭ پۈتۈن ئېسى-يادى ئەنە شۇ نادىرەدە، يەنە كېلىپ ئۆزى نابۇت قىلىۋەتكەن مۇھەببەت...

ئاپتوبۇسنىڭ كىچىك بىر بېكەتكە كېلىپ توختىشى ئۇنى خىيالدىن سەگىتتى. يولۇچىلار ئاپتوبۇستىن چۈشۈپ بېكەت ئەتراپىدىكى ئاشخانىلارغا تاماق يېيىش ئۈچۈن تارقىلىپ كېتىشتى. قەيسەرمۇ بىر ئاشخانىغا كىرىپ تاماق بۇيرۇتقانىدى. تاماق كېلىدىن پەقەت ئۆتمىگەچكە ئاندا-مۇندا يەپ ئاشخانىدىن يېنىپ چىقتى. ئۇ باشقا يولۇچىلار تاماقلىرىنى يەپ بولغۇچە بىردەم ئۇ يەر-بۇ يەرلەرنى ئايلانغاندىن كېيىن ئاپتوبۇسقا چىقىپ ئولتۇردى. ئۇزۇن ئۆتمەي يولۇچىلارمۇ تاماقلىرىنى يەپ بولۇشۇپ بىر-بىرلەپ ئاپتوبۇسقا چىقىشتى. شوپۇر ئۇستام ئاپتوبۇسنى زىۋۇت قىلىپ تۇراتتى. توساتتىن قەيسەرنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان موماي بىر پۈتىنى سۆرىگىنىچە شوپۇرنىڭ قېشىغا بېرىپ ھەمرىيىنىڭ كەلمىگىنىنى، بىردەم توختاپ تۇرۇشنى ئېيتتى. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان بىرنەچچە يولۇچى ئاپتوبۇستىن چۈشۈپ

ھەر تەرەپلەرگە ئىزدەپ كېتىشتى.

ۋاقىت بولسا تېز-تېز ئۆتمەكتە، ئاپتوبۇستىكىلەرنىڭ ھەممىسى تىت-تىت بولماقتا ئىدى. تەخمىنەن ئون مىنۇتتىن كېيىن ئىزدىگەلى كەتكەنلەرمۇ باشلىرىنى ساڭگىلىتىپ كېلىشتى، شوپۇرنىڭ سەل ئاچچىقى كەلدى بولغاي دوق قىلغاندەك، ماشىنىنى قايتىدىن زىۋۇت قىلدى، موماي يىغلامسىرىغان ھالدا شوپۇرغا يالۋۇراتتى. دەل شۇ پەيتتە بىر يولۇچى بوۋاينىڭ ئاپتوبۇس تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتقانلىقىنى مەلۇم قىلدى. ھەممەيلەننىڭ دىققىتى بوۋاي كېلىۋاتقان تەرەپكە ئاغدى. قەيسەرمۇ پەرۋاسىزلارچە قارىدى. كەككە ساقال، ئاق پەشمەت كىيىۋالغان بۇ بوۋاي ياش بالىلاردەك چەبدەسلىك بىلەن يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقان بولۇپ، قولىدا بىر تۈگۈنچەكنى تۇتۇۋالغانىدى. ئاپتوبۇس ئىچىنى غۇلغۇلا قاپلىدى.

— پاكىز قېرىغان كىشىكەن.

— مۇشۇ يېشىدا سەپەرگە چىققىچە ئۆيىدە جىم ئولتۇرسا بولماسمىدى.

— ھەممە ئادەمنى ساقلاتتى.

— ...

بوۋاي ئاپتوبۇسقا چىقىپ ھەمرىيىنىڭ قېشىغا بېرىپ ئولتۇردى. باياتىن بىرى ئەنسىزچىلىكتە ئولتۇرغان موماي بوۋايغا كايىشقا باشلىدى.

— بىردەم جىم ئولتۇرمايدىغان ئادەمكەنلا، ئاپتوبۇس كېتىپ قالسا قانداق قىلتىلا؟

بوۋاي ھاسىرىغىنىچە سۆزلىدى:

— پۇتۇكلىغا دورا ئالغىلى بارغان، كېچىكىپ قالدىم، كايىماڭلا.

ھەققەتەنمۇ مومايىنىڭ سۆرەپ مېڭىۋاتقان پۇتىدىكى لاتا ئاللىقاچان رەڭگىنى يوقاتقان، بارماق پۇتلىرى ئارىلىقىغا بىرنەچچە چۇۋۇن قونۇۋالغانىدى. موماي ئالدىراقسانلىق بىلەن دەپ قويغان بىرنەچچە ئېغىز گېپىدىن سەل خىجىل بولغاندەك قىلىپ بوۋاي بەرگەن دورىلارنى ئالدى. خېلىدىن بېرى بۇلارنىڭ سۆز-ھەرىكىتىگە قىزىقىپ قاراپ تۇرغان بىر يولۇچى مۇشۇ ۋاقىتتا بوۋايغا چاقچاق قىلدى.

— بوۋا بۇ ئاچچىقى يامان مومايىنى قاچان ئېلىۋالدىلا؟

— ۋاي ئۇكام قاچان ئېلىۋالاتتىم، 13 ياش ۋاقتىدا ئالغانمەن.

— ئۇنداقتا بىرگە ئۆتۈۋاتقىلى ئۇزۇن بوپتۇ-ھە؟

— دەل 80 يىل بولدى، بالام.

بۇلارنىڭ سۆزلىرىگە ھەممىلا ئادەم ھەيران بولۇشتى، ئاپتوبۇسنىڭ ئىچى جىمىپ كەتتى. ھەممىدىن بەكرەك قەيسەر ھەيران بولۇۋاتسا كېرەك. ئەتىگەندىن بېرى ھېچقانداق ئىشقا دىققەت بىلەن قارىمىغان ئادەم بوۋاي بىلەن مومايغا ئەمدى بۆلەكچە سەپسىلىشقا باشلىدى. بۇ ۋاقىتتا موماي بوۋاينىڭ پېشانىسىدىكى تەرنى قول ياغلىقى بىلەن سۈرتۈپ قويۇۋاتاتتى. بوۋاي بولسا قولىنىڭ ئارقىسى بىلەن مومايىنىڭ كۆز چانىقىدا پەيدا بولۇپ قالغان ياشنى سۈرتۈپ قويدى. ئۇ ئۆمرىدە بۇنىڭچىلىك تەسىرلىك ئىشنى كۆرۈپ باقمىغان ھەم بۇنداق ئىشلارنى تەسەۋۋۇرمۇ قىلمايتتى. بۈگۈن تەقدىر ئەتەي ئورۇنلاشتۇرغاندەك ئۇنىڭغا بۇ ئىشلارنى كۆرسەتكىنىنى قارىمامدىغان. قەيسەر ئۇلۇغ-كىچىك تىندى.

پۇتكۈل ۋۇجۇدى ئوت ئالغاندەك قىزىپ كەتتى. ئۇ ئاپتوبۇس دېرىزىسىدىن بېشىنى چىقىرىپ ئارقىغا قارىغانىدى، كەچكى قۇياشنىڭ پېتىۋاتقان ھالىتىدىن باشقا ھېچنەرسىنى كۆرەلمىدى.

# تورغاي

(باللار ھېكايىسى)

## ئەخمەت كېۋىر

باللىق چاغلىرىمدىكى بىر ئىش تا ھازىرغىچە ئېسىمدىن چىقمايدۇ...

ھاۋا ئوچۇق بىر كۈنى ئىدى. بىز بىرقانچە تەڭتۇش دوستلار مەھەللىنىڭ كۈن پېتىش تەرىپىدىكى بۇغداي ئېگىزلىقىدا قوي بېقىۋاتاتتۇق. تۇيۇقسىز ئارىمىزدىن قاسىم خاڭرۇق (خاڭرۇق ئۇنىڭ لەقىمى ئىدى) ئېتىزلىقنىڭ بىر چېتىگە بىگىز بارمىقىنى چېنەپ تۇرۇپ ۋارقىرىدى:

— قاراڭلار! ئاۋۇ يەردىن بىر تورغاي ئۇچۇپ كەتتى.

— ئۇۋىسى بار ئوخشايدۇ.

— ماڭەۋا، ئۇ يەردە تورغاي نېمىش قىلىدۇ.

— چوقۇم بار.

بىز شۇ گەپ بىلەن تەڭلا مارافونچە يۈگۈرۈش مۇسابىقىسىگە چۈشكەن ئىسپورتچىلاردەك قاسىم كۆرسەتكەن تەرەپكە قاراپ ئېتىلدۇق. دەرۋەقە ئۇنىڭ كۆزى خاتا كۆرمەپتۇ. ئالدىمىزدا ياۋا ئوت-چۆپ، پاخال-لاي بىلەن چىرايلىق ياسالغان ئۇۋا، ئۇۋا ئىچىدە ئېغىزلىرىنى يېرىم ئېچىپ، ئەمدىلەتىن جۇلغۇشقا باشلىغان يۇمران قانىتىنى لىكىلداتقىنىچە چىۋ... چىۋ... چىۋ... قىلىپ سايرىشىپ تۇرغان بىر جۈپ تورغاي بالىسى تۇراتتى. بۇ شور پېشانە بايقۇشلار: «ئانىمىز كەلدى» دەپ ئويلىغان بولسا كېرەك، تىنىمسىز ۋىچىرلايتتى. ئالىقانداق ئۇمد بىلەن تۇمشۇقلىرىنى بىزگە سوزاتتى...

— مەن ئالىمەن!

— مەن ئالىمەن. دادام تورغاينى قەپەزدە باقسا بەك پەيزى سايرايدۇ دېگەن...

— ئۆلىدۇ، قولۇڭ تىترەيدىغان بولۇپ قالىدۇ.

بىز شۇ تەرىزدە نۇرغۇن تالاش-تارتىش قىلغاندىن كېيىن مۇنداق پىكىرگە كەلدۇق: قاسىم تورغاينى ئەڭ ئاۋۋال كۆرگەن بولغاچقا بىرىنى شۇ ئالىدىغان، يەنە بىرىنى ئەڭ ئالدىدا يۈگۈرۈپ بارغان بولغاچقا مەن ئالىدىغان بولدۇم. مەن گويا دۇنيادا مەندىن باشقا ئىككىنچى بىرسىگە نېسىپ بولمايدىغان غايىۋى بەختكە ئېرىشكەندەك شادلىققا چۆمۈلدۈم. شۇ تاپتا ئۆزۈمنى كۆز يەتكۈسىز بوشلۇقتا لەرزان ئويناۋاتقان لەگلەكتەك يېنىك، گۈلزارلىق ئىچىدە ئۇچۇپ يۈرگەن كېپىنەكتەك ئەركىن، تۇنجى ئايىغى چىقىپ ئۆزىنىڭ ماڭالايدىغان بولغانلىقىدىن ئالەمچە سۆيۈنگەن سەبىدەك خۇشال سېزەتتىم... تورغاي بالىسىنىڭ يۇمشاق، ئىسسىق بەدىنى ئالقىنىمدا دىرىلدايتتى، شەپقەتسىز بىر قولغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى ئەمدىلا سېزىۋاتقاندەك، چىرايلىق كۆزلىرىنى ئاللىقاياقلارغا تىكىپ، كىملەردىندۇر نىجاتلىق تىلەۋاتقاندەك ئاچچىق-ئاچچىق چىۋىلدايتتى. جۇغىنىڭ شۇنچە كىچىكلىكىگە باقماي، قولۇمدىن چىقىپ كېتىش ئۈچۈن ھەريان يۇلقۇناتتى. لېكىن ئۇنىڭ بۇ ھالىتى بىلەن پەرۋايىم پەلەك، تاتلىق خىيال بۆشىكىدە تەۋرىنەتتىم. كۆز ئالدىمدا تۈجۈپىلەپ ياسالغان، ئۈستىگە چۈچۈلۈق يوپۇق يېپىلغان چىرايلىق قەپەس ئىچىدە ئۆزىنى قەپەس شادلىرىغا توختاۋسىز ئۇرۇپ، تىنىمسىز سايراۋاتقان بوز تورغاي قەپەز ئەتراپىدا «ئەجەپ سايرايدىكىنە!» دېگىنىچە ئۇنىڭغا ھەۋەسلىنىپ قارىشىپ تۇرغان تەڭتۇشلىرىم گەۋدىلىنەتتى...

— ھەي، ئادەم بولمايدىغان شۇم! قولۇڭدىكى نېمە ئۇ؟

— ھە؟... — مەن چۆچۈپ بېشىمنى كۆتەردىم.

قاچانلاردا پەيدا بولدىكىن-تاڭ، ئالدىمدا دۈينىڭ قوغۇنلىرىنى باقىدىغان باتۇر چۆجە (ئۆزىنىڭ كىچىك، ۋىجىكلىكىدىنمۇ ياكى چۆجە-كەپتەرلەر بىلەن ھەپىلىشىپ يۈرگىنى ئۈچۈنمۇ ئىشقىلىپ مەھەللىدىكى ھەممە يەلەن دېگۈدەك ئۇنى شۇ لەقەم بىلەن ئاتايتتى) غەزەپتىن تىترىگەن ھالدا ماڭا قاراپ تۇرۇپتۇ...

— تور... تورغاي... بۇ...

— نېمە؟! تورغاي، ھۇ، كىسپۇرۇچ قىپ يۈرگەن ئىشىڭنى سېنىڭ. قىساسغا قىلىشتىن قورقمىدىڭمۇ؟ — ئۇنىڭ ئاپتاپتىن كۆيگەن قارامتۇل چىرايى تېخىمۇ قارىيىپ، بۇرۇن تۆشۈكچىلىرى كېڭىيىشكە باشلىدى، — بىر كۈنى بولىسا بىر قوتان بالىنى باشلاپ كېلىپ، قوغۇنلۇقتىكى توك سويمىسنى ئوغرىلىساڭ، بىر كۈنى بولسا مۇشۇ ئۇچا-جاندا نىمۇ ئارامخۇدا ياشىغلى قويماي قاقشتىپ يۈرسەڭ، قانداق ئادەم بولغاتتەن؟ ھەي... ي...

مەن ئورنۇمدا نېمە دېيىشنى ياكى نېمە قىلىشنى بىلەلمەي قاققان قوزۇقتەك تۇرۇپلا قالدىم. ئەت-تېنىم تىتكەنلىشىپ، يۈرىكىم قورقۇنچتىن ئەنسىز دۈپۈلدەيتتى. پۇت-قوللىرىم بوشىشىپ ھېلىلا يىقىلىپ چۈشىدىغاندەك تىترەيتتى. ئۇ گويا ئالدىغا دېۋەيلەپ كېلىپ، كونا-يېڭى ھېسابىنى بىر قىلىپ (بۇنىڭسىزمۇ باتۇر چۆجىنى، ياق! باتۇر ئاكامنى كۆپ قېتىم خاپا قىلغانىدىم) يۈز-كۆزۈمدىن ئوت چىقىرىۋېتىدىغاندەك قولىقىمدىن يىتىلەپ، تەرسا دادامنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپ مېنىڭ ئۈستۈمدىن دادلاپ بېرىدىغاندەك ئەپلىرىدا كۆرۈنەتتى. شۇلارنى ئويلىغىنىمدا بىردىنلا دادامنىڭ سۇرلۇك چىرايى، قويۇق سىمى ساقاللىرىنى تىترىتىپ قايناپ كېتىشلىرى كۆز ئالدىمغا كېلىۋېلىپ قورقۇنچتىن تېنىم شۈركىنىپ كەتتى. مەن شۇ تاپتا ئالقىنىمدا تىنىمسىز تىپىرلاپ تۇرغان تورغاي بالىسىدىنمۇ بىچارە ھالەتكە چۈشۈپ قالغانىدىم. باياتقى خۇشاللىقلىرىم ئاللىقاياقلارغا ئۇچۇپ كەتكەندى. ئارىدىن قانچىلىك ۋاقىت ئۆتكەنلىكى نامەلۇم، بىر چاغدا تۇيۇقسىز قاياقتىندۇر بىر جۈپ تورغاي پەيدا بولۇپ، دەل مېنىڭ ئۇدۇلۇمغا كېلىپ غەزەپلىك سايراشقا باشلىدى. ئۇ بىردە ئېگىز، بىردە پەس بولۇپ گويا: «بالامنى بەر، بالامنى بەر...» دەۋاتقاندەك ئاچچىق-ئاچچىق چۇۋۇرلايتتى. ھېلىدىن-ھېلىغا يۈز-قول-لىرىمغا شاپاشلاپ ئېچىنىشلىق نالە قىلاتتى، تۇرۇپ شىددەت بىلەن ئېتىلاتتى، يۈرەك پارىسىنى تارتىۋېلىش ئۈچۈن جان-جەھلى بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتەتتى. تۇرۇپ ھاۋا بوشلۇقىغا سىكىپ كېتەتتى-يۇ، ئارىدىن دەققە ئۆتە-ئۆتمەي يەنە پەيدا بولاتتى... «مەن... مەن نېمە ئىش قىلىپ قويدۇم-ھە؟ مۇئەللىم قوشلارنى...»

— ئاڭلىدىڭمۇ، تورغاي نېمە دەۋاتىدۇ؟

«تورغاي نېمە دەۋاتىدۇ؟» ئاڭلىمىغانلا بىر گەپقۇ-بۇ؟ مەن ھەيران بولغانلىقىمدىن نېمە دېيىشنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدىم. چۈنكى مەن تورغاينىڭ سۆزلىيەلەيدىغانلىقىنى تۇنجى قېتىم باتۇر ئاكىدىن ئاڭلاۋاتاتتىم. دېمىسىمۇ ئەتراپىمنى توختىماي ئايلىنىپ سايراۋاتقان بىر جۈپ تورغاي باتۇر ئاكىنىڭ دېگەنلىرىنى ئىسپاتلاپ، ئۆز تىلىدا بىرتېمىلەرنى دەپ مېنى قاغاۋاتقاندەك قىلاتتى. ئەمدى ئۇ ئاۋازىنى يۇمشىتىپ ۋەزمىن ئاھاڭدا سۆزىنى داۋام قىلدى:

— ئوغلۇم، ئۇچار-قاناتلارمۇ ئۆز تىلىدا سۆزلىيەلەيدۇ. سايراش ئارقىلىق بىر-بىرىگە مەقسىتىنى ئۇقتۇرىدۇ. سەن ئۇلارنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى چۈشەندىڭمۇ؟

مەن گويا قىزىق چۆچەك ئاڭلاۋېتىپ «ئاخىرى نېمە چىقار؟...» دەپ تەقەززا بولغان بالىدەك پۈتۈن دىققىتىم بىلەن ئۇنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالدىم.

— بىلمىدىڭمۇ، ئۇ ساڭا:

«چۇ... چۇ... چۇ... چۇ...
مەن تورغاي
بالامنى كىم ئالسا
تام تۈۋىدە يېتىم بولغاي...»

دەۋاتىدۇ. ئويلاپ باقە، سەنمۇ ئۆز ئاتا-ئاناڭدىن ئايرىلىپ يېتىم بولۇپ قېلىشنى خالامسەن؟

«يېتىم؟...» تورغاي راستىنلا شۇنداق دەۋاتامدىغاندۇ؟ ئالداۋاتامدۇ-يە، ياق! دادام بىر چاغدا «قارا قۇشقاچ سۆزلىيەلەيدۇ. ئۇ يەر ھەيدەۋاتقان قوشچىلارنى كۆرسە < ھۇشت... كە، -

هوشت كە ... > دەپ ئۇلارنى دوراپ رەللە قىلدۇ » دەۋاتقان. دېمەك، قارا قۇشقاچلا ئەمەس، ئەسلىدە تورغايمۇ سۆزلىيەلەيدىكەن - دە! ... مەن شۇلارنى ئويلاپ ئىخىمۇ سارا- سىمىگە چۈشۈپ قالدىم. كۆز ئالدىمدا بىردىنلا قورقۇنچلۇق مەنزىرىلەر پەيدا بولدى: ئەنە ئاپامنى بىر نائەھلى قولىنى چەمبەرچاس باغلاپ قەدەمدە بىر دۈشكەلىگىنىچە ئېلىپ كېتىۋاتىدۇ. ئۇ قار-يامغۇر يىغلاپ ئارقىسىغا ئىسرەجەپ، تارام-تارام ياش تۆكۈلۈۋاتقان مۆڭلۈق كۆزىنى ماڭا تىككىنىچە ۋارقىرىماقتا، نالە قىلماقتا:

— ۋاي جېنىم بالام، گۆھىرىم بالام، پېشانەڭ تەتۈر ئىكەنغۇ بالام. ئەمدى تىرىك يېتىم بولدۇڭغۇ بالام...

مەن « ئاپا... ئاپا... » دەپ بوغۇلۇپ يىغلىغىنىمچە ئۇنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈرەيمەن. گاھ مۈدۈرۈلۈپ، گاھ ئالغا تاشلىنىمەن. لېكىن ھېچ يېتشەلمەيمەن... « ئاپا! » ئاۋازىمنىڭ قانداق چىقىپ كەتكەنلىكىنى بىلمەيمەن، بەلكى چىرايىمنى ئۆزگىرىپ كەتكەن بولسا كېرەك.

— ھا... ھا... ھا... قورقتىڭمۇ بالام. بولدى، سەن بەغەرەزنى بىر چۈچۈتۈش ئۈچۈن چىقىشىپ قويدۇم. ئىشقىلىپ بۇندىن كېيىن ئۈچار-قاناتلارغا چىقىلمىساڭلا بولدى، خۇداۋەندە كەرىم كۆللى مەخلۇقاتلارنى ئۆز نېسۋى بىلەن ياراتقان ئەمەسمۇ؟

مەن بىشمنى تۆۋەن سالغىنىمچە ئۇنىڭ ئالدىغا باردىم:

— مېنى دادامنىڭ ئالدىغا ئاپارمامسىز؟

— مەن گويا يېڭىدىن قويۇپ بېرىلگەن مەھبۇس ئۆزىنىڭ ئازاد قىلىنغانلىقىغا ئىشەنمەي ماڭالماي قالغاندەك گۇمانسىراش ئىچىدە سورىدۇم.

— ياق!

— مېنى كەچۈرۈڭ... مەن... —

خۇشاللىقتىنمۇ، خىجىلچىلىقتىنمۇ ئەيتاۋۇر ئاغزىم گەپكە كەلمەيلا قالدى، بۇرنۇم ئىختىيارسىز ئېچىشىپ بىر تامچە ئىسسىق ياش دومىلاپ چۈشۈپ جاۋغىيىمدا قېتىپ قالدى.

— نىمە ئەزۋەيلەيسەن، بولە چاپسان قولۇڭدىكىنى قويۇپ بەر؟ — ئۇ يەلكەمگە بوشقىنا ئۇرۇپ قويۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — يەنە بىردەم ھاڭۋېقىپ تۇرىدىغان بولساڭ، ئۇ سېنىڭ ئالقىنىڭدا جان بېرىدۇ...

مەن تورغاي بالىسىنى ئاۋايلاپقىنە يەرگە قويدۇم-دە، دەرھال ئۆزۈمنى چەتكە ئالدىم. ئانا تورغاي بالىلىرىنى ئەگەشتۈرگىنىچە بىزدىن يىراقلاشقا باشلىدى. ئەمدى ئۇنىڭ سايرىشىدىن بايامقىدەك نالە-زار، نەپرەت، مۇڭ-ھەسرەت ئەمەس، بەلكى ئاجايىپ ياڭراق ئاھاڭ — خۇشاللىق، سۆيۈنۈش، ئالەم- چە شادلىققا تويۇنغان، قەلب قەسرىنى تىترەتكۈچى سېھىرلىك كۈي، ئەركىنلىك-ھۆرلۈك ملودىيىسى ئۇچۇپ كېلەتتى...

※ ※

مانا ھەش-پەش دېگۈچە ئاردىن ئون نەچچە يىل ئۆتۈپ كەتتى. باتۇر ئاكامنىڭ يىل نەزىرىگە داخىل بولغىلىمۇ بىر-ئىككى يىل بولۇپ قالدى. مەنمۇ « كسپۇرۇچ » لىقتىن ئادەم بولۇپ يىگىت قاتارىغا قوشۇلدۇم. ھەي، ۋاقت نىمنى ئۇنتۇلدۇرمايدۇ دەيسەن، يېشمنىڭ ئۇلغىيىشىغا ئەگىشىپ، نۇرغۇن ئىشلارنى ئۇنتۇپ كەتتىم. لېكىن نىمە ئۈچۈندۇر باتۇر ئاكامنىڭ شۇ چاغدا ئېيتقان ئاشۇ بىر كۇپلېت قوشىقى گويا تاشقا بېسىلغان مۆھۈردەك قەلبىمنىڭ چوڭقۇر قېتىغا ئورناپ كەتكەن بولۇپ، ھېلھەم ئاشۇ قوشاقنى ئاڭلاۋاتقاندەك بولىمەن:

« چۇ... چۇ... چۇ... چۇ... چۇ...
مەن تورغاي
بالامنى كىم ئالسا
تام تۈۋىدە يېتىم بولغاي... »

كىتاب تورى

# تويلار سىرى

ئەخمەتجان ئوسمان

## ئۈنچى ناخشا

كىمكى ئۇ مەرسىيە كۈيىدەك قوپقان
كەڭ كۆلەملىك ئۈيقۇدىن؟!
كىم ئۇ
تۇساتتىن
بۇ كېچىدە
تەسلىم بولۇپ تەن پاكلىقىغا،
چۇقانىغا ھەيرەتتىكى چېچەكىنىڭ،
روھ سۈيىگە شۇ دەم چۆككەن ساپ ئالتۇننىڭ
يېشىللىنىشىنى تىڭشىغان ھالدا
دېڭىزنىڭ تاڭ شەپقىگە قاراپ ماڭغان؟!
كۆرمىدىم نۇر جۈيلىشىنى سىر ساھىلىدا،
ئېيتمىدىمكى:
زۇلمەتلىك چوڭقۇرلۇقۇمدا
شايرار ئۆلۈم تەسەۋۋۇرى تاڭ سەھەردە، دەپ.
دەرد مەستلىكىدىن
ئېلىپ ماڭدى مېنى غۇرۇر مەپىسى،
سۆكۈتمىگە شەپقەت قىلدىمۇ
ئۆلۈغلىدىمۇ ئۇ مېنى ياكى؟
يۇرمەكتىمەن دەلدەڭشىپ ئىراق
قۇياشنىڭ كۆكگالىقىغا ماڭغان ياپلاقتا
ھەم دوزىخىم گۈللەنمەكتە سەرخۇش تاجىمدا.
گۇمانلىق نىقابىمنى تارتىپ يۈزۈمگە،
بىزەكلىنىپ توزنىڭ قېنىدا،
ئەي، تويلار پەرىشتىسى مېنىڭ پەرىشتەم،
كۈيلەيمەن سېنىڭ پارلاق سىرىڭنى!

## ياۋايى كاھىن

ئەي، ئوغرى...
يىراق شارابتا
كاپىتاننىڭ زىياپىتىدىن
سەدەپلەر بىلەن بېزەكلەنگەن ۋەھىي ئوغرىسى!
ئۇنى قانداق قويدۇڭ يىتتىرىپ
پۈتۈن ئەللەر سەردارلىرىغا سەن ئىمان بەرگەن
ئارقا دەرياداا؟
سادىق ئىدىڭ ئەڭ بۈيۈك يالغانچىلىقتا...
ھەم دېڭىز يىلتىزلىرىدا شانلىق ئۈۋىڭدىن
ئۆلۈغلىنىپ كەلگەن ئاشۇ گۈزەل بۇقىنى
قوغلاشماقتا شۇ دەم شەھەر، باغچىلاردا،
رېئالىست ئەپەندىلەر
پارلاقلىق قىزلىرى
سىرنىڭ پۇختا تەبىرچىلىرى
قەسىدىنىڭ ئاستا ئۆلۈمى جەلب قىلغان شائىرلار...
كۈنلەرنىڭ بىرى،
ئەينى شۇ كۈنى،
ياۋايى كاھىنغا بەكمۇ ئوخشىغان،

گاچا جەۋھەردەك،
ساپ ئاتەشكە ئورالغان يىلان
سىنىڭ ئۇلۇغ جىملىقىڭدىن چىققاندا ئىقىپ،

سوراققا تارتىلسەن تەڭرىلەرنىڭ سوتىدا،
سېنى كەمسىتكەن ئۆلۈكلەر ئارا،
كۆرۈنمەس تەخت ئالدىدا.

## سۇغا تەقلىد

بۇ خورلۇق دەرگاھىدا،
چىچەكلىگەندە پۇشايىمانىم ئۇچراتتىم ئۇنى.
قىلىچلار دىتىدىن ئۇچۇپ چىققان كۆپكۆك قۇش ئىدى،
پەرۋاز قىلار ئىدى ئۇ ئاشۇ يەردە؛
ئەھدىلەر كىتابلىرىنىڭ ئىككىنچى ساھىلىدا،
چاقىردى مېنى تاشلىدىم گۇمانلىرىمنى
مۇز دەرياسى ساھىللىرىدا
بوران تەشكەن نۇر بۇتلىرىغا ئىرىپ كەتكەن شاملاردەك.
ئۆز يېنىغا چاقىردى مېنى...
ئامان بولغاي پادىچىلارغا!
يۈرەكلىرىدە شەپەت چىچەكلىدىمۇ؟
ياكى مېنىڭ ۋەزىپەمنىڭ سادىقلىقىدىن
خەۋەر بىرىشچۈن بۇ بىتەلەي دۇنياغا
قەبرىلەردىن قايتتىمۇ بىراۋ؟
ئىستىمەيمەن بۇلارنى ئەمدى بىلىشنى،
ھەممىسنى ئۆز قوينىغا ئالدى ئۇنتۇش.
ھە... ۋۇجۇدۇم سۇسماندۇر، باق،
قان ۋاقتىدۇر، ئاشۇ يەردە، نۇر بۇرجلىرىدا.
دۇشمەنلەشسە مەن بىلەن زامان سۇلىرى
چىراغلار كەبى ئۇچۇشىدۇ سۇدا جىسىملار.
مەرىپەتنىڭ ساپ يالتىراق ئالتۇنى
تەنھا ئاددىي تەنلىك تەڭرى ماتەملىرىدە
ئىرىمەكتە قوشۇلۇپ چۈشكە.
قىنى دۇنيادا سۆيگەننىڭ پەرۋازى؟!
ھەيران قالغان كۆزلەر بىلەن بىزەلگەن ئوقيا
زورلايدۇ كۈچلۈك
مەڭگۈلۈك پارتلاشقا سۇ مەنبەلىرىنى.
ئەي، سەن خۇددى بۇقىدەك كاج پەرىشتە،
ھېلىمچە جەلب قىلارمۇ ئۆز قوينىدا سېنى ھىجران
خوجا بولۇپ ئۆزىگە ئۆزى
ھەمدە ساڭا ياغدۇرغانچە ھايات سۆيىنى؟
تۇنجى دەمدۇر مېنىڭ بۇ تىلىم
كۆپۈرلۈق چېچىكىنىڭ پۇتمەس ئەۋجىدە،
خۇشتار سۆنىڭ بىمەنىسىدە سىرلىرىنى ئاچار بۇ چېچەك.
ئەمەس ئىدىم ئۆزگىدىن باشقا،
رىتىملىكتۇر پۇتۇنلەي
دېڭىزدىكى كىرىستال يەلكەندەك گويا...
ھەم تىمتاسلىقتا...
خالسانە ئاددىيلىق بىرلە
پەرىز ئاڭغا ئايلانغان شۇ تىمتاسلىقتا
ئازابىم سۇ ياپراقلىرىدا شىرنىلەشكەن بىر مېۋە.
ئەمەس
ئىدىم
ئۆزگىدىن
باشقا...
ئەلمساقتا سىر ئىدى ئۇ چەكسىز زوراۋان،
قاچقۇن لەھزىدە لەززەتنىڭ يالتىرىشى
ھەم كەلگۈسىدە
ئىستىلىستىك ئۇلۇغلۇقتا پاك مەرسىيە.

www.uyghurkitap.com

## يالقۇندا تاج

بۇيۈك ئاپەت يۈز بەرگەندىكىن
ھەممە بۇ يەردە
بىزنى پۈتۈن بۇ غەپلەت ئورىغاندىكىن،
لەززەتنىڭ ئېغىر قەدەم تەشرىپى چوقۇم،
چوقۇمدۇر كۈيلەش.
كۆزنىمىزدە پىغاننىڭ تەمى،
پەرۋاز قىلسا بولۇر ئۇ كەڭ شەپىرەڭلەر سايىسى،
نېمىدېگەن سارغايغان تاڭ سەھەر بۇ،
ئۆگزىمىز ئۈستىدىن ئۇ ئۆرلەيدۇ شۇ دەم،
ناغرىلار ئاۋازى ھەم ئاجىز نىمانچە!
قاقشالدۇر تەكلەر،
دېرىزىدە جان تالىشار كۈي،
لەززەتكە تەشنادۇر ھەم ئۆگدىگەن ئاياللىرىمىز...
ئەي، ئىنسان!
ئەي، تاشلاردا چېچەكنىڭ مۇشەققىتى...
سەن
ئۆپۈشكە،
ئوتتۇز تەڭگىنىڭ جىرىڭغا تولغان ئەي جاپا.
ئىشەن،
باركى يەر باغرىدا ئېچىرقاشنىڭ قاغىسى،
ھەممە يىراق ئەتراپنىڭ ئۇمۇچۇكى
چۆشلەردىن تورلار ئاسار قۇياشقا.
تۆپۈقسىز گۈركىرەپ سوقماقتا كۆللەر،
ئاشۇ شۇملۇق باسقان كاھىن،
بۇتلار شاملى،
سوقماقتا ئۇ كۆكۈم-تالقان يەلكىنىمىزنى
قۇرغاقچىلىق ساھىللىرىغا،
ئۆچۈرۈپ بىزدە
ئۇسسىغان چاقماقلارنى ئۇرمان شاۋقۇنىنى.

ئەي، سۆكۈنات،
ئاھ... سەن سۆكۈنات،
ئەي، سەن يىرىم كېچىنىڭ سۆكۈناتى،
ئەي، سەن ھىجران قوڭغۇرىقى باسقان يىراق تاڭ...
باق، ئۇلۇغ قۇياش
ھەم ئاتەشتە قىزارغان ئالتۇن
(ئۈستىدىن ئۇچۇپ ئۆتەر زۇلمەت قۇشى)،
ھەم بۇلاقنى ئورىۋالغان چېكەتكىلەر،
دەرەخ غولىدا ياتقان يىلان ھىيلىسى ھەم
ھەم قويلارنى، پادىچى كۈيلىرىنى
ھودۇقتۇرغان بۆركۈتلەر ئاۋازلىرى،
ھەم غۇۋا شادلىققا يار كونا يىغا...
ھەممىسى تېپىنچ ياتار قاتلاملىرىمىدا.
كۆي، ئاسمان،
يان، سەن ئەي ئابىدە ئاسمان!
چىق، سەن ئەي قوڭغۇراقلار، بولغىن پەيدا!
تۆرۈش يوق نۇردا، زادى مۇمكىن ئەمەس ئۇ،
كۆزلىرىمدە دېڭىزلارنىڭ ئۇسسۇلى،
سىرلارنىڭ پەرۋازلىرى كۆزلىرىمدە،
زادىلا ئۇنى بىلىپ بولالماس نۇر،
سۆكۈتۇم، ئەي ۋەتىنىم، ئەي قەدىم كەپەم،
ئۆلمەكتە سەندە بارلىق، ھاياتتۇر بارلىق!
نېمىدېگەن يالتىرىغان كىرپىكلەر بۇ،
پۈتكۈل بۇ يوقلىشنى كۆتەرسىمۇ!
دەرھەق، پۈتۈن كامالەتلىك ئاجايىپ ھېكمەت —
ئارىمىزدا، بۇ زېمىندا بولمىقىڭ ئەي چۈش،
ئەي، سەن كەپتەر تۈستىكى ئۇقيا
ئەلمىساقنىڭ كونا ياسى قويۇپ بەرگەن،
ئەي، سەن يانىڭ ئەۋجىدىكى يۈكسەك يۈلتۈز

شۇ بىر جۈپ پاچاقتا بەك ئۇخشىغان يا،
ئەي، سەن قان پەيتى،
ئەي، سەن دېڭىز تەپسىلاتى ئىچرە ياشار شىر،
ئەي، كۆزلەرنى ئويۇپ ئالغۇچى،
ئەي، سەن سۆز نۇرى،
ئەي، سەن يالقۇن ئىچرە تاجىنىڭ مەڭگۈلۈكى،
ئەي، ئۆرتەنگەن پانىلىق!

## زامانىنىڭ يىلتىز سۆيى

قۇياش...
ئەي سەن ئىسيانكار يارا!
يىلتىز سۆيۈك چۈش ئىرۇر،
چۆللار جاھانىنى.
گويا دېڭىز جۆيلىگەندەك، قايتىدىن يەنە
ئويلاپ قالدىم بىشكانلىقنى مەن.
پۇشايمانخور قەلبىم پەيلىرى
سىزغاندى سۆزۈك جىنايەت،
ئۆرتەپ ئۇنى يوچۇن ئىشتىياق.
سىرتتا...
سىرتتا داۋاملىق ئەينى شۇ ئاۋاز،
ئۇنىڭ خورلانماس چىچىلغاق ئويى — كۆيلىگىنىم.
ئىچىمدە يوقالماس بىر قىزىتما،
تەسەۋۋۇرۇم ياۋايى ئۇسسۇل.
ئېقىپ كىرەر دۇنياغا قاراڭغۇ تۈتەك
ئۇ بەلكىدۇر ئۈمىدسىزلىكىم.
قېنى مەندە سەن ئەي قۇياش، مەڭگۈلۈك جانان؟!
تۇغماس دەيمۇ ئۆزۈمنى مەن،
قۇرىدىمۇ شامال ئىچىمدە،
ئېتىلماسمۇ مەندىن يۈكسەك جان سۆيى؟!
چېچەكلەمدۇ بىشارىتى پەيغەمبەرلەرنىڭ،
پارتلاپ قىيامەت تىمتاسلىقى
ئاخىرقى دېۋە؟!
بېقىندىدۇر بۇ يەرلەر
ئېتىقادىنىڭ سايىلىرى ئاستىدا،
ئېتىقادتۇر ئۇ شۇنداق
ئۇنى ئالغان ئادىل مەنبە ئۆز ئىلكىگە،
ئادىل مەنبە دېمەك ئاتالغان ئاشۇ مەركەز،
ئاشۇ بىگۇمان يوقلۇق،
ئاشۇ ئەڭ پاك ئەركىنلىك...
يوقات كۆزۈمدىن، ئەي قۇياش،
بىلىش ئۆتكىلى ئۇ چۈنكى!
شېئىر دېيىلگەن ھەق زېمىندا سۆرگۈنمەن ئۆزۈم،
چىققانىكەنمەن جىمى شەكىلدىن.
كۆردۈم يارقىن بىلمەسلىكنىڭ ساماسىنى،
ئۇندا پەرۋاز قىلار ئالتۇن قۇش،
كۆردۈم تەن ھىدى قۇچقان دولقۇن چۇقانى،
كۆردۈم يەنە ئەي شائىر،
قورقۇنچلۇق سەۋدايىڭنىڭ ئەڭگۈشتىرىنى،
ئەڭگۈشتەركى ئۇلۇغ بايلىقنى،
پەرىشتە قەدەملىرىدە تىترەپ تۇرغان غۇنچىنى...
ئەيسا شائىر، سەن ئۆز پادىشاھ،
كىيگەن ئۆزۈڭ نۇرلۇق ھەسرەت تونىنى،
بولۇپ يۈكسەك ئارمانىڭنىڭ قۇربانلىرى
قۇتلۇقلىغاي سېنى ئۇتۇق تاپقان خەلقلەر،
يوقلىش زېمىندا ئۆزاپ كەتكەن خەلقلەر،
ئۇيقۇسىدىن تۇرغان خەلقلەر...
شائىر، ئىزدەپ يۈرمەكتىسەن سەلتەنەتلىك تاجىڭنى
ئۇلۇغۋار چۈش پەيتىنىڭ ئارقىسىدا،
ئاشۇ يەردە،
يالقۇنجىغان شەھەرلەردىن يىراق يەردە،
خارابىلىق ئۈچۈرغان ئاڭنىڭ

قورقۇنچلۇق
سايرىشىدىن
يىراق
يەردە.

## تويلار سىرى

شۇ كۈنى،
سۇرگۈنگاھ زىياپىتىدە،
دېڭىزلار تاۋۇسى بولغان ئىدى مەي.
كەچكى شەپەقتە دائىم يېتىپ كېلىدىغان قار
مەرمەر تاشتا نۇر سۇنغاننى كۆرەر يېقىملىق
قۇچار يىراق قاغىلارنى تويلار سىرىدا.
قار...
ئەي، سەن سۈزۈك ئۆزگىرىشنىڭ ئەترى!
بۇ يەردىكى قايسى ئاتەش ئۇ،
ئاڭا ساماۋى چۈشكۈنلۈكنىڭ جىنى چاپلاشقان،
ئۆرلىمەكتە ئۇ
ناغرىلار ئۇسسۇلىدا
ھەم كاھىنچە ئىشتىياقنىڭ تېخمۇ يۈكسەك
مۇساپىسىدە ئۆرتەنگەن ناخشىمىزغا؟!
ئاپەتلىرىمىز زاماندىن دەرىخدە ئاچچىق مېۋىلەر،
شۇڭدۇر بىز ئىمىدىگەن گۈزەل-ھە،
زېمىن ئۈستىدە مەڭگۈلۈكنى چۈشەمەكتىمىز،
دولقۇن بىزنى سۇلالە بايراملىرىدىن
كېتەر ئوغرىلاپ،
چاچار شامال ئىنسانلارغا يۇلتۇزلىرىنى.
ئەي، سەن مەڭگۈلۈك،
بۇ پۈتكۈل پارلىنىشقا بولغىن خاتىرجەم،
پەيغەمبەرلەر ئازابىدىن بىز پاكلىق ئۈزۈك.
پەقەت بىز، بىز ئۆلۈم سۇلالىسى
مۇمكىنسىز تۈز تېخمۇ تەجەللى قىلغان
شۇ ساما يوللىرىدا يۈرىمىز سەرخۇش،
كۆتۈرىمىز ھەممە زېمىننى
زىل ئاۋازى قىلىپ تۈنجى ئۆپۈكتەك.
ئەي، تەڭرىلەر!
ئارىمىزدا
كىم بار بۆرە كۆيلىرىدىن ھۆزۈر سۈرمىگەن؟!
ھېچ ئامال يوق قولىمىزدا داۋاملىق ئەمما،
سىر مېۋىسى ۋە تۈپراق ئارا
كۆتەرسەكمۇ ئاسما كۆۋرۈك قەلبىمىز ئۈمىدىنى...
گۇناھ سېنىڭ گۇناھىڭ ئەمەس،
ئەي، يامانلىق پەرىشتىسى!
تۇلپارلارنىڭ قايىمىدىن يۇلۇپ بايانىنى
سېھىرلىدىڭ بۇلبۇل قەلبىنى ئاڭ باغلىرىدا.
ئەي، تۈز كۆزلۈك يۇلتۇزلار!
بىزگە دۇئا قىلىڭلار تاڭ ئاتقىچە.
ئەي، قۇشلار،
سۇسىمان بايرىمىدىكى قۇشلار!
ئۈچۈرۈڭلار سايىمىزدىن ھاماقەت-قانىنى...
تەزىيە چېچەكلىرى ئېرۇر يوقلۇق ۋەھىمىلىرى،
شاھادەت قىل ئۇلارغا ئەي، زوھ پاكلىقى...
يېقىملىقتا ئۇلار سىرىتتا، تۇندە جان ئۈزۈپ،
ھەسرەت ۋاقتى يوق ئۇلارنىڭ كۆرۈشكە
سۇ پۈتلۈق ھەم ئىككى كۆزى ئويۇق زامانىنىڭ
بىر كۈنى ئالتۇن باغلىرىدىن ئۆتۈشىنى.
ھېس قىلغاندۇر ئۇلار يانىنى
ئەلىمساقنىڭ ساتارىدىن ئاققان كۈي كەبى،
بىزگە، بىزدەك تىرىكلەرگە مىراس قالدۇرۇپ
ئەتىردىنمۇ، قاندىنمۇ پاك شۇ چۈشنى.
ئاتا قىلغىن بىزگە سەن، ئەي، قار،

ئەي، سەن تۈزلۈق ئالتۇن تەنلىك دېڭىز قۇشى! ...
ئاتا قىلغىن بىزگە، ئاتا قىل
ئۈلۈكلەرنىڭ تىمتاسلىقىدەك
بۇ تىمتاس ئاتەشلەرنىڭ ئۈستىدە
ئۈرلەۋاتقان دولقۇن نىمتى!

**1989-يىل، دەمەشق**

# باياۋان ئېستېتىكىسى

**نازىم مۇھەننا① [سۈرىيە ]**

ئەخمەتجان ئوسماننىڭ بۇ قەسىدىسى ھەققىدە يېزىش-تۈرلۈك ئېھتىماللىقلارغا ئىگە تەۋەككۈلچىلىكتىن ئىبارەت، بۇ ئېھتىماللىقلارنىڭ دەسلەپكىسى مەغلۇبىيەتتۇر، يەنى شائىرنىڭ سىر ئۈستىگە قۇرۇلغان دۇنياسىنىڭ تېگىگە يېتىشتىكى مەغلۇبىيەت، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ بۇ قەسىدىسىگە «تويلار سىرى» دېگەن ئىسمىنى ئاتا قىلغان ئەمەسمۇ؟! بىراق، ئويۇندىكى بۇ رەئىسىي ئېلېمېنت شائىرنىڭ يازما سەنئەتكە بولغان كۆزقارىشى تەرىپىدىن ئاقلىنىدۇ.

شېئىرىي خىتابقا ماسلىشىش ۋە ئۇنىڭ زامانىنىڭ تۈرلۈك يۆنىلىشلىرىگە چېچىلغان يىپلىرىنى تېرىۋېلىش ئۈچۈن بۇ قەسىدە ئەسنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق سەزگۈ ئەزالىرىنى ئىشقا سالالايدىغان بايقاش قابىلىيىتىدىكى ۋە ئەقلىنى مەركەزلەشتۈرۈشتىكى بۈيۈك ئېنېرگىيىسىگە مۇھتاج. چۈنكى ئۇ ئەقلىنىڭ مەركەزلىشىپ ئاندىن چوڭقۇرلۇقتا ئويۇشقان ھاكىمىيەت سۈپىتىدىكى بىرلا رىتىملىق نۇقتىغا يىغىلغان يىراق ئۇيۇقلارنى كۆزىتىش ئۆرتىنىشى بولۇپ تارقىلىشتىن كېلىپ چىققان. بۇ رىتىملىق نۇقتا بىزنى ئەڭ چەت جايلارغا باشلاپ بارىدىغان مۇزىكىلىق قالايمىقانچىلىق شەكلىدە ئويۇقتا تۇزۇيدۇ، ئۇ چاغدا بىز لەيلەپ يۈرگەن بۇ قالايمىقانچىلىقتىن لەززەتلىنىش-تىن باشقىسى مۇمكىن ئەمەس. بۇ يەردە، مانا بۇ ھۇزۇر چوققىسىدا ئەقىل غايىب بولۇپ ۋە پۈتۈنلەي يوقاپ، ئۇنىڭ ئورنىنى كىرىپ قالساق يوقىتىپ قويۇشىمىز قىيىن بولغان ھەيرانلىق ئىگىلەيدۇ.

ھەم تىمتاسلىقتا...
خالىسانە ئاددىيلىق بىرلە
پەرەز ئاڭغا ئايلانغان شۇ تىمتاسلىقتا
ئازابىم سۇ ياپراقلىرىدا شىرنىلەشكەن بىر مېۋە.

چۈنكى ھۇزۇر ئاڭغا ئايلانغانلىقى ئۈچۈن بىزدە ماكانلىشىدۇ ۋە ئۆز ئورنىدىن ئاجرىمايدۇ، شۇنداقلا بىز بۇ ھۇزۇرنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىپ قالىمىز، ئاڭ ئىگىرگۈچى يىپنىپ چىقمايدۇ. چۈنكى ماھىرلىق بىلەن تور تارتىدىغان كۆرۈنمەس كۆزەتچىلەرگە ئىگە ئەپسانە كونترول قىلىدۇ. بۇ يەردە شائىر ئوينىغۇچى، كىتابخانمۇ ئويۇنغا ئىشتىراك قىلىشقا دەۋەت قىلىنغۇچى، ئويۇن بولسا بىز يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەندەك تەۋەككۈلچىلىك، بەلكى ئۇندا ئەڭ مۇھىم نەرسە — سالماقلىقنى يوقىتىمىز، بۇ مەيدىن كەيپ سۈرۈپ سەرخۇش بولىمىز، ماسلىشىشچانلىق قابىلىيىتىنى يوقاتقىنىمىزدىن كېيىنكى نېمىدېگەن ھۇزۇر-بۇ! ئويۇننىڭ ئەبەدىيەت بىلەن مۇگدىشىش لەززىتى ۋە بايقاش رىغبىتىدىن ئۆزگە مۇددىئاسى بولمايدۇ. بۇ مۇگدىشىشتىن نۇرغۇن ئازابلارنىڭ ئىشتىراك ئېتىشىدىن شەكىللەنگەن ئاھاڭ پەيدا بولىدۇ ھەمدە بۇ ئازابلارغا تورۇشقا ئۇندەلگەن ئەقىل، چۈش ۋە تەسەۋۋۇر ئارىلاشقان بولىدۇ. بۇ ئاھاڭ تولۇق يېتىلگەن مەنىدىن ئىبارەت، چۈنكى ئۇ ئىنسانىي ئۆرتىنىشنىڭ مېۋىسى ۋە ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقىنىڭ ھېكمىتىدۇر.

دىرھەق، پۈتۈن قورقۇنچلۇق كامالەتتەك چېكىگە يەتكەن بىر ئاجايىپ ھېكمەتتۇر.

ئارىمىزدا، بۇ زېمىندا بولمىقىڭ ئەي چۈش.

بۇ مۇقەددىمىدە ئالدى بىلەن ئەخمەتجان ئوسمان قەسىدىسىنىڭ شېئىرىي مۇھىتىنى پەيدا قىلغان ھەمدە ئۇنىڭ تېكىستان ۋە ئويۇقسىيان قۇرۇلمىسىنى شەكىللەندۈرگەن

ئېلېمېنتلار ئۈستىدە توختىلىمەن، ئۇلار: 1. ئەقىل؛ 2. چۈش ۋە تەسەۋۋۇر؛ 3. ئىنتوناتسىيە ۋە رىتىم. ئالدىن شائىر ئۆز قەسىدىسىدە تەقلىد قىلىشقا ئۇرۇنغان مەنىگە كۆچىمەن.

1. ئەقىل

بۇ كەسكىن سۆز قەسىدىدە قويۇق شەكىلدە ھازىر بولىدۇ. ئەقىلچىلىك ئاڭ ۋە مەرىپەت سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، يەنى ئۇ قەسىدىنىڭ تىكىسمان يىراقلىقىدا ئۆزىنى ئاشكارىلايدۇ ھەمدە كىتابخان تەرىپىدىن ئۇقۇلۇش ئەمەلىيىتىدە ئۇ ئۆزىنىڭ بايقىلىشى ۋە كونترول قىلىنىشى، يۆنىلىشىنىڭ تەقىپ قىلىنىشى، مەنىنى تەسىس قىلىشقا تۇرغۇزۇلغان شېئىرىي مۇددىئاغا قانچىلىك دەرىجىدە خىزمەت قىلىشى ئۈچۈن يەنىلا مەرىپەت ۋە ئەستىن تەركىب تاپقان قارشىلىققا مۇھتاج.

ئەقىلنىڭ رولى بۇ يەردە تايانچ نۇقتا سۈپىتىدە پەيدا بولىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئارقىلىق بىز شېئىرىي بوشلۇققا ئاتلىنىمىز-دە، بۇ نۇقتا شېئىرىي بوشلۇقتا تەسەۋۋۇر ھاكىمىيىتى ئاستىدا تېزلا توزۇپ غايىب بولىدۇ. ئەقىلنىڭ بۇ يەردە ھازىر بولۇشىنى تىل بىلەن ئۇنىڭ مەرىپەتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغۇچى سۈپىتىگە لايىق مۇئامىلە قىلىش تەقەززاسىنى چوڭقۇر ھېس قىلىشلا ئاقلىيالايدۇ.

2. تەسەۋۋۇر ۋە چۈش

تەسەۋۋۇر — رەت قىلىش كۈچىدۇر. شۇڭا، ئۇمۇ ئۇيۇقسىمان ھالدا ھەممىنى ئۆز ھۆكمى ئاستىغا ئېلىپ مۇتلەق شەكىلدە چەكسىز كېڭىيىدۇ. ئۇ شېئىرىيەتتىكى مۇھىم ئېلېمېنت سۈپىتىدە بىر تەرەپتىن ئەقىلنىڭ مەۋجۇتلۇقى، يەنە بىر تەرەپتىن شېئىرىيلىكى بۇ قەسىدىدە بىرلا ۋاقىتتا تەقەززا بولغان تېخىمۇ ئەھمىيەتلىك نەرسىگە ئايلىنىدۇ. بۇ ھالەت شېئىرىي ئوبرازلارنىڭ كۆپلۈكى ۋە تۈرلۈكلۈكىدە، جۈملە ۋە شېئىرنىڭ ئۇچۇقسىمان ئاخىرلىشىشلىرىدا نامايان بولىدۇ.

ئەقىل ۋە تەسەۋۋۇرنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئۇلاردىن قېلىشماس ئەھمىيەتكە ئىگە ئۈچىنچى ئېلېمېنتنى دەۋەت قىلىدۇ، ئۇ بولسىمۇ چۈشتىن ئىبارەت. شائىرنىڭ زامانىغا بولغان تۇيغۇسى چۈشنى يەنىلا بىر زۆرۈرىيەتكە ئايلاندۇرىدۇ. ئۇ ئۆرتىنىشتىن كېلىپ چىققان بولۇپ، ئۆزىنىڭ گۇڭگالىقىدىن قەتئىينەزەر قەسىدىنىڭ مەزمۇنىدا ھازىر بولىدۇ، بىراق، ئۇنى مۆلچەرلەش ۋە يۆنىلىشىنى بىلىش قىيىنغا توختايدۇ. ئۇ سائادەت ياكى مۇشەققەت ھەققىدىكى يۈزەكى چۈش ئەمەس ۋە ياكى چوقۇم ۋە داۋاملىق كەلگۈسىگە يۈزلىنىدىغان چۈشمۇ ئەمەس، ئۇ ھېچقانداق مۇقىملىققا بويسۇنمايدۇ، لېكىن بەزىدە «ئالتۇن دەۋر»گە، «گىرىك دەۋرى»گە، مەرىپەت دەۋرىگە قايتىش ئىستىكىدە تراگېدىيىلىك ھالدا نامايان بولىدۇ.

مەرىپەتنىڭ ساپ يالتىراق ئالتۇنى
تەنھا ئاددىي تەنلىك تەڭرى ماتەملىرىدە
ئېرىمەكتە قوشۇلۇپ چۈشكە.
قېنى دۇنيادا سۇبيېكتنىڭ پەرۋازى؟!
ھەيران قالغان كۆزلەر بىلەن بېزەلگەن ئوقيا
زورلايدۇ كۈچلۈك
مەڭگۈلۈك پارتلاشقا سۇ مەنبەلىرىنى.

قەسىدىنىڭ مۇزىكىسىغا ئائىت ئېلېمېنتلارغا كەلسەك، ئىككى مۇھىم ئېلېمېنت ئۈستىدە توختىلىمەن، ئۇلار: شېئىرىي ئىنتوناتسىيە ۋە رىتىم.

3. شېئىرىي ئىنتوناتسىيە ۋە رىتىم

شائىرنىڭ شېئىرىي ئىنتوناتسىيىسى يەرلىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولماستىن، بەلكى كوزموپولىتسىيلىك ئالەمشۇمۇل ئىنتوناتسىيىدۇر. ئۇ، دۇنيا ۋە شەيئىلەرگە نىسبەتەن يۈكسەكلىك مەۋقەسىدىن، ھادىسە ۋە بۈيۈك چۈشەنچىلەرگە نىسبەتەن رەقىبلىك يۈزلىنىشىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، بۇ يەردە قەسىدىنىڭ قىممىتىنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭ ستراتېگىيىلىك مەزمۇن يىراقلىقىغا ماسلىشىدۇ. «بوشلۇق دەپ ئاتالغان قۇش» دېگەن شېئىردا مۇنۇ ئىنتوناتسىيىنى ئوقۇيمىز:

ئېگىز مەرمەر تاشقا قۇتلۇق ئىسمى يېزىلغان
ھەم زېمىن دەپ ئاتالغان بۇ بۈيۈك قەبرىستان...

«سۇغا تەقلىد» دېگەن شېئىردا يەنە:

ئامان بولغاي پادىچىلارغا!

يۈرەكلىرىدە شەپقەت چېچەكلىدىمۇ؟
ياكى مېنىڭ ۋىمزىپەمنىڭ سادىقلىقىدىن
خەۋەر بېرىشچۈن بۇ بىتەلەي دۇنياغا
قەبرىلەردىن قايتتىمۇ بىراۋ؟
....................
قېنى دۇنيادا سۇبيېكتنىڭ پەرۋازى؟!

قەسىدىنىڭ لىرىك مۇددىئاسى ئۈچۈن خىزمەت قىلىۋاتقان ئىجادىي ئىنتوناتسىيىنىڭ تەكرارلىنىشىنى ئۇچرىتىمىز، نۇرغۇن پارچىلار ۋە شېئىر باشلىنىشلىرى بۇنىڭ مىسالى.

كائىنات ۋە بوشلۇق بىلەن بولغان ھەرقانداق سۆھبەت مۇزىكىلىق ھالەتنى تەلەپ قىلىدۇ، بۇ ھەقتە ھېرمان ھېسسى ئۆزىنىڭ «ئەينەك دانچىلار ئويۇنى» دېگەن رومانىدا قەدىمى جۇڭگولۇقلارنىڭ مۇزىكا ئۇقۇمى ئۈستىدە توختالغانىدا ئەڭ ياخشى تەبىر بەرگەن.

شائىرنىڭ شېئىرىي رىتىمى تراگېدىيىگە ئۇلىشىدۇ، ئەمما ئۇ بىز يۇقىرىدا زىكىر قىلىپ ئۆتكەن ھەممە كۈندىلىك ۋە رېئاللىقنىڭ تەقلىدىدىن كۆپ يىراق تۇرىدىغان داستانسىمان رىتىمنى تەلەپ قىلىدىغان سۆھبەت ھوزۇرىدىن شادلىققا تولۇپ تاشىدۇ. رىتىمدىن مەقسەت خۇددى يېتىز ئېيتىپ ئۆتكەنىدەك «بىز بىرلا ۋاقىتتا ھەم ئويغاق، ھەم ئۇيقۇدا بولىدىغان شۇ تەپەككۇر لەھزىسىنى سوزۇۋېتىش ئىبارەت، ئۇ بىزگە سېھىرلىك ئۇدارى بىلەن جىمجىتلىق ئېلىپ كېلىدىغان ۋە ئەينى ۋاقىتتا ئۆزىنىڭ تۈرلۈكلىكى بىلەن بىزنى ئويغاقلىققا ئۈندەيدىغان يارىتىش لەھزىسى بولۇپ، بىزنى گوياكى ھوشسىزلىققا ئوخشايدىغان ھالەتتە قالدۇرىدۇ» . توختىماي ئۆزلۈكسىز ئاققان ئىچكى رىتىم ئىنتوناتسىيە بىلەن بىرلىكتە قەسىدىنىڭ سىمفونىيىلىك يىراقلىقىنى شەكىللەندۈرىدۇ. شائىر بىر تەرەپلىمە رىتىمنى كونترول قىلىپ، ئۇنى زامانىنى تۈرلۈك قوللىنىشى ۋە پىسخىك دۇنيالارنىڭ ئۆزئارا كىرىشىشى ئارقىلىق تۈرلەندۈرگەن، شۇندىلا شادلىق پەرىشان بولۇپ، ھەسرەت خۇش خۇي بولۇپ قالىدۇ، ياكى، شادلىقمۇ، ھەسرەتمۇ ئەمەس، ئۈمىدۋارلىقمۇ-ئۈمىدسىزلىكمۇ ئەمەس بىتەرەپ بولۇپ قالىدۇ. مانا بۇ — يوقلۇق بىلەن جەۋھەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇۋازىنەتنىڭ ئىپادىلىنىشى.

ئەمەس ئىدىم ئۆزگىدىن باشقا،
رىتىملىقتۇر پۈتۈنلەي،
دېڭىزدىكى كىرىستال يەلكەنىدەك گويا...

ئەمدى بۇ قەسىدە كۆزلىگەن مەنە ئۈستىدە توختىلىمەن. ئېزرا پوند مۇنداق دېگەن: «شېئىر — مەنە بىلەن چېگىدالغان تىل» . بۇ يەردە شائىرنىڭ ئىچكى دۇنياسى ئۆزىنىڭ قويۇقلۇقىنى قەغەز ئاقلىقىغا يايىدۇ ۋە مەقسەتلىك ھالدا ئۇيۇقتا مەنە تۇرغۇزۇشقا يۈزلىنىدۇ، شېئىرىيەتنىڭ ھازىرقى رېئاللىقىدا بەكمۇ ئورۇنلۇق بولغان بۇ ئىنتىلىش شائىرنى مودېرنىزمنىڭ ۋە جەۋھەرنى. چېقىش ھەم رەت قىلىش ئاساسىغا قۇرۇلغان غەرب مودېرنىستىك خىتابىنىڭ سىرتىغا قويۇپ، ئۇنى پارلىنىشچان شەرق بولۇپمۇ ئالاھىدە شەكىلدە ھېكمەتلىك سوپىزم روھىغا يىلتىزداش قىلىدۇ. بىراق، بۇ يەردىكى سوپىزم دىن كاتېگورىيىسىگە تەۋە بولمىغان سوپىزم بولۇپ، دىنىي سوپىزمدا كۆپ ئۇچرايدىغان ئۇدېپچە لىق ۋە مازوختىك دائىرىسىنىڭ سىرتىدا تۇرىدۇ. بۇ يىلتىزداشلىق قانداقتۇر مىراسقا قايتىش ۋە ئۆز روھىغا ئىخلاس قىلمايدىغان مۇھىتقا ئىخلاس قىلىش ئەمەس، بەلكى ئۇ بوشلۇقنى تولدۇرۇش تەقەززاسى يۈزىسىدىن تەسىس قىلىنغان ئاڭ رەۋىشى، بۇ رەۋىش «دۇنياغا مەنە ئاتا قىلىش ئۈچۈن دۇنياغا كەلدۇق» دېگەن نېتزىدىن باشلاپ تاكى فېرناندو پېسوئا، سان جون پېرس ۋە ئارشىبالد ماكلېش...غىچە، ئون توققۇزىنچى ئەسىردىن يىگىرمىنچى ئەسىرگىچە سوزۇلغان يېڭى رومانتىزملىق شېئىرىي خىتابقا يېقىندىن ماسلىشىدۇ. ئۇنداقتا، بۇ كۆزلەنگەن مەنىنىڭ تەبىئىتى نېمە؟

شائىرنىڭ بۇ يېزىقچىلىقى چېقىش ياكى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ياكى ئۆچۈرۈش(مەنىگە قارىتىلغان) ئۈستىگە قۇرۇلغان ئەمەس، بەلكى رېئال مەنە رەۋىشىدىن ئېشىپ، كۆپسىمان،

تەيىنلەنمىگەن، ئومۇمىيۈزلۈك مەنە ھالىتىگە، يۈزىنىۋىكتىن مېتافىزىككە ئۆزگەرتىش ئۈستىگە قۇرۇلغان، چۈنكى شېئىر مېتافىزىك ھالەتنىڭ ئىستېتىك ئىپادىلىنىشىدۇر. بۇنى قەسىدىنىڭ ئۆزئارا تىكىسمان ۋە ئۇيۇقسىمان كېسىشكەن قاتلاملىرىدا شۇنداقلا چىگدالغان سۆزلەرنىڭ ئۆزئارا شەھۋانىي مۇناسىۋەتلىرىدە كۆرىمىز. دېمەك ئۇ، يەنى مەنە ئۆزىنىڭ مەڭگۈلۈك گۈڭگالىقى بىلەن گۈڭگا ھەمدە ئاڭا ئېرىشىش زادى مۇمكىن ئەمەس.

سەزگۈرلۈكنىڭ تاشقىنى پۈتۈن ۋۇجۇدۇم،
ئالماقتا قورقۇنچ ئۇنى ئۆز ئىلكىگە،
يۈز بەرگەندە ئۇشتۇمتۇت
سىرىغا زادى يېتىپ بولالمايدىغان
ھەم ھىجرانغا تولغان ئۇمىد ھەرىكىتى بىرلە
سايىلەرنىڭ چوڭقۇرىدا ئېچىلغان
شەكسىز، قەدىم گۈڭگالىقنىڭ قەدەم تەشرىپى.

شېئىرىيەتتىكى پارلىنىش بۇ قەسىدىگە تۆۋەندىكى شېئىرىي يىراقلىقنى ئاتا قىلىدۇ:

1. ساپلىق
2. دۇنيانىڭ تەقدىرى بىلەن بىرلىشىش
3. مەنە

ئالدىنقى ئىككى ھالەت ئۈچىنچى يىراقلىققا كىرىدۇ، ئۇندا مەن يوقىلىدۇ-دە، ئۆزگىمۇ يوقىلىدۇ، يەنى قەسىدە رېئاكسىيە ۋە ئىدېئولوگىيىدىن خالى بولۇپ، ساپلىقنىڭ مۇتەپەككۇر ھالىتى سۈپىتىدە ئايان بولىدۇ. شائىر ئۇندا تارىخ بىلەن سۆھبەتلىشىۋاتقان بولسىمۇ، تارىخقا نىسبەتەن بىتەرەپ مەۋقەدە تۇرىدۇ، شۇنداقلا سۆھبەت ئالەمشۇمۇل تولغۇن «ئۆزلۈك»كە قايتقاندا، شائىر تارىخ بىلەن بولغان سۆھبىتىدە تىراگېدىيىنىڭ چوڭقۇرلۇقىغا يېتىپ بارىدۇ.

مەنىنىڭ ۋىسال بىلەن ھىجران مۇناسىۋىتىدىكى ئورنى بۇ مۇناسىۋەتنى قارىمۇ-قارشى ياكى تېپىشكەك مۇناسىۋەت ئەمەس، تارتىشقاق مۇناسىۋەتكە ئايلاندۇرىدۇ. زىددىيەت دىئالېكتىكىسى مەنىنى ئوتتۇرىغا چىققۇزۇپ، تۇراقلىقنى بۇزغۇزىدۇ-دە، غايىب بولغۇچى پەيدا بولغۇچىغا، پەيدا-بولغۇچى غايىب بولغۇچىغا ئايلىنىدۇ ھەمدە بۇ يەردىن ئىككى يىراقلىق كېلىپ چىقىدۇ، ئۇيۇقتا داۋاملىق پەيدا بولۇپ تۇرىدىغان ھىجران يىراقلىقى بىلەن قەسىدە تاشلىغان سايە يىراقلىقى، يەنى شائىرنىڭ چوڭقۇرلۇقتا داۋاملىق پەيدا بولۇپ تۇرىدىغان ئۆرتىنىشى.

شۇنىسى ئېنىقكى، مەنە قەسىدە ئۇيۇقتىن غايىب بولمايدۇ، بىراق، بۇ مەنىنى تېپىۋېلىشقا ۋە ئۇنى كونترول قىلىپ پارچىلاشقا بولامدۇ؟ ئەگەر شۇنداق بولىدىغان بولسا، ئىشىنىمەنكى، قەسىدىنىڭ شېئىرىيلىقى ۋەيران بولغان بولاتتى. مەنە شېئىرىيلىقى بۇ يەردە ئوپېراتسىيە قىلىشقا ۋە بايقاشقا بولىدىغان مېتافىزىك بولمىغان تېكىستىنىڭ خۇسۇسىيەت ئەمەس، بەلكى مەت ئۇنى بارلىق رىتىملار قويۇلىدىغان دەسلەپتە بىز سۆزلەپ ئۆتكەن سىر دائىرىسىدە قاتتىق تارىيىپ، ئاندىن چەكسىز كېڭىيىدىغان توپلاندۇرغۇچ نۇقتا سۈپىتىدە تەسەۋۋۇر قىلىمەن. بۇ نۇقتا بىزنى جەلپ قىلىدۇ-دە، ئاندىن بىزنى باياۋانغا يېتەكلەيدۇ. بۇ باياۋان ئازدۇرۇش باياۋانى بولماستىن، يۈكسىلىش ۋە مەنىۋى ئازادلىقنىڭ ساماسى، ھاجەتلەردىن ئۆرلەش ساماسى، چۈنكى ئۇ بەرىبىر ئەنئەنىنىڭ يوقالماس باياۋانىدۇر. شۇنىڭ بىلەن شائىرغا قارغىشنى مۇقىملاشتۇرغان بولىمىز، چۈنكى ئۇمۇ ئىغۋا پەرەستلىكى ھەم ئەنئەنىنىڭ تېخىمۇ ھېكمەتلىك ۋە جەزبىلىك قىرىنىدىشى. شۇنداقلا، ئۇ بىزدىكى يامانلىقنى لىرىكىغا، ھاۋايى-ھەۋەسنى ناخشىغا ۋە ھەسرەتنى مۇزىكىغا ئايلاندۇرۇشقا ئەڭ قادىر.

ئۇنداقتا، ئۇيغۇرلاردىن چىققان بۇ شائىرنى نەگە قويىمىز؟

ئەگەر بۈيۈكلەر رۇخسەت قىلسا، ئاڭا ئالدىنقى رەتلەردىن بوش ئورۇن بارمۇ؟!...

---

① نازىم مۇھەننا — سۈرىيىنىڭ ھازىرقى زامان ۋە ئوبزورچىسى. بۇ ماقالە ئەخمەتجان ئوسماننىڭ سۈرىيىدە ئەرەب تىلىدا نەشر قىلىنغان «تويلار سىرى» ناملىق شېئىرلار توپلىمىغا يېزىلغان كىرىش سۆز.

# جۇڭگونڭ ئگسز باللری

— نكاهسز تۇغۇلغان باللار توغرسدا دوكلات

(ئەدەبي ئاخبارات)

**شي ملڭ**

**پەتتارجان مۇهەممەت** تەرجمسی

**مۇقەددىمە**

بۇ زېمنمزدا كالندارنڭ هەر بر ۋارىقى يىرتلشى بلەن تەڭ بۇ دۇنياغا 220 ملڭ بوۋاق كەينى-كەيندىن كۆز ئاچىدۇ.

ئىنسانلارغا نسبەتەن بۇ كىچىك پەرىشتىلەر ئاللىقاچان پۈت سىغدۇرغۇسز قىستا-قىستاڭ بولۇپ كەتكەن يەر شارىدا هەرقانچە قىسىلسمۇ، يەنىلا چىن قەلبىتىن ياڭرىغان شادلىق كۈيى ئىچىدە بىر-بىرلەپ ئانىسىنىڭ ئىللىق قوينىغا كىرىپ، ئانا مېهرىدىن قانغۇچە بەهرىمەن بولىدۇ.

بىراق، قۇياشنىڭ ئالتۇن نۇرلىرى پۈتكۈل ئالەمنى تولۇق يورۇتالمىغاندەك، ئىنسانلارنىڭ مېهرى-مۇهەببىتىمۇ بۇ كىچىك پەرىشتىلەرنىڭ بەزىلىرىگە تولۇقى بىلەن ئىلتىپات قىلىنماي‌ۋاتىدۇ.

ئۇلار يورۇق دۇنياغا كۆز ئېچىشى بىلەنلا پېشانىسىگە نىكاهسىز تۇغۇلغان بالا دېگەن تامغا رەهىمسىزلەرچە بېسىلغان بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار جەمئىيەتنىڭ ئىگىسىز باللىرىغا ئايلىنىدۇ. هەرخىل كەمسىتىش ۋە ئادالەتسىز مۇئامىلىلەرگە ئۇچرايدۇ. تونجۇقتۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىلىدۇ، تاشلىۋېتىلىدۇ، سېتىۋېتىلىدۇ ياكى نابۇت قىلىنىدۇ. مۇشۇنداق قانچىلىغان سەبىي نارسىدىلەرنىڭ تەقدىرى ئېچىنىشلىق تراگېدىيە بىلەن خۇلاسىلانغانلىقىنى هېچكىم دەپ بېرەلمەيدۇ.

باللار مەيلى نىكاهلىق تۇغۇلغان ياكى نىكاهسىز تۇغۇلغان بولسۇن هەممىسى گۇناهسىز بولۇشى؛ ئىنسانلار ئەزەلدىنلا باراۋەر بولۇشى، ئۇلاردا «ئەركىنلىك»، «باراۋەرلىك»، «مېهرىبانلىق» بولۇشى كېرەك ئىدى.

هەي ئاق كۆڭۈل، هەققانىيەتچى، مەسئۇلىيەتچان كىشىلەر، ئاشۇ بىچارە باللار ئېرىشىشكە تېگىشلىك بولغان نەرسىلەرنى ئۇلارغا قايتۇرۇپ بېرىڭلار!

**بىرىنچى باب: ئازاب بۆشۈكى**

جۇڭخۇا خەلق جۇمهۇرىيىتى «ئاياللار ۋە باللارنىڭ هوقۇق-مەنپەئەتىنى قوغداش قانۇنى»دا ئېنىق قىلىپ: «مەيلى نىكاهلىق تۇغۇلغان ياكى نىكاهسىز تۇغۇلغان باللار بولسۇن، هەممىسى هوقۇق-مەنپەئەتتىن ئوخشاش بەهرىمەن بولىدۇ» دەپ يېزىلغان بولسىمۇ، بىراق ئەمەلىيەتتە نۇرغۇنلىغان نىكاهسىز تۇغۇلغان باللار يەنىلا خىلمۇ خىل بىنورمال ئىجتىمائىي مۇئامىلىلەرگە ئۇچرىماقتا، جەمئىيەت ۋە ئائىلە قاتارلىق تەرەپلەرنىڭ كەمسىتىشىگە چىداپ كەلمەكتە.

«نىكاهسىز تۇغۇلغان باللار» دېگەن بۇ ئۈچ سۆزگە مۇشۇ تاشلاندۇق باللارنىڭ قانچىلىك قان ياشلىرى، قانچىلىك ئازاب-ئوقۇبەتلىرى مۇجەسسەملەنگەن-هە!

## 1. قۇتۇلغىلى بولمايدىغان قىسمەت

بىر كارىۋات، كىچىككىنە بىر ئۈستەل، بىر ئەبجەق ئورۇندۇق، بىر ساندۇق قويۇلغان كەپىدە بىر ئايال بىلەن بىر قىزچاق تۇرىدۇ. بۇ ئىككىيلەننى بۇ ھالدا كۆرگەن كىشى ئۇلارنىڭ ئانا-بالا ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈرەلەيدۇ. بىراق ئۇلارنىڭ قەرزدىن قېچىپ يۈرگەنلىكى ھېچكىمنىڭمۇ خىيالىغا كىرىپ چىقمايدۇ.

ئۈچ يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە ئۇلار ئۈچ قېتىم ئۆي كۆچۈشكە مەجبۇر بولدى. بۈگۈنكى كۈندە ئۆي تاپماق بەك مۈشكۈل بولسىمۇ ئانا-بالا ئىككىسىنى قورقۇتالمىدى. چۈنكى ئۇلار باشقىلاردىن مەرد ئىدى، قانچە قىممەت ئۆي بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر ئىجارىگە ئېلىۋېرەتتى.

ئەمەلىيەتتە ئۇلار ئىككىسى ئەڭ نامرات ئىدى. ئۆي ئىجارىسىدىن باشقا يەنە چىقىملىرىمۇ ناھايىتى كۆپ بولاتتى.

— ئاپا، بۇ مەكتەپمۇ ياخشى ئەمەسكەن، ئەتە مەن مەكتەپكە بارمايمەن، — دېدى قىزچاق ئانىسىنىڭ قوينىغا تىقىلغىنىچە ھۆر-ھۆر يىغلاپ.

— نېمىشقا؟

— ئۇلار مېنى يەنە ھارامدىن بولغان، نىكاھسىز تۇغۇلغان، دەپ تىللىدى، — قىزچاق بېشىنى ئانىسىنىڭ قوينىغا ھەدەپ تىقاتتى. بۇ دۇنيادا پەقەت ئانىسىنىڭلا باغرى ئۇنىڭغا بىردىنبىر تەسەللى ئىدى، — ئۇلار يەنە مېنى تۇغقان ئادىمى بولغىنى بىلەن باقىدىغان ئادىمى يوق، دېدى... ھى... ھى... ئاپا، ماڭا دادا كېرەك، مەن نىكاھسىز تۇغۇلغان بالا بولمايمەن.

ئانا ئۈن-تىنسىز ھالدا ئۇزۇندىن-ئۇزۇن ئۇھ تارتاتتى.

قىزىم، ھەي قىزىم، سەن بۇ دۇنياغا يىغلاپ كۆز ئاچقاندىن تارتىپ خۇشاللىقتىن بىر ئازمۇ بەھرىمەن بولۇپ باقمىدىڭ. ئاناڭنىڭ ئالدىنىشى بىلەن كېلىپ چىققان خىلمۇ خىل ئازابلارنىڭ ھەممىسى سېنىڭ ئاشۇ يۇمران ھاياتىڭغا يۈكلەندى. ئاناڭ سېنىڭ باللار باغچىسىدىكى چاغدا دوستلىرىڭنىڭ مازاق قىلىشىغا، مەكتەپكە كىرگەندىن كېيىن ساۋاقداشلىرىڭنىڭ ھاقارىتىگە ئۇچرىغانلىقىڭنى بىلىدۇ. ئاناڭ ھېلىقى بىر ئىشنى: بىر ئوغۇل ساۋاقداشىڭنىڭ موي قەلەم بىلەن دۈمبەڭگە تۈيدۈرماستىن «نىكاھسىز تۇغۇلغان بالا» دېگەن قاپقارا ئۈچ سۆزنى يېزىپ قويۇپ مەكتەپكە پۈر كەتكۈزۈۋەتكىنىنى مەڭگۈ ئۇنتۇيالمايدۇ. شۇ قېتىم سەن توپتوغرا بىر كېچە-كۈندۈز يىغلاپ ئاۋازىڭمۇ پۈتۈپ كەتكەنىدى.

شۇ قېتىمدا ئاناڭ سېنى قايسى مەكتەپ پاتۇرمىسا، شۇ مەكتەپتىن ئېلىپ كېتىمەن، ھەرگىز كىچىككىنە ئازارغىمۇ ئۇچراتقۇزمايمەن دەپ ئىرادە باغلىغان، بىراق مۇشۇ كىچىككىنە ئارزۇنىڭمۇ ئەمەلگە ئېشىشىنىڭ شۇنچە تەسلىكىنى ئويلاپ باقمىغانىكەنمەن. بىز قانداقلا يوشۇرمايلى، ئۆزىمىزنى قانداقلا قاچۇرمايلى، خۇددى «نىكاھسىز تۇغۇلغان» لىق تامغىسى پېشانەڭگە بېسىلىپ كەتكەندەك ھېچبىر پايدىسى بولمىدى.

ئەمدى ئاناڭ ھەممىنى چۈشەندى. پېشانەڭگە «نىكاھسىز تۇغۇلغان» لىق تامغىسى بىر ئۆرۈلۈشى بىلەنلا قايتۇرۇپ بولغىلى بولمايدىغان مەڭگۈلۈك قەرزگە بوغۇلۇپسەن. ئائىلە كېلىپ چىقىشى قانچە يۇقىرى ياكى تۆۋەن بولسۇن، مەيلى باي ياكى كەمبەغەل بولسۇن، چوڭلار ياكى كىچىك باللار بولسۇن ھەممىسى سېنىڭ قەرزىڭنىڭ ئىگىسى ئىكەن. ئۇلارنىڭ ھەرقانداق بىرى سېنى زاڭلىق قىلىش، ئەخمەق قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە ئىكەن...

ئاھ تەڭرىم، ئەتە-ئۆگۈن قانداق قىلىش كېرەك؟ كەلگۈسىدىچۇ؟

قىزچاق ئاخىرى ئۇخلاپ قالدى. ئۇ مەڭگۈ ئويغانماسلىقنى ئۈمىد قىلاتتى. پەقەت شۇ پىتى ئويغانماي ئۇخلىغاندىلا ئاندىن ئۇ بارلىق دەرد-ئەلەملەرنى، ئازابلىرىنى ئۇنتۇيتتى.

— ئاپا مەن قورقۇۋاتىمەن... ھى... ھى... مەن يېتىم بالا ئەمەس، يېتىم بالا ئەمەس، — قىز چۈشىدىمۇ ئېچىنىشلىق يىغلايتتى.

## 2. بىمەنە ئويۇن

ۋۇچياۋ.

كوچىدا كىچىك ئىككى ئوغۇل بالا ئويۇن كۆرسىتىۋاتاتتى. ئوغۇلنىڭ كىچىكرەكى ئۆزۈن ئورۇندۇقتا پۇت-قولى چەمبەرچاس باغلىۋېتىلگەن ھالدا ستولىغا يۆلىنىپ ئولتۇراتتى. چوڭراقى بولسا ئاسقاقلاپ يۈرۈپ ئۇنىڭ پۇتىغا خىش قويۇۋاتاتتى. چوڭراق ئوغۇلنىڭ يېنىدىكى بىر دۆۋە قىپقىزىل خىش قانچە ئازلاپ بارغانسېرى كىچىكىنىڭ يۈز-كۆزىدىن تەر تامچىلىرى شۇنچە كۆپ قويۇلاتتى.

تامدەك تاتىرىپ كەتكەن ئۇ چىراي ئىگىسى ئازابلانغان ھالدا نالە قىلاتتى.

— رەھىم-شەپقەت قىلىپ ئاز-تولا يېگۈدەك نەرسە بەرسەڭلار، پۇل-پۇچەك بەرسەڭلار!

تۇساتتىنلا كىچىك ئوغۇلنىڭ يۈزى بىر ياندا قىيسىيىپ جىمىپ كەتتى. ئۇنىڭ ھوشىدىن كېتىشى ئويۇننى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرگەندى. ئەتراپنى ئوراپ تۇرغان كىشىلەر چۇقان-سۈرەن ۋە بارىكاللا ئىچىدە تەڭگە ھەم قەغەز پۇللارنى كىچىك ئوغۇل بالىنىڭ ئۈستىگە يامغۇردەك تۆكۈۋېتىشتى.

ۋۇچياۋ — دۇنياغا مەشھۇر سېرىك ماكانى. بۇ يەردىن سېرىك سەنئىتىنىڭ سانسىزلىغان بالا چولپانلىرى يېتىشىپ چىققان. ئۇلار كىچىككىنە تۇرۇپمۇ نۇرغۇن ئالتۇن مېداللارنى ئېلىپ دۇنياغا بەخت ئىچىدە تەبەسسۇم قىلغان.

يەنە دەل مۇشۇ يەردە، كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان بالا چولپانلارنىڭ ئەكسىچە ئىككى بالا پەقەت ئېكراندىلا كۆرگىلى بولىدىغان قورقۇنچلۇق ئويۇننى ئويناپ، روھىي ۋە جىسمانىي ئازاب-ئوقۇبەت بەدىلىگە ھايات كەچۈرمەكتە.

— مەن ئاتا-ئانامنىڭ كىملىكىنى، ئۆزۈمنىڭ قانچە ياشقا كىرگەنلىكىمنىمۇ بىلمەيمەن. مېنى بېقىۋالغان ھېلىقى كىشىلەرنىڭ ھەمىشە مېنى «ھارامدىن بولغان»، «يېتىم ئوغلاق» دەپ تىللىغىنىنىلا ئەسلىيەلەيمەن، مەن ئۇلارنىڭ تىل-تايىقىغا چىدىماي ئاخىر ئۆيدىن قېچىپ چىققان.

مەن چوڭ بىر ماگىزىندا تېلېۋىزوردىن ئۇششاق بالىلارنىڭ موللاق ئېتىپ، بېشىدا چىنە كۆتۈرگەنلىكىنى كۆردۈم. مەنمۇ ئۇلارنى دوراپ موللاق ئېتىپ بېرىۋىدىم، كىشىلەر ماڭا پۇل بەردى.

مەن بېشىمدا چىنە كۆتۈرەلمىگەچكە، پەقەت موللاق ئېتىش، ئىككى قولۇمنى يەرگە تىرەپ، ئىككى پۇتۇمنى ئاسمانغا كۆتۈرۈپ ھاۋاتاپان بولۇپ تۇرۇش بىلەن كوچىلاردا پۇل تېپىپ تاماق يېدىم.

كېيىن مەن بۇ ئاكاشقا ئۇچراپ قالدىم. ئۇ ئۆزىنىڭ نىكاھسىز تۇغۇلغان بالا ئىكەنلىكىنى، نە ئاتا-ئانىسى، نە قارايدىغان ھېچكىمى يوقلۇقىنى ئېيتتى. مەن ئۇنىڭغا مەنمۇ نىكاھسىز تۇغۇلغان، بىز بىرگە ئۆتەيلى دېدىم. ئۇ، ئىككى قولنى يەرگە تىرەپ پۇتنى ئاسمانغا كۆتۈرۈپ ھاۋاتاپان بولۇپ تۇرۇش ئويۇنى بىلەن پۇل تاپقىلى بولمايدۇ، دېدى ھەم ماڭا «يولۋاس ئورۇندۇقى» ئويۇننى ئويناشنى ئۆگىتىپ، مانا بۇ قىزىق بولىدۇ ھەم سەنئەت دەپ ئاتىلىدۇ، دېدى. سەنئەت-پەنئەت دېگەننى مەن چۈشەنمەيمەن، لېكىن بۇ ئويۇندىن راستىنلا پۇل جىق كېلىدىكەن، بىراق خەتىرىمۇ بار. ئوبدان ئوينىيالمىساڭ پۇتۇڭدىن ئايرىلىپ قالىدىغان گەپ. ئاكاشنىڭ

پۈتى مانا مۇشۇ «يولۋاس ئورۇندۇقى» دا ئولتۇرۇپ ئۈزۈلۈپ كەتكەن. ئوبدان تاغا، بىر رەھىم قىلىپ ئازراق پۇل بەرسىڭىز.

يۈرىكىم سىيرىلدى، مەن كۆز يېشىمنى زورىغا بېسىپ ئاران-ئارانلا تۇراتتىم. كۆز ئالدىمدا مۇنداق مەنزىرە پەيدا بولدى: كىچىككىنە ئوغۇل بالا شادلىققا تولغان ئاتا-ئانىسىنىڭ قۇچاقلىشى بىلەن مۇكاپات سەھنىسىگە چىقماقتا، مۇكاپات لوڭقىسىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، تاماشىبىنلارغا تۇختىماي ئېھتىرام بىلدۈرمەكتە.

ئەگەر بۇ ئوغۇل بىر بەختىيار ئائىلىدە ياشىغان بولسا، ئۇنى كۆزگە كۆرۈنگەن چولپان بولۇپ چىقالمايدۇ، دەپ كىم ئېيتالايدۇ؟

## 3. ئەرزان باھالىق بالا ئىشچى

ئۇ بېقىۋېلىنغان، مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئۇ بېقىۋالغۇچى ئۆگەي ئاتا-ئانىسى تەرىپىدىن مىڭ يۈەنلىك ئوزۇقلىنىش پۇلىغا سېتىۋېلىنغان. ئۇنىڭ ئۆز ئانىسى ئۇنى ساتقان پۇلنى ئېلىۋېتىپ زەھەر خەندىلىك بىلەن: «دادىسى ئۇنىڭغا شەپقەت قىلمىغانىكەن، مېنىڭمۇ كارىم يوق» دېگەن. بېقىۋالغان ئاتا-ئانىسىنىڭ ئۇنى بېقىۋېلىشتىكى غەرىزى نېمىدۇ؟ بۇنى پەقەت ئۇلارنىڭ ئۆزىلا بىلەتتى.

بىرنەچچە يىلدىن كېيىن ئۇ خىلى ئىشلارغا ياراپ قالدى. قولۇم-قوشنىلار بارغانسېرى جەزىملەشتۈرگەن ھالدا: «بېقىۋالغان ئاتا-ئانىسىنىڭ ئۇنى بالا قىلىۋېلىشتىكى مەقسىتى پەقەت ئەرزان باھالىق بالا ئىشچى تېپىشتىن ئىبارەت» دېيىشتى.

ئۇلارنىڭ قوشنىسى دەل مېنىڭ سىڭلىمنىڭ خىزمەتدىشى ئىدى. قوشنىلارنىڭ كۆزى ئەڭ ياخشى سىنى ئالغۇغا ئوخشايدۇ.

**بىرىنچى كۆرۈنۈش:**

ئۇ قىلىدىغان ئۆي ئىشلىرىنى ساناپ تۈگەتكىلى بولمايتتى. ئەگەر بىرەر ئىش ئۇنتۇلۇپ قالدىغان بولسا ئۇ بىچارە قاتتىق دۇمبالىنىپ يەيتتى.

ئەتىيازنىڭ بىر كەچلىكى، يېرىم كېچە. ئۇ لايدەك ئېزىلىپ ئۇخلاۋاتاتتى. تۇساتتىن ئۇنىڭ قۇلىقىنى كۈچلۈك بىر قول سوزدى. ئارقىدىنلا غەزەپلىك ۋارقىرىغان ئاۋاز ئاڭلاندى.

— ئەخلەتنى نېمىشقا تۆكمىدىڭ؟

ئۇ قاتتىق چۆچۈپ، ھاپىلا-شاپىلا ئاشخانىغا كىرىپ ئەخلەتنى كۆتۈرگىنىچە سىرتقا قاراپ ئېتىلدى. «دۈك» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ، ئۇ گاراڭلىقتا كېشەككە ئۈسۈۋالدى. ئەتىسى ئۇنىڭ سول كۆزىنىڭ ئەتراپى كۆكىرىپ، كىشىنىڭ قورققۇسى كەلگۈدەك قىياپەتكە كىرىپ قالغانىدى.

**ئىككىنچى كۆرۈنۈش:**

ئۇنىڭ ئۆگەي ئاتا-ئانىسىنىڭ ئىككىلىسى ئاق كېيىملىك پەرىشتىلەر، ئۇلار چېچەن ھەم پاكىز ئىدى. ئۆيدىكى تازىلىق ئۆيىگە ئاياق چاقچۇق ئورنىتىلغان، تەرەت تۇڭىمۇ پاكىز تازىلانغانلىقتىن قاشتېشىدەك يالتىراپ تۇراتتى.

تەرەت تۇڭىنى تازىلاش ئۇنىڭ ۋەزىپىسى ئىدى. ئۇ ھەر ئەتىگىنى بىر قېتىم، كەچلىكى بىر قېتىم تازىلايتتى. تەرەت تۇڭىنىڭ تىرناقتەك يېرى پاكىز بولمىسا تىل-ھاقارەتكە قالاتتى. ئۇ تەرەت تۇڭىنى تازىلاشقا شۇنچە كۈچ چىقارسىمۇ ئىشلىتىش ھوقۇقى يوق ئىدى.

مەيلى زىمىستان قىش ياكى تومۇز ئىسسىق كۈنلىرى بولسۇن، ئۇ ھامان بەشىنچى قەۋەتتىن چۈشۈپ بىنانىڭ سىرتىدىكى ھاجەتخانىغا يۈگۈرەيتتى. بۇ ئېگىز بىنالار قەد كۆتۈرگەن كىچىك ئولتۇراق رايون بولغاچقا، ئەڭ يېقىن ھاجەتخانىمۇ ئۇنىڭ ئۆيىدىن يېرىم چاقىرىم يىراقلىقتا ئىدى.

قىش كېلىشى بىلەن قوشنىلار ھاجەتكە چىقىش ئىشىنى سىڭلىم بىلەن نۇرغۇن قېتىم سۆزلەشتى. بىر قوشنا مۇنداق دېدى:

— مەن قىش كۈنى كېچىسى ھاجەتكە چىقىشتىن ئەڭ قورقىمەن. ھەر قېتىم تەرەت قىستاپ كېتىپ ئورنۇمدىن تۇرۇشقا توغرا كەلگەندە، ھېلىقى بالىنى ئويلاپلا غەيرەتلىنىپ تۇرۇپ كېتىمەن. تازىلىق ئۆيىدە سوغۇقتىن غال-غال تىترەپ تۇرغان چېغىمدا ھېلىقى بالىنى ئەسلەپ قالىمەن. ئۇ ھاجەتكە چىقىش ئۈچۈن قانچىلىك جاپا چېكىدىغاندۇ!

بۇ ئاق كېيىملىك ئىككى پەرىشتىنىڭ كۆڭلى نېمانداق قارىندۇ-ھە!

## ئۈچىنچى كۆرۈنۈش:

بىر قېتىم قوشنىلار بۇ ئۆيگە بىر ئىش بىلەن كىرىپ كەلدى. بۇ چاغدا ئۆيدىكىلەر ئەمدىلا كەچلىك تاماقنى يەپ بولغانىدى. ئەر خوجايىن ئۇخلاش كىيىمى كىيگەن ھالدا سافادا بەدەشقان قۇرۇپ گېزىت كۆرۈۋاتاتتى. ئايال بولسا پىخىرامان چىشىنى كوچىلىغىنىچە تېلېۋىزور كۆرۈۋاتاتتى.

ئائىلىدىكى ئۈچ جان ئىچىدە پەقەت ئۇلا، بىر بالىلا تېخىچە پايپېتەك بولۇپ يۈرەتتى. ئۇ ئۈستەلنى سۈرەتتى، يەر سۈپۈرەتتى، قاچا-قومۇچلارنى يۇياتتى. خۇددى ماشىنا ئادەمدەك تىنىمسىز ئىشلەيتتى. بالا ئىشنى تۈگىتىپ بولۇپ، بىر داس يىلمان سۇنى ئايال خوجايىننىڭ پۇتى ئالدىغا قويدى.

— ئادەم بارلىقىنى كۆرمىدىڭمۇ!؟ بىرئازدىن كېيىن يۇيىمەن، — دېدى ئايال چىرايى ئۆڭگەن ھالدا.

بالا داستى ئەكىرىۋېتىپ قايتىپ چىقتى-دە، قورۇنغان ھالدا:

— ئاپا، مۇئەللىم ساۋاقداشلار ئارا دوستلۇقنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، سىنىپ باشلىقىغا كۆپچىلىك بىرلىكتە تۇغۇلغان كۈننى خاتىرىلەشنى بۇيرۇدى. كىمنىڭ تۇغۇلغان كۈنى كەلسە، شۇ كىشى ئەڭ خۇشال بولىدىكەن، كۆپچىلىك بىرلىكتە تۇغۇلغان كۈننى خاتىرىلەپ سوۋغات تەقدىم قىلىدىكەن، — دېدى.

ئۆگەي ئانا چىرايىنى بۇزغان ھالدا:

— مۇئەللىمىڭگە ئېيتىپ قوي، سېنىڭ تۇغۇلغان كۈنۈڭ يوق! — دېدى. ئۇ ئۈن-تىن چىقارمىدى. ئۇنىڭ چانىقىدا ياش لىغىرلاپ قالغانىدى.

## 4. ئىپپىتىنى يوقىتىشنىڭ ئازابى

ئاياللارنى ئېلىپ-سېتىش ئىنسانىيەتنىڭ جاھالەتلىك دەۋرىدە پەيدا بولغان جىنايەتتۇر. بۇ جىنايەتنى سادىر قىلغۇچىلار ئادەم سودىگەرلىرى، ئادەم قىياپىتىگە كىرىۋالغان يىرتقۇچ ھايۋانلار، ۋەھشىي ئالۋاستىلاردۇر.

ئالۋاستى ئاچكۆزلۈك بىلەن ئۆز ئۆلجىسىنى ئىزدىمەكتە.

قاماقتا يېتىۋاتقان شەنشىلىك جىنايەتچى چېن جىگاڭ مۇنداق دەيدۇ:

— بىز ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئوۋ ئۆلجىلىرى قىز تىلەمچىلەر، يېتىم قىزلار. بۇنداق ئۆلجىلار ئۆلۈپ كەتسىمۇ جەسىتىنى تونۇۋالىدىغانغا ئادەم چىقمايدۇ.

خېنەن شىنياڭلىق تىلەمچى قىز لى لى مۇشۇ ئالۋاستىلارنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغۇچىلارنىڭ بىرى.

لى لى — نىكاھسىز تۇغۇلغان بولۇپ، بۇنىڭ ئۆزىلا يېتىپ ئاشقۇدەك بەختسىزلىك ئىدى. ئۈچ يېشىدا بۇ دۇنيادىكى بىردىنبىر يېقىن ئادىمى — ئانىسىنىڭ كېسەل بولۇپ بۇ ئالەم بىلەن خوشلاشقانلىقى بەختسىزلىك ئىچىدىكى چوڭ بەختسىزلىك بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن قاسماق بىر موماي ئۇنى يېتىلەپ تىلەمچىلىك كوچىسىغا قەدەم باستۇردى.

پاسكىنا توپا-تۇپراق ئاستىدا قالغان بىر تال ئۇرۇق يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن پەيدىنپەي يىلتىز تارتىپ، بىخ سۈرۈپ، چېچەكلىدى.

ئون ئۈچ ياشقا كىرگەندە گەرچە ئۇنىڭ چىرايى كىشىنى قورقۇتقىدەك پاسكىنا، بەدىن-

www.uyghurkitap.com

دىن كىشىنى يىرگەندۈرگىدەك سېسىق پۇراق چىقىپ تۇرسىمۇ، گۈزەل رۇخسارى يەنىلا نۇرلىنىپ تۇراتتى. ئۇ ئاللىقاچان چىن جىگاڭ قاتارلىق ئۈچ ئادەم سودىگىرىنىڭ نىشانى بولۇپ قالدىغىنىنى كىم بىلسۇن؟!

ئەگەر ئۇ ناتونۇش كىشىلەرگە ئۆزىنىڭ كېلىپ چىقىشىنى ئاسانلىقچە ئاشكارىلىمىغان بولسا، بەلكىم بۇ ئاپەتتىن قۇتۇلۇپ قالغانمۇ بولاتتى. ئەپسۇس، ئۇ كىشىلەردىن ئېھتىيات قىلالمىدى. چىن جىگاڭنىڭ قولىدىكى بىرمو پۇل، ئۇنىڭ كېلىپ چىقىشىنى سۈرۈشتۈرۈپ ئاپئاشكارا قىلىۋەتتى.

شۇنىڭ بىلەن چىن جىگاڭ ھەرىكەتنى باشلىدى.

— يۈرۈڭ، بىز بىلەن گەنسۇغا بېرىپ تېلېۋىزىيە تىياتىرى ئىشلىشىپ بېرىڭ. بىز گەنسۇ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدىن، ھازىر دەل بىر نەپەر تۇرمۇش تەجرىبىسىگە ئىگە قىزنى تىياتىردىكى تىلەمچى قىز رولىنى ئىشلىشقا تاللىماقچى بولۇۋاتاتتۇق. سىزنىڭ يېشىڭىز، تەن قۇرۇلۇشىڭىز، ئوبرازىڭىز ئۇنىڭغا ناھايىتى مۇۋاپىق كېلىدىكەن.

لى لىنىڭ كۆزلىرى قېتىپ قالدى. ئاددىي بىر تىلەمچى قىز بىر سەكرەپلا ئەرشكە چىققاندەك ئارتىسكىغا ئايلانسا، بۇنىڭغا يەنە ئارتۇقچە ئويلاپ ئولتۇرۇش كېتەمدۇ؟ ئۇ كۆز يۇمۇپ-ئاچقۇچىلىك تېزلا ماقۇل بولدى.

لى لى موماي بىلەن خوشلىشىپ، ئۆزىنىڭ كونا بوقچىسىنىمۇ ئالماستىن «فىلىم گۇرۇپ-پىسى» دىكىلەر بىلەن بىرلىكتە گەنسۇغا يول ئالدى.

ئۇلار پويىزدا بىرنەچچە كېچە-كۈندۈز ماڭدى. پويىزدىن چۈشۈپ ماشىنىغا ئولتۇردى. ئەڭ ئاخىرىدا ئۇلار تۆت كىشى كىچىك تاغلىق كەنتتىكى بىر ئائىلىگە كىردى.

بۇ ئائىلىنىڭ ئىگىسى بىر ئورۇق بوۋاي بولۇپ يۈزلىرى ياغاچ پوستىدەك قورۇلۇپ كەتكەنىدى. ئۇ چىشلىرىنى ھىڭگايتقىنىچە ئۇنىڭ بېشىدىن-تاپىنىغىچە بىر قۇر سەپسېلىپ، توختىماستىن «ھى.. ھى...» دەپ كۈلەتتى. كېيىن بوۋاي بېشىنى لىڭشىتىپ، كاڭدىكى ياغاچ ساندۇقتىن بىر تۈگۈنچەكنى ئېلىپ، چىن جىگاڭ قاتارلىق ئۈچ كىشى بىلەن سىرتقا چىقىپ كەتتى.

بوۋاي ئۆيگە يېنىپ كىرگەندىن كېيىن، ئىشىك «گۈپ» قىلىپ يېپىلدى. لى لى ھەدەپ يىغلىدى. جان ئاچچىقىدا تولغاندى. قاتتىق ئېلىشىشلارنىڭ ھەممىسى نۆلگە تەڭ بولدى.

ئاھ، ئۇ ئەمدىلا ئون ئۈچ ياشقا كىرگەن قىز ئىدىغۇ؟!

سانسىزلىغان ئائىلىلەردە بۇ ياشتىكى قىزچاقلار يەنىلا ئاتا-ئانىسىغا ئەركىلەپ يۈرىشىدۇ! بىراق ئادەم سودىگىرى تەرىپىدىن سېتىۋېتىلگەن بۇ قىزچاق «خوتۇن» سۈپىتىدە ئۇنى پۇلغا سېتىۋالغان قېرى تەرىپىدىن دەپسەندە قىلىنماقتا ئىدى.

ئۇ ئىلگىرى-كېيىن ئۈچ قېتىم قاچقان بولسىمۇ، ھەر قېتىم تۇتۇلۇپ قېلىپ قايتۇرۇپ كېلىندى.

ئۇ قېرى شۇنچىلىك رەھىمسىز ئىدىكى، ھەر قېتىمدا ئۇنى گۆشلىرى تىتىلىپ كەتكۈچە ئۇرۇپ، قارىغۇسىز قىلىۋېتەتتى. بىراق ئۇ يەنىلا داۋاملىق قېچىش نىيىتىدىن يانمىدى.

بۇ زالىم قېرى ئۇنى يوغان بىر تال زەنجىر بىلەن ئۆيگە سولاپ، قاچمەن دېسىمۇ قاچالمايدىغان قىلىپ قويدى. پەقەت كەچلىكى، قېرى ئۇنىڭ بەدىنىدىن ئۆزىنىڭ ھاۋايى ھەۋىسىنى قاندۇرماقچى بولغاندىلا ئاندىن ئۇنى تۆمۈر زەنجىردىن ئازاد قىلاتتى.

بىر كۈنى كەچتە ئۇ قېرى، لى لىنىڭ ئۈستىدە يېتىپلا توساتتىن مىدىرلىيالماي قالدى. كېيىن تەكشۈرۈش ئارقىلىق يۈرەك مۇسكۇل تىقىلمىسى بىلەن تۇيۇقسىز ئۆلۈپ قالغانلىقى

مەلۇم بولدى.

لى لى شۇندىلا ئازاد بولدى، بىراق ئۇنى يەنە قايسى قىسمەتلەر كۈتۈپ تۇر-دىغاندۇ؟ ..

## 5. پۇل ئارقىلىق قايتۇرۇپ كېلىنگەن كىچىك ھاياتلىق ئىگىسى

شياۋيۈن خىلمۇ خىل سەۋەبلەر بىلەن نىكاھسىز بىر بالا تۇغۇپ قويدى. بويىغا يېتىپ قالغان قىزنىڭ بالا بېقىشى كىشىنىڭ يۈزىنى سىيرىيدىغان ئىش بولغاچقا، شياۋيۈننىڭ ئاتا-ئانىسى مەسلىھەتلىرىنى پىشۇرۇپ، بالىنى يەڭ ئىچىدىلا خەققە بېرىۋەتتى.

ئاتا-ئانىسى شياۋيۈنگە بالا چاچراپ كەتتى، دېدى. ئويلىمىغان يەردىن بىر سېستىرا ئاغزى ئىتتىكلىك قىلىپ، بالىنىڭ خەققە بېرىۋېتىلگەنلىكىنى شياۋيۈنگە بىلدۈرۈپ قويدى.

شياۋيۈن شۇ ھامانلا ھۆڭرەپ يىغلاپ كەتتى.

بالا دېگەن ئانىنىڭ يۈرەك باغرى-دە! شياۋيۈن ئاتا-ئانىسىغا بالىنى قايتۇرۇپ ئەكېلىپ بېرىڭلار دەپ يېمەي-ئىچمەي يېتىۋالدى.

بوۋاي بىلەن موماي قىزىغا، بويىغا يەتكەن قىز بالا بېقىپ يۈرسە نومۇس ئەمەسمۇ، بالىنى خەققە بېرىۋەتسەك بۇ سەتچىلىكمۇ يېپىلىپ قالدۇ، دەپ نەسىھەت قىلغان بولسىمۇ شياۋيۈن تەرسالىق قىلىپ تۇرۇۋالدى. ئۇ بەرىبىر يۈز تۆكۈلىدىغان ئىش بولۇپ بولغاندى-كىن، تۆكۈلسە تۆكۈلمەمدۇ، قانداقلا بولمىسۇن بالىنى خەققە بېرىۋەتسەك بولمايدۇ، بىر ئۆمۈر ياتلىق بولمىساممۇ مەيلى، بالىنى ئۆزۈم بېقىپ چوڭ قىلىمەن دەپ تۇرۇۋالدى. ئاتا-ئانىسى قوشۇلمىغانىدى، ئۇ بىراقلا ئاچلىق ئېلان قىلدى ھەمدە گلىيۇكوزا بىلەن ھاياتىنى قامداشنىمۇ رەت قىلىپ ئۆلۈپلا تۈگەشمەكچى بولدى.

بوۋاي بىلەن موماي قىزىغا ئىچى ئاغرىپ، ئامالسىز قىزىغا بالىسىنى چوقۇم قايتۇرۇپ ئەكېلىپ بېرىشكە ماقۇل بولدى. شۇندىلا شياۋيۈننىڭ چىرايىدا سۇس تەبەسسۇم جىلۋىلىنىپ زورلاپ تاماققا كىرىشتى.

بوۋاي بىلەن موماي دەللال تاپتى ۋە سانسىز قېتىم نۇرغۇن سوۋغا-سالاملارنى بېرىپ يۈرۈپ، ئاخىرى دەللالنى ياردەملىشىپ بالىنى قايتۇرۇپ كېلىشكە ئۇناتتى.

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن دەللال، ۋاڭ ئائىلىسى بالىنى باشقا خەققە بېرىۋېتىپتۇ دېگەن ئۇچۇرنى بەردى.

بوۋاي بىلەن موماي بۇنىڭغا ئىشەنمەي، بىر ماشىنىنى كىرا قىلىپ دەللالنى ئېلىپ ۋاڭ ئائىلىسىگە ھەقىقىي ئەھۋالنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگىلى باردى. ۋاڭ ئائىلىسى يالغان ئېيتماپتۇ، ئۇلار بالىنى نەنجىڭدا تۇرۇشلۇق شېن فامىلىلىك بىر تۇغقىنىغا بېرىۋەتكەنىكەن.

بوۋاي بىلەن موماي مەسلىھەتلىشىپ، موماي ئۆيدە قىزىغا قارايدىغان، بوۋاي ئۆزى يالغۇز نەنجىڭغا نەۋرە قىزنى ئىزدەپ بارىدىغان بولدى.

نەنجىڭغا بارغاندىن كېيىن بوۋاي شېن ئائىلىسىنى تاپتى. شۇغىنىسى، شېن ئائىلىسى بالا بەك قەغىشلىك قىلىپ كەتكەچكە، نەچچە كۈننىڭ ئالدىدا شاڭخەيدە تۇرۇشلۇق جاڭ فامىلىلىك بىر يەككە تىجارەتچىگە بېرىۋەتكەنلىكى-نى ئېيتتى.

بوۋاينىڭ قىزىغا ئىچى ئاغرىپ كەتكەچكىمۇ ياكى قىز نەۋرىسىگە بولغان مېھرى-مۇھەببىتىنىڭ چوڭقۇرلۇقىدىنمۇ بوۋاي بۇ گەپنى ئاڭلاپلا ئايلىنىپ قالدى.

ئۇ شاڭخەيگە بېرىپ ھېلىقى يەككە تىجارەتچىنى تاپقاندا، خەق ئۇنىڭغا: بالىغۇ ئۆيدە بار، بىراق بىز شېن ئائىلىسىگە 3500 يۈەن تۆلىگەن، پۇلنى تۆلىسەڭلار ئاندىن بالىنى قايتۇرۇپ بېرىمىز، دېدى.

بوۋاي داۋاملىق چاپتى، نەنجىڭغا —

شېئىر ئائىلىسىگە قايتتى. شېئىر ئائىلىسى ئۆزلىرىنىڭ ۋاڭ ئائىلىسىگە 2500 يۈەن بېقىۋېلىش پۇلى بەرگەنلىكىنى، ۋاڭ ئائىلىسى ئۈچۈن بىكاردىن-بىكار بۇ پۇلنى چىقىرالمايدىغانلىقىنى ئېيتتى.

بوۋاي ئۈچ-تۆت ئايغىچە ئۇياقتىن-بۇياققا قاتراپ يۈرۈپ، ئاخىرى قىز نەۋرىسىنى ئۆيىگە قايتۇرۇپ ئېپكەلدى.

قىز نەۋرىسى تۇغۇلغان چېغىدا ئېغىرلىقى يەتتە جىڭ سەككىز سەر چىققانىدى. قايتۇرۇپ ئېپكەلگەندىن كېيىن ئۆلچىۋىدى، ئېغىرلىقى ئاشمايلا قالماستىن يەنە بىر سەر كەم چىقتى.

قىز نەۋرىسى ئاخىرقى ھېساپتا بەختسىزلىك ئىچىدىن بەختنى تېپىپ، نەچچە ئايلىق ئوڭۇشسىزلىقلارنى باشتىن كەچۈرۈپ، ئاخىرى ئاپىسىنىڭ قوينىغا قايتىپ كەلدى. بىراق بالا مەھرۇم قالغان نەرسىنى قايتۇرۇپ كەلگىلى بولاتتىمۇ؟

**قىسقا ئويلىنىش:**

كىشىلىك ھاياتتا ھەر خىل ئۆلۈم-يېتىم، بالايى-قازالار بىزگە ھەر خىل روھىي ھەم جىسمانىي ئازابلارنى ئېلىپ كېلىدۇ، بۇ ئازابلار-دىن ھەرقانداق ئادەم قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا ئادەملەرنىڭ ئۆزىگە باغلىق بولغان يەنە بىر خىل ئازابمۇ بار. بىز بۇنىڭدىن تامامەن ساقلىنالىشىمىز مۇمكىن ئىدى-يۇ، بىراق ئۆزىمىز پەيدا قىلغان بۇ خىل ئازابتىن ساقلىنالمايۋاتىمىز.

ھازىرغا قەدەر نۇرغۇنلىغان نىكاھسىز تۇغۇلغان بالىلار يەنىلا بۇ خىل سۈنئىي ئازابنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلالمايۋاتىدۇ.

بۇنى بىر خىل تراگېدىيە دېمەي بولمايدۇ. ئادەمنىڭ ۋىجدانى، ئادەمگەرچىلىكى، مېھرى-مۇھەببىتى...نەچچە با تامامەن بەربات بولۇپ تۈگەشكەندىمۇ؟

ئانىنىڭ قوينى، بالا ئۈچۈن راھەت ماكان، ئىللىق بۆشۈك، ئانىلارنىڭ مۇڭلۇق ئەللەيى قوشىقى قانچىلىغان بالىلارنى شېرىن چۈش قوينىغا ئېلىپ كىرىدۇ. نىكاھسىز تۇغۇلغان بالىلارنىڭ بۆشۈكىمۇ راھەت ھەم بەختلىك بولۇشى كېرەك ئىدىغۇ! ئاھ، پېقىملىق ھەم مۇڭلۇق «ئەللەي قوشىقى»! سەن نىكاھسىز تۇغۇلغان بىچارە بالىلارنىڭ ئەتراپىدا مەڭگۈ ياڭراپ تۇرغايسەن!

## ئىككىنچى باب: بىنورماللاشقان روھىي ھالەت

ئاۋادا نىكاھسىز تۇغۇلغان بالىلارنىڭ روھىي دۇنياسىغا ئىچكىرىلەپ كىرسەك بىر نۇرغۇنلىغان سەبىي قەلبلەرنىڭمۇ بىنورمال بولۇپ قالغىنىنى، ياتلىشىپ كەتكىنىنى بايقىيالايمىز. بىز ئۇلاردىكى ھەقىقىي تراگېدىيىلىك خاراكتېر ئامىلىنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ باقايلى.

### 1. خۇشال سەرگەردان بالا

بىر قاراشتىلا ئۇنىڭ تىلەمچى بالا ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولاتتى. تىلەمچى تىلغا ئېلىنسا، چوقۇم جۇل-جۇل كىيىم ھەم سىزگە قاراپ سوزۇلغان مەينەت قوللار كۆز ئالدىڭىزغا كېلىدۇ.

بىراق ئۇنىڭ قىياپىتى باشقىچە ئىدى. تيەنجىن شەھىرى پويىز ئىستانسىسىنىڭ يېنىدىكى ئېگىز پەلەمپەيلەردە ئۇ ئۆزى يالغۇز بىر قولىدا كوكا كولا قۇتىسى، يەنە بىر قولىدا مايلىرى ۋالىلداپ تۇرغان توخۇ پۇتىنى كۆتۈرۈۋېلىپ مەغرۇر ھەم نوچىلىق بىلەن مەززە قىلىپ يەۋاتاتتى.

ئۇنىڭ بۇ ھالىتى ناھايىتى جۇشقۇن كۆرۈنەتتى. مەن ئۇنىڭ يېنىغا باردىم. ئىككىلەن ناھايىتى تېزلا قىزىق پاراڭغا چۈشۈپ كەتتۇق.

ئۇ ئۆزىنىڭ ئىسىم-فامىلىسىنى، قانچە ياشقا كىرگەنلىكىنى بىلمەيدىكەن، ھەتتا ئۆزىنىڭ قانداق چوڭ بولغانلىقىنىمۇ بىلمەيدىكەن.

ئۇ ئۆزىنىڭ نەمۇ-نەلەردە سەرگەردان بولغانلىقىنى، يەرنى سېلىنچا، ئاسماننى يېپىنچا قىلىپ ياتقانلىقىنى، بەزى جىق يەۋېلىپ، بەزى ئاچلىقتىن يېرىم جان بولۇپ قالغانلىقىنىلا ئەسلىيەلەيدىكەن. ئۇ بېقىۋېلىنغان بولسىمۇ، بىراق ئۇنداق بېقىندىلىقتا چىدىماي قېچىپ چىققان. ئۇ يىغىۋېلىش ئورنىغىمۇ نۇرغۇن قېتىم يىغىۋېلىنغان، نەچچە كۈن تۇرمايلا پۇرسەت تېپىپ ئاستا تىكىۋەتكەنىكەن. ۋاھ، يەنىلا سىرت راھەتكەن. ئادەملەر، كوچىلار، ماشىنىلار، نېمىدېگەن ئاۋات-ھە!

ئۇنىڭ بىر جۈپ ئويناپ تۇرىدىغان كۆزلىرى ۋە كۈلۈپلا تۇرىدىغان خۇش چاقچاق مىجەزى كىشىنىڭ ئامراقلىقىنى كەلتۈرەتتى.

نەچچە ئاينىڭ ئالدىدا خېلى ئابرويلۇق خېنىملىك بىر كىشى ئۇنىڭغا ئارقىمۇ-ئارقا نەسىھەت قىلىپ ئۇنى ئۆيىگە ئېلىپ كېتىپتۇ.

ھېلىقى كىشى ئۇنىڭغا ئېنىق قىلىپ ئۆزىنىڭ ھېچقانداق بالىسى يوقلۇقىنى، پەقەت گەپ ئاڭلىسىلا ئۇنى بالا قىلىۋالىدىغانلىقىنى، پۇلنى خالىغانچە ئىشلىتىشكە بېرىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ.

ئاسماندىن گۆش، نان چۈشكەندەك بۇ ياخشى ئىش ئۇنى ناھايىتى خۇش قىلىۋېتىپتۇ. بۇ ئائىلە ناھايىتى ئازادە بولۇپ، كىچىك پىكابى، غەربچە بىناسى، توڭلاتقۇ، رەڭلىك تېلېۋىزور، ئىشقىلىپ نېمە خالىسا شۇ تېپىلىدىكەن.

بىر نەچچە كۈن تۇرۇپلا ئۇ، بۇ ئائىلىگە كۆنەلمەي زېرىكىپتۇ، تاماق يېگەندە چوكا ئىشلىتىش قول بىلەن يېگەندەك قولايلىق تۇيۇلماپتۇ، ئۇخلىغاندىكى كىيىمنى سېلىپ ئۇخلايدىغان ئاۋارىچىلىقنى بىر دېمەك، ئۇ كۆنەلمەي زادى ئۇخلىيالماپتۇ، تەرەتكە چىققاندا ئۆيگىلا ئولتۇرىدىغان گەپكەن. بۇ خۇددى ئادەمنى تىرىك تۇرغۇزۇپ سويغاندەك بىلىنىپتۇ. ئۇنىڭ ئەڭ ئېغىر ئالغىنى، ئۇ ئۇلارنى دادا، ئاپا دەپ چاقىرىشى بوپتۇ. ئاناڭنى، خوش ياقسا بوۋا، موما، بۇزرۇكۋار دەپ چاقىرسىمۇ مەيلى، خوش ياقمىسىمۇ ئۇنى دادا دېگۈزەمدىكەن.

ئەڭ ئاخىرىدا ئۇ يەنىلا ئۇ يەردىن قېچىپ چىقىپتۇ.

پويىز ۋوگزالىغا كىرەي دەپ قالغانىدى.

— مەن كېتىدىغان بولدۇم، — دېدىم مەن.

— تاغا، رەھىم قىلىپ ئازراق پۇل بېرىڭا؟

تۇرۇپلا قالدىم، شۇنچە ئۇزاق پاراڭلىشىپمۇ ئايرىلىدىغان چاغدا ئۇ ئۆزىنىڭ كەسپىنى ئەستىن چىقىرىپ قويمىغانىدى.

ئۇ مېنى سەدىقە بېرىشنى خالىمايۋاتىدۇ دەپ ئويلىغان بولسا كېرەك، يانچۇقىدىن ئالقانچە كېلىدىغان بىر دانە كىچىك دەپتەرچىنى چىقىرىپ ماڭا سۇندى:

— تاغا، دېگەنلىرىم راست. مەندەك ئاتا-ئانىسى يوق، نىكاھسىز تۇغۇلغان بالىغا رەھىم قىلىپ قويۇڭ.

پاسكىنىلىشىپ كەتكەن بۇ دەپتەرچە مېنىڭ قىزىقىشىمنى قوزغىدى. ئەجەبا، قانداقتۇر تامغا بېسىلغان ھۆججەتنى كىملا كۆرسە شۇ سەدىقە بېرىدىغان ئىشمۇ بارمىدۇ؟

دەپتەرچە خۇددى ئۇزاق مۇددەت ئاشخانىدا تۇرۇپ مايلىشىپ كەتكەندەك تۇتسا يېپىشقاق تۇيۇلاتتى، ئېچىپ قارىسام قىڭغىر-قىيسىق بىر نەچچە قۇر يېزىلغان خەتلەر كۆزۈمگە چېلىقتى.

بۇ قىزىل خەت قان بىلەن يېزىلغانىدى:

« بىچارە بالام، ئاپاڭنى كەچۈرگىن، ئاپاڭ مەسلىسىز خاتالاشقان، سېنى تۇغماسلىقىم، ساڭا نىكاھسىز تۇغۇلغان دېگەن قالپاقنى كىيدۈرمەسلىكىم كېرەك ئىدى. ئاپاڭنىڭ ساڭا قاراشقا، كىشىلەرگە قاراشقا يۈزى يوق، شۇڭا كېتىشكە مەجبۇر بولدۇم. سۇڭخۇاجياڭ دەرياسى ئاپاڭنىڭ قايتار ماكانى. سەن چوڭ بولغاندا ئاپاڭنى سېغىنىپ قالساڭ دەريا بويىغا

www.Tarkitap.com

كەلگىن، بۇ ئاپاڭنى كۆرگىنىڭگە باراۋەر.

سەن 1979-يىلى 6-ئاينىڭ 1-كۈنى تۇغۇلغان، ئېسىڭدە بولسۇن، بۇ كۈن خەلقئارا باللار بايرىمى.

بۇ ئاپاڭنىڭ ئۆلۈم ئالدىدىكى خېتى.»

ياندىكى بىر بەتكە چىرايلىق بىر قىزنىڭ سۈرىتى چېك چاپلىۋېتىلگەنىدى، ئۇنىڭ مسكىنلىك ۋە سەممىيلىك چىقىپ تۇرىدىغان يوغان بىر جۈپ كۆزلىرى خۇددى تىرىكتەكلا ماڭا تىكىلىپ تۇراتتى.

نېمىشقىدۇر، بۇرنۇم ئېچىشىپ يىغلىغۇم كەلدى.

— سەن ئاپاڭنى كۆرگىلى بېرىپ باقتىڭمۇ؟

— سورىدۇم مەن ھەسرەتكە تولغان ھالدا سەرگەردانىدىن.

ئۇ بېشىنى چايقىدى.

— بېرىپ كۆرۈپ كەل.

— كۆرگۈدەك نېمىسى بار، ناھايىتى بىر دەرياغۇ، سۈيى شارقىراپ ئاقىدۇ شۇ.

قىلچە ھېسسىياتسىز گەپ.

ئۇ «شارت» قىلىپلا قولۇمدىن ھېلىقى دەپتەرچىنى تارتىپ ئېلىپ يانچۇقىغا تىقىۋالدى، ئۇنى توسۇشقا ئۈلگۈرەلمەي قالدىم.

قانداقلا بولمىسۇن 13 يىل ئۇرۇلۇپ-سوقۇلۇپ يۈرۈپمۇ يەنىلا دەپتەرچىنى قەدىرلەپ قوينىدا ساقلاپ كېلىۋېتىپتۇ. بۇنىڭدىن ئۇنىڭ قەلبىدە ئاپىسىنى ھازىرمۇ ئەسلەيدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

— بۇنى يېتىلىرۈۋەتسەم بولمايدۇ، بىلەمسىز؟ بۇ نەرسىنىڭ پايدىسى كۆپ، كىم كۆرسە شۇ كىشى جىق پۇل بېرىدۇ. ھەم، مەندەك دادىسى-ئاپىسى يوق يېتىم يامانمىكەنمەن.

مەن ئاچچىق كۈلۈپ قويدۇم، ئەسلىدە بۇ دەپتەرچە ئۇنىڭ نەزىرىدە پەقەت تىلەمچىلىك قورالىلا ئىكەن-دە!

سەرگەردان بالا، سەن غەم-غۇسسىسىز، ئەركىن-ئازادە ئۆتكۈزگەن بىر كۈنىڭ كىشىلىك ھاياتىڭغا بىر كۈن ھېسابلىنىپ ئۆتۈۋەرسە راستىنلا خۇشال بولالامدىغانسەن؟!

بۇنىسى ماڭا نامەلۇم، بىراق شۇنىسى ئېنىقكى، ئۇ پەقەت تىرىك ياشاۋاتقان مۇردىلا خالاس.

بەربات بولىدۇ، كىچىك بىر پەرىشتە مانا مۇشۇنداق بەربات بولىدۇ.

## 2. ئاھ تەڭرى، مېنىڭ روھىمنى قۇتقۇزۇۋال

چېركاۋنىڭ قوڭغۇراقلىرى چېلىندى.

سادىق مۇخلىسلار خۇددى يېنىدا ھېچكىم يوقتەك جىمجىت ئولتۇرۇپ ئىبادەت قىلىشىۋاتاتتى، ساپ ئاماكىنىڭ ئۆتكۈر خۇش پۇراقلىرى چېركاۋ ئىچىدىن خۇددى يۇقۇقا شايىدەك لەيلەپ چىقىۋاتاتتى.

پەقەت بۇ يەردىلا لېپ شياۋيەن بىر خىل ئازادىلىك، دوزاختىن جەننەتكە چىققاندەك ئاراملىق ھېس قىلاتتى. كوچىدا شياۋيەن رەمباللارغا يوشۇرۇنچە رەم سالدۇرۇپ باققان، رەمبال ئۇنىڭغا تۇغۇلۇشىڭىزدىنلا پېشانىڭىز شور ئىكەن، بۇ دۇنيادا راھەت كۆرمىسىڭىزمۇ ئۇ دۇنيادا بەختىڭىز ئېچىلىدىكەن، دېگەنىدى. دېمىسىمۇ رەمبال تاپقانىدى.

شاۋيەن تاشلىۋېتىلگەن بوۋاق بولۇپ، ھېچقانداق پەرزەنتى بولمىغان بىر جۈپ بوۋاي-موماي ئۇنى چېركاۋنىڭ ئىشىكى ئالدىدىن تېپىۋېلىپ ئۆيىگە ئەكىلىۋالغانىدى. ئۇنىڭ تىلى چىقىپلا بۇ قېرى ئىككىيلەننى بوۋا، موما دەپ چاقىردى. بوۋاي بىلەن مومايىنىڭ ئىككىسىلا دىنغا ئېتىقاد قىلاتتى، بولمىسا ئۇلاردا بۇنداق ئاق كۆڭۈللۈك نېمە ئىش قىلسۇن؟!

ئۇ بوۋاي بىلەن مومايىنىڭ ئۆزىنى كۆڭلى يېرىم بولمىسۇن دەپ ئەنسىرەپ، ئۇنىڭ كېلىپ چىقىشىنى يوشۇرۇۋاتقانلىقىنى بىلەتتى، بىراق يوشۇرۇپمۇ يوشۇرۇپ قالالمىدى.

ئۇ ئۆزىنىڭ كېلىپ چىقىشىنى بىلگەنىدىن

كېيىن ئۈن سېلىپ قاتتىق يىغلىدى ھەم بوۋاي-مومايغا ئېخمۇ ئېچىل بولۇپ كەتتى. ئۇ قوشنىلارنىڭ ئۆزىنىڭ كەچمىشنى بىلگەنلىكىنى ئۇققاندىن كېيىن قوشنىلاردىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ يۈرۈشكە باشلىدى.

بىر كۈنى ئۇ قوشنا بىر ئايالنىڭ باشقىلار بىلەن ئۆزىنىڭ كېينى قىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ يۈرىكى ئەلەمدىن تىترەپ كەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ قوشنىلارنى كۆرسە بېشىنى تۆۋەن سېلىپلا ئۆتۈپ كېتىدىغان بولدى.

يەنە بىر كۈنى ئۇنىڭغا بىر ساۋاقدىشى ئۇنىڭ تاشلىۋېتىلگەن بوۋاق ئىكەنلىكىنى، يەنە كېلىپ تاشلىۋېتىلگەن بوۋاقلارنىڭ ئوندىن توققۇزىنىڭ نىكاھسىز تۇغۇلغان بالا ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. ئۇ، بۇ گەپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن پۈتۈنلەي ئۆزگىرىپ باشقىچىلا بىر ئادەم بولۇپ قالدى.

ئۇنىڭ ھېس قىلىشىچە، بۇ دۇنيا گويا بىر دوزاخ، بارلىق ئادەملەر ئىككى يۈزلۈك ئالۋاستىلار ئىدى. ئەلۋەتتە، بوۋاي بىلەن موماي بۇنىڭ سىرتىدا. چۈنكى ئۇلار تەڭرى بۇ دۇنياغا ئەۋەتكەن ئاق كۆڭۈل پەرىشتىلەر ئىدى.

ئۇ ئاللاغا ئىشىنىشكە باشلىدى. ئازاب-ئوقۇبەت، كەمسىتىش ۋە خورلۇق بولمىغان جەننەتكە ئىنتىزار بولاتتى.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ بوۋاي بىلەن مومايدىن ئۆزىنى چىركاۋغا ئېلىپ بېرىشنى ئۆتۈندى، پوپتىن چىركاۋغا كىرىشكە رۇخسەت قىلىشنى ئىلتىجا قىلدى.

پوپ شۇنچىلىك پاك، شۇنداقلا ئاجايىپ كامالەت ئىگىسى بولۇپ، ئۇنىڭ ئاۋازىمۇ شۇنچىلىك ياڭراق، مۇڭلۇق ۋە تەسىرلىك ئىدى.

— بالام، ئاللاغا ئىشەن، ئاللا ھەممىگە قادىردۇر، ئۇ ھەرقاچان سەن بىلەن بىللە، ئامىن!

دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكى دۆلىتىنىڭ ھەر بىر گراژدانىغا بەرگەن ھوقۇقى.

لېيشياۋيەندىن ئىبارەت كەلگۈسىدىكى كىچىك گراژدان خۇدا يولىنى تاللىدى، بۇنىڭغا ھەرقانداق كىشىنىڭ ئارىلىشىش ھوقۇقى يوق، بىراق يېڭى جۇڭگودا تۇغۇلغان، قىزىل بايراق ئاستىدا ئۆسكەن، ئەمدىلا 12-13 ياشقا كىرگەن قىزچاق نېمىشقا بۇ يولنى تاللايدۇ؟

بۇ مەسىلە بىزنىڭ ئەستايىدىل جاۋاب بېرىشىمىز ۋە ئويلىنىشىمىزغا تولىمۇ ئەرزىيدۇ.

## 3. ياۋايىلىقنىڭ ئىسپاتى

ۋاڭ مېڭ بەش ياشقا كىرگەن يىلى ئاپىسى ئۇنىڭغا ئاپئاق ۋە بۇدرۇققىنە بىر ئۇكا تۇغۇپ بەردى.

ۋاڭ مېڭ ھېيت قىلغاندەك خۇش بولۇپ، ئىنىسىنى سۆيۈپ، قۇچاقلاپ تويمايتتى.

ئۇنىڭ سەبىي كۆڭلى ناھايىتى تېزلا ئىنىسىنىڭ گويا بىر تامدەك ئۆزى بىلەن ئاتا-ئانىسى ئوتتۇرىسىدا مىختەك قادىلىپ تۇرىۋاتقانلىقىنى تۇيدى. ئەمەلىيەتتە ئۇ قانداقسىگە بىر تام بولسۇن؟ ئۇ خۇددى زور بىر مۇز تاغدەك ئاتا-ئانىسىنىڭ يۈرىكىنى ئۈزۈل-كېسىل مۇزلىتىۋەتتى.

بىر كۈنى ۋاڭ مېڭ ئاخىرى شۇنى چۈشەندىكى: ئىنىسىنىڭ ئەتىۋارلىنىشى ئۇنىڭ تومۇرىدا ئېقىۋاتقان قاننىڭ ئاتا-ئانىسىنىڭ قېنى بولغانلىقىدىن ئىكەن. بىراق ئۇنىڭچۇ، ئۇنىڭ تومۇرىدا ئېقىۋاتقىنى كىمنىڭ قېنى ئىكەنلىكىنى كىم بىلسۇن؟

بۇ داۋلىنى دادىسى، ياق، ئۆگەي دادىسىنىڭ مۇشتلىرى ئۇنىڭغا ئېيتىپ بەردى.

ئۇ قېتىم ئۆگەي دادىسىنىڭ مۇشتلىرى، شاپىلاقلىرى ئۇنىڭ بېشى، يۈزى ۋە بەدىنىگە يامغۇردەك ئۇرۇلدى. ھەر بىر ئۇرغاندا قىلچە يوشۇرماستىنلا غەزەپ بىلەن: « ھارامدىن

بولغان! نىكاھسىز تۇغۇلغان! يېتىم ئۇغلاق...» دەپ تىللايتتى. ئۇنىڭ بۇرنى قىزىغاندەك بولدى. قولى بىلەن سۈرتۈۋىدى، قىپقىزىل قان بولۇپ كەتتى. ئۇ ھاراق بۇسى پۇراپ تۇرغان بۇ تەلەتكە تىكىلدى، قەلبىدە چوڭقۇر ئۆچمەنلىك پەيدا بولدى. خەپ قاراپتۇر!

نىكاھسىز تۇغۇلغانلىق چوقۇم بىر خىل جىنايەت بولسا كېرەك. بولمىسا ئېمىشقا بۇ ئۆيدە ئۇ ئۇچرىغان مۇئامىلىلەر جىنايەتچىلەرنىڭدىن ئېشىپ چۈشىدۇ؟

ئۆگەي دادىسى ھاراق ئىچسىلا ئۇ تىترەشكە باشلايتتى. ئۆگەي دادىسىنىڭ قولىغا بىر دانە قۇرۇق بوتۇلكا چىقىپ قالغان ۋاقىتتا، غالجىر شىرنىڭ ئۆزى بولاتتى. بۇ شىر ئۇنىڭ يېنىدا ئۇدا بىرنەچچە يىلغىچە ھۆركىرەپ يۈردى.

ئۆگەي دادىسى ھەر قېتىمدا ئۇنى مېھمانخانىدا دومبالايتتى. مېھمانخانا كەڭتاشا بولۇپ، قوشلار سايرىشىپ، مۇشۈكلەر مىياڭلاپ، بېلىقلار ئەركىن ئۈزۈپ تۇراتتى. بۇ ئۆي گويا شېئىرىي تۇسكە تولغان جازا مەيدانىنىڭ ئۆزى ئىدى.

ئۇ ئون بىر ياشقا كىرگەندە ئېنىسىمۇ تۇغۇلغان كۈن تورتىدىن ئالتىنى يەپ بولدى. ئىنىسىنىڭ ۋۇجۇدىدا ئۆگەي دادىسىنىڭ قېنى بولۇپلا قالماستىن، يەنە ئاتا-بالا ئىككىلەن قويۇپ قويغاندەك ئوخشاش ئىدى. ياۋا يىلقى تۇتۇپ قالدىغان ھالەتلىرىمۇ ئوپمۇ-ئوخشاش ئىدى. ئىنىسىنىڭ كىچىككىنە مۇشتلىرىدا قىلچە رەھىم-شەپقەت يوق، تىللاشلىرىمۇ ئۆگەي دادىسىنى تارتقانىدى. تەكرارلاپ ئولتۇرمىساقمۇ، ئاتا-بالىنىڭ ھەر بىر جۈملە تىللىغان سۆزى ئۇنىڭ قەلب زېمىنىغا بىر تال ئۆچمەنلىك ئۇرۇقى بولۇپ تېرىلاتتى.

ئۇ كۈنى ئۇ «مۇقەددەس پالۋانلار» دېگەن بىر كىتابنى ئېلىپ، ئىنىسىنى كوچا مەركىزىدىكى گۈللۈككە ئېلىپ چىقتى.

— سەن دەپ باقە، دادام، ئاپام كىمنى ئەڭ ياخشى كۆرىدۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ ئىنىسىدىن.

— ئەلۋەتتە مېنى ئەڭ ياخشى كۆرىدۇ-دە! — دەپ جاۋاب بەردى ئىنىسى كۆرەڭلىك بىلەن.

— ئىككىنچى بولۇپ كىمگە ئامراق؟

— ئانا مۈشۈك بىلەن بېلىقلارغا.

— ئۈچىنچى بولۇپچۇ؟

— كىچىك قۇشقا.

— ئۇنىڭدىن كېيىنچۇ؟

— چوڭ ئالتۇن بېلىققا.

— ئۇلار كىمگە ئەڭ ئۆچ؟

— ئەلۋەتتە ساڭا-دە! ئۇلار سېنى ھارامدىن بولغان دەيدۇ!

— ناھايىتى ياخشى! — دېدى ئۇ بۇ گەپلەرنى جان-جەھلى بىلەن چىشلىرىنىڭ ئارىسىدىن چىقىرىپ.

توساتتىنلا ئىنىسى ھەيران بولۇپ تۇرۇپلا قالدى.

ئۇ ئىنىسىنى قاتتىق بىر شاپىلاق ئۇرۇپ ھۆركىرىدى:

— بۇ سېنىڭ!

— بۇ ئاپاڭغا بېرىلگەن سوۋغات! — دېدى ئۇ يەنە بىرنى ئۇرۇپ.

ئۈچىنچى قېتىمدىكىسىنى ئالدىنقى ئىككى قېتىمدىكىدىن قاتتىقراق ئۇردى. ئۇ ھەتتا ئالقان يېرىپ ئۆتكەن شامالنىڭ ۋىژىلدىغان ئاۋازىنىمۇ ئاڭلىيالدى:

— بۇ داداڭغا بەرگىنىم!

قاتتىق ئۈچ شاپىلاق ئىنىسىنىڭ تەلەتىنى ئۇبدانلا گىرىم قىلىپ قويدى. ئۇ، ئۆگەي ئاتا-ئانىسىنىڭ بۇنى كۆرگەندىن كېيىن يۈرەك-باغرىنىڭ پارە-پارە بولىدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشەنەتتى.

شۇ كۈنى كەچتە ئۇ ئۆمرىدە يېمىگەن تاياقنى يېدى. پەقەت ئۇ ئىنىسىغا قايتا

چىقىلماسلىقتا ماقۇل بولغاندىلا ئاندىن بولدى قىلىندى.

ئۇ ئىنىسىغا راستىنلا قايتا تەگمىدى، پەقەت ئۇنىڭغا ئۈچمە نىلىك بىلەن قاراپ سوغۇق كۈلۈپلا قويدى.

ئۇنىڭدىكى ئۈچمە نىلىك ئالتۇن بىلىقلارغا كۆچۈپ، ئىدىشتىكى ئالتۇن بىلىقلارنىڭ ھەممىسى سىقىپ ئۆلتۈرۈۋېتىلىپتۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇ يەنە قاتتىق تاياق يېدى.

گۈزەل شاتۇتى ئۆگەي دادىسىنىڭ ئورنىدا ھاياتىدىن ئايرىلىپ بېشى كېسىۋېتىلدى، ئۇ يەنە تاياق يېدى.

نۆۋەت مۇلايىم ئانا مۈشۈككە كەلدى، ئۇ مېھمانخانىدا ئېسىپ ئۆلتۈرۈلدى. نۆۋەت ئۇنىڭغا كەلگەندە ئۆگەي دادا ئەسەبىي غالجىرلىشىپ قاتتىق مالىمانچىلىق پەيدا قىلدى. ئەتىسى كەچلىك تاماق ۋاقتىدا ئۇنىڭ بىلەن ئىنىسى ئۆيگە قايتىپ كەلمىدى. ئۆگەي دادا بىلەن ئۆگەي ئاپا ئىچى تىتىلدىغان ھالدا تاماق شىرەسىنىڭ ئالدىدا ساقلاپ ئولتۇردى. بىردىنلا ئۆگەي ئاپا قاتتىق بىر چىرقىراپ، ئۆيدىن ئوقتەك ئېتىلىپ چىقىپ كەتتى. شۇ پەيتنىڭ ئۆزىدە ئۆگەي دادىنىڭ كۆز ئالدىدا مۇنداق بىر فورمۇلا پەيدا بولدى: «بېلىق — قۇش — مۈشۈك — ئادەم». ئۆگەي دادا «ۋاي» دەپلا يا ئوقتەك ئېتىلىپ چىقىپ كەتتى.

كوچا مەركىزىدىكى گۈللۈكنىڭ خىلۋەت بىر يېرىدە مۇنداق قورقۇنچلۇق مەنزىرە يۈز بېرىۋاتاتتى: ئۇ ئىنىسىنىڭ كەينىدە تۇرۇپ، بىر دانە گالستۇك بىلەن ئىنىسىنىڭ بوينىنى جان-جەھلى بىلەن بوغۇۋاتاتتى. ئىنىسىنىڭ كۆز قارىچۇقى تارتىلىپ، تىلى ساڭگىلاپ قالغان بولسىمۇ ئۇ يەنىلا قاتتىق بوغماقتا ئىدى. ئۆگەي دادا بىلەن ئۆگەي ئاپا ئەگەر يەنە بىر ئاز كېچىككەن بولسا ئىدى، ئىنىسىنىڭ جېنى چىقىپ كەتكەن بولار ئىدى.

ئۆگەي دادا «ياﺋاللا» دەپ ۋارقىراپ، ئامبۇردەك قوللىرىنى كەرگىنىچە ئۇنى بوغۇشقا ئېتىلدى. ئۇ كۆزلىرىنى يۇمۇپ ئۆلۈمنى كۈتۈپ تۇردى. بىراق ئۇ ئۆلمىدى، ئۇ ئۆگەي دادىسىنىڭ قوللىرىنى تارتىۋېلىپ، توختىماستىن تىترەپ تۇرغانلىقىنى كۆردى.

ئۆگەي دادىسىنىڭ يۈرىكىمۇ تىترەۋاتاتتى، بۇ غالجىر يۈرەكمۇ تىترەيدىغان يەرگە كېلىپ قالغانىدى.

مەدەنىيەتلىك ئائىلىلەردە تاتلىق مېۋىلەر پىشىدۇ، ۋەھشىي ئائىلىلەردە جىنايەتنىڭ زەھەرلىك ئۇسسىملىرى ئۆسىدۇ. مەدەنىيەتنىڭ گۈل-چېچەكلىرى كىشىلەرگە باھار ئېپكېلىدۇ، مەدەنىيەتنىڭ باھارى ئىنسانلارنى زىمىستان قىشتىن ئازاد قىلىدۇ.

## 4. ھەم پەرىشتە، ھەم ئاۋاستى

ئەگەر بۇ يەر ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش ئورنى بولمىغان، مەن ئۇنىڭ ئارخىپ ماتېرىيالىنى كۆرمىگەن بولسام ئالدىمدىكى قىزچاقنىڭ ئادەتتىكىدەك بىر ئوغرى ئىكەنلىكىگە ھەرقانچە قىلىپمۇ ئىشەنمىگەن بولاتتىم.

سۇلۇك يېڭى ئەمدىلا 11 ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان بولسىمۇ، بىراق ئىككى يېرىم يىللىق «ئوغرى»لىق تارىخى بار ئىدى.

— مەن بىر نىكاھسىز تۇغۇلغان بالا، نىكاھسىز تۇغۇلغان بولساممۇ بولاي، كېرەك يوق. مەن كۆپ ئاڭلاپ كەتكەنمەن، سىز مېنى قانداق بىلدىڭىز دەۋاتامسىز؟ ھىم، لاۋجاڭ ئاپام بىلەن سوقۇشۇپ قالغان چاغدا شۇنداق دېگەن. لاۋجاڭ دېگىنىم ئاپامنىڭ ئېرى، قېرى ئۆلگۈر ئاپامنى بەك بوزەك قىلىپ كەتتى. يەنە شۇ گەپنى دەيمەن، ئاپامغىمۇ ئاز، كىم ئۇنى توغرا بولمىغان يوللار بىلەن نىكاھسىز تۇغۇلغان بالا باقسۇن دەپتۇ. توغرا بولمىغان دېگىنى تۇرمۇش ئىستىلى ناچار، قالايمىقان

دېگەنلىك. بۇ قانچىلىك ئىشتى، مېنىڭ بىلدۈرىدىغانلىرىم كۆپ تېخى!

لاۋجاڭ، ياق، ئۆلمەيدىغان قېرى، پەقەت ئاياپمىنى ئۇرۇپىلا قالماي، يەنە باللارنى خورلايتتى. ئۇ مېنى ئۇراتتى، ئۇرغاندىمۇ ئۆلگۈدەك ئۇراتتى، قاراپ تۇرۇڭ، مەن ھامىنى ئۇنىڭغا زەھەر بېرىپ ساراڭ قىلىۋېتىمەن.

ماڭا پۇل كېرەك بولۇپ قالدى، ئۇ بەرمەيمەن دېمەيدۇ، ئاپام ماڭا بەرگەن پۇلنى تارتىپ ئېلىۋالدۇ، يىرتىپ پارچە-پارچە قىلىۋەتسىمۇ رازىكى، ماڭا بەرمەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بوپتۇ، سەن بەرمىسەڭ ئۆزۈمنىڭ ئامالى بار، ئوغرىلاي، دەپ ئويلىدىم.

ئۇ ئۆلگۈر قېرى پۇلنى قەيەرگىلا يوشۇرۇپ قويسا ھەممىسى تېپىۋالاتتىم. ئەلۋەتتە دۇمبا يەيدىغان گەپ، ئۇرسىمۇ قورقمىدىم، ئۇرغانسېرى ئوغرىلىدىم. پۇل ئوغرىلاپ نېمە قىلىسىز دەمسىز؟ بۇنى سوراش ھاجەتمۇ؟ خەجلەيمەن-دە! ماروژنا، قېتىق ئالىمەن، كۆكۈل ئاچىمەن، كىنو كۆرىمەن، ئويۇنچۇق ئوينايمەن، خەجلەيدىغان يەر كۆپ.

قېرى ئۆلگۈر ئاچچىقتىن ئېلىشىپ قالايلا دېدى، ھەتتا بوغۇپ ئۆلتۈرىۋېتىمەن دەپمۇ باقتى، ئۆلتۈرگىنىڭنى كۆرەي دەپ قېچىپ كەتتىم. قېچىپ نەگە باراتتىم، ھەممىلا جاي مېنىڭ ماكانىم تۇرسا، پۇل بولمىسا نېمە ئامال؟ پۇل بولمىغاندىكىن ئوغرىلىدىم، كىمنىڭلا بولسۇن ئوغرىلاۋەردىم، قانچە قېتىم ئوغرىلىدىڭىز دەمسىز؟ بۇنىسى ئېسىمدە يوق، ئىشقىلىپ «كەسپىي ئائىلە» بولۇشقا شەرتىم توشتۇ.

پۇل ئوغرىلاش ئادەمنىڭ يۈزىنى تۆكىدۇ؟! ياق، بىزدە پۇل بولسا مەردلىك بىلەن ئادالەت يولىدا ساخاۋەتچىلىك قىلىمىز. بىرى قارىغۇ، يەنە بىرى كور ئىككى بالا بار ئىدى، ئەھۋالىمۇ ناھايىتى ئېچىنىشلىق، مەن ئۇلارغا بىراقلا «بۈيۈك ئىنتىپاقلىق» تىن ئىككىنى بېرىۋەتتىم. قانداق، يېتەرلىك بوپتىمۇ؟!

بۇ نېمىدېگەن سادىدا، نېمىدېگەن نادان سۆزلەر-ھە! بۇلارغا يىغلاش كېرەكمۇ-كۈلۈشمۇ؟!

سەمىمىي، ئوماق كىچىك پەرىشتىلەر ئەتىگە قاراپ ماڭماقتا، كەلگۈسىگە قاراپ ئۇچقان ۋاقىتتا، قەبىھلىك ئۇلارنىڭ روھىنى بۇلغاپ پەرىشتىلىكتىن ئالۋاستىغا ئايلىنىپ قالماقتا.

شۇنى ئېسىمىزدىن چىقىرىۋەتمەيلىكى، بىزنىڭ باللىرىمىز خۇددى بىر پارچە ئاق قەغەزگە ئوخشايدۇ، ئۇنىڭغا ئەڭ يېڭى، ئەڭ گۈزەل رەسىملەرنى سىزغىلى ھەم دەسسەپ-چەيلەپ، بۇلغاپ كېرەكسىز قەغەزگە ئايلاندۇرۇۋېتىشكىلى بولىدۇ.

**ئويلىنىش:**

كىشىلەر جەمئىيەتتە ياشايدۇ، جەمئىيەتنى ئادەملەر قەلبىدە ياشنايدۇ، جەمئىيەت ۋە ئائىلىلەرنىڭ نىكاھسىز تۇغۇلغان باللارغا بولغان باشقىچە كۆزقارىشى ۋە كەمسىتىشى نىكاھسىز تۇغۇلغانلىق تامغىسى ئۇرۇلغان نۇرغۇنلىغان باللارنىڭ قەلبىنى بۇلغىۋەتتى، ئۆزگەرتىۋەتتى.

ئۇلارنىڭ خاراكتېرى غەيرىي ھالدا تەرەققىي قىلىپ ئەڭ ئاخىرقى چەككە بارغاندا ئۇلار تۇرمۇشتىن ئۈچ ئالىدۇ ياكى تۇرمۇشتىن قاچىدۇ ياكى تۇرمۇشنى ئەخمەق قىلىپ ئوينايدۇ ۋە ياكى تۇرمۇشنى دەپسەندە قىلىدۇ. ئۇلار تۇرمۇشنى قايتا چۈشىنىشكە، ئۆز-ئۆزىنى قايتا تونۇشقا ئۇرۇنمايدۇ. ئاخىرقى ھېسابتا بۇ دۇنيا ئۇلارنىڭ نەزەرىدە بىر ئۆلۈم دېڭىزىدىن ئىبارەت بولىدۇ.

بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئالدىدا بىز نېمىشقا؟ دەپ سورىماي تۇرالمايمىز. ئېچىنىشلىق ئازاب ۋە قاتتىق غەزەپ بىلەن ۋارقىرىماي تۇرالمايمىز، ئەيىب زادى كىمدە؟!

(خەنزۇچە «دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا» ژۇرنىلىنىڭ 1992-يىللىق 2-سانىدىن)

# دوستۇم بىلەن يېزىشقان خەتلەر

(ئەدەبىي خاتىرە)

**قەيسەر مىجىت**

قەدىرلىك دوستۇم، ياخشىمۇسەن؟

خېتىڭدە سەن شاڭخەيگە كەلگەندىن كېيىنكى ئالغان تەسىراتلىرىمنى سۆزلەپ بېرىشىمنى سوراپسەن، بولىدۇ، سۆزلەپ بېرەي.

بۇ مېنىڭ تۇنجى قېتىم شىنجاڭدىن ئايرىلىشىم، ئۆسۈپ-يېتىلىش جەريانىدا ئاتا-ئانامنىڭ قۇچىقىدىن، ئۆسكەن مەھەللەمدىن كىچىك تۇرۇپلا ئوقۇش سەۋەبىدىن تولا ئايرىلىپ كۆنۈپ قالغاچقىمىكىن، بۇ قېتىم يېقىن كىشىلىرىمدىن ئايرىلىپ يىراق يەرگە سەپەرگە چىقىشىم بىلەن كۆڭلۈم بەك پەرىشان بولۇپمۇ كەتمىدى. بەلكى قىزغىن تىلەكلەرنىڭ ئەللەيلىشى بىلەن ئۈرۈمچىدىن ئايرىلىپ پويىز بىلەن تۆت كېچە-كۈندۈز يول يۈرۈپ ۋەتىنىمىزنىڭ ئەڭ چوڭ شەھىرى، ئېلىمىزنىڭ پۇل-مۇئامىلە ئىشلىرىدا زور رول ئويناپ كېلىۋاتقان مەدەنىي شەھەر شاڭخەيگە يېتىپ كەلدىم. بىلىسەن، مىجەزىم ھەر ھالدا ئوچۇق، كىشىلەر بىلەن ئاسانلا چىقىشىپ كېتەلەيدىغان بولغانلىقىم ئۈچۈن بولسا كېرەك، كىشىلەرنىڭ قىزغىن مۇئامىلە قىلىشىغا مۇيەسسەر بولدۇم.

مېنىڭ كۈنلىرىم تەپەككۇر، پىكىر قىلىشتا تولىمۇ مەنىلىك ئۆتتى. مەن «ئاۋۇ بوۋاي ئاغىنىلىرىم» بىلەن پاراڭلىشىپ شاڭخەينىڭ ھازىرى ۋە ئۆتمۈشىدىن ئاز-تولا خەۋەردار بولغان بولسام، مۇنۇ تىرىشچان، ئىنتىزامچان ساۋاقداشلىرىم بىلەن پاراڭلىشىپ، ئۇلار بىلەن ئۆزىمىزنى سېلىشتۇرۇپ كۆردۈم.

ئېسىڭدىدۇر، سەن بىلەن مۇنازىرىلەشكەندە، نېمىشقا بىزدە بىلىم ئىگىلىرى ماددىي جەھەتتە نامرات، بىلىم ئىگىلىگەنلەر چوقۇم بىلىمنى تاۋارلاشتۇرۇپ ھەمدە شۇ ئارقىلىق ئۆزىدىكى بارلىق ئىقتىدارىنى جارىي قىلدۇرۇپ، جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ئۈچۈن تۆھپە قوشسا بولمامدۇ، دەپ سوئال قوياتتىم.

مەن مۇشۇ سوئاللىرىمغا شاڭخەيدىن جاۋاب تاپماقچى بولدۇم، شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە بىرمۇنچە ساۋاقداشلىرىم «ئۇيغۇرلار راستىنلا ياۋايى كېلەمدۇ؟...»، «ھاراقنى قانچىلىك ئىچەلەيسەن؟» دەپ سوراشقاندا، بىر قىسىم دوستلىرىم «ئۇيغۇر ئۇسسۇلى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆرپ-ئادىتى» ھەققىدە قىزىقىپ سوراشقاندا، مەكتەپنىڭ ئارقىدىكى كىچىك بازارغا نەرسە-كېرەك سېتىۋالغىلى چىققاندا بەزى تىجارەتچىلەر مېنىڭ ئۇيغۇر ئىكەنلىكىمنى بىلگەندىن كېيىن مەندىن «كاۋاپ ساتامسەن ياكى ئۈزۈممۇ» دەپ سوراشقانلىرى ھەمدە شاڭخەيدە ئوقۇۋاتقان ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار بىلەن سۆھبەتلەشكەندە ئاڭلىغانلىرىم مېنى چوڭقۇر ئويغا سالدى. شاڭخەينىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى بىلەن شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئەھۋالىنى سېلىشتۇرۇپ ئانچە-مۇنچە پەرقلەرنىمۇ تاپتىم.

دوستۇم، ئاشۇ مەسىلىلەر ئۈستىدە ئويلىغانلىرىمنى بىر-بىرلەپ ئېيتىپ بېرەي.

مەن «ماۋۇ مىللەت ئەقىللىق، ئاۋۇ مىللەت دۆت» دېگەن خۇلاسىگە ھەرگىز قوشۇلمايمەن، ئەمما رېئاللىق ئالدىدا مۇنداق بىر پاكىتنى قوبۇل قىلىمەن، بىز تولىمۇ ھورۇن ئىكەنمىز، بىر قىسىم كىشىلىرىمىزنىڭ كۆزى يىراقنى كۆرمەيدىكەن، قىسقىسى، بىز باشقىلارغا قارىغاندا تەرەققىيات جەھەتتە كۆپ ئارقىدا قاپتۇق. مەنىۋى جەھەتتىكى ھاياتىمىزدىمۇ كۆپ ئىلگىرىلەش بولماپتۇ.

ئالدى بىلەن بىز ھورۇنلۇقنى ئالايلى، ئادەم ھورۇن

بولغانسېرى مەنىۋى كۈچتىن، ئېتىقادتىن ۋە ئىنسانىي پەزىلەتتىن مەھرۇم بولىدۇ-دە، دىلىنى تۇمان، كۆڭلىنى قارا باسىدۇ. شۇنىڭ بىلەن كىشىلىك مۇناسىۋەتكە زىيانلىق، ئەخلاق-قانۇنغا خىلاپ ئىشلارنى قىلىشتىن خالىي بولالمايدۇ.

چۈنكى ئادەمدىكى شاپائەت ۋە جىنايەتنىڭ ئىجراچىسى بولغان ھەرىكەت ئادەمنىڭ مەنىۋى دۇنياسىدىن كېلىدۇ. ئەبجەش — مۇستەقىللىقى يوق، پۈچەك مەنىۋى دۇنيا مۇقەررەركى كىشىنى ھالاكەت گىردابىغا ئېلىپ بارىدۇ، بىزنىڭ تەرەققىي قىلالماسلىقىمىزدىكى بىر مۇھىم سەۋەب ئەنە شۇ ھۇرۇنلۇق ئىللىتىدۇر.

شىنجاڭدىكى چېغىمدا ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان بىر قىسىم ساۋاقداشلارنىڭ ھۇرۇنلۇقىنى ھېس قىلاتتىم. ئۆزۈمنىڭ ھۇرۇنلۇقىمنى شاڭخەيدە تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلدىم. يۈزۈم قىزاردى. ئۇزا تارتىش بىلەن ئىش پۈتەمتىمۇ؟ مۇنۇ ياتاقداشلىرىمنىڭ تىرىشچانلىقىنى مىسالغا ئالاي، ئۇلار تاماق ۋە چۈشلۈك ئارام ئېلىشقا مەلۇم ۋاقىت ئاجراتقاندىن باشقا چاغلارنىڭ ھەممىسىدە كىتاب كۆرۈش، دەرس ئاڭلاش بىلەن ۋاقىتنى ئۆتكۈزىدۇ. بەزى ئىقتىسادىي مەسىلىلەر ھەققىدە سۆزلىشىدۇ. پاراڭنىڭ تېمىسى — ئوقۇغان كىتابلىرىنىڭ مەزمۇنى، نۆۋەتتىكى رېئال ئىقتىسادىي مەسىلىلەر، ئۆگەنگەن نەرسىسىنىڭ قوللىنىشچانلىقى بىلەن چەكلىنىدۇ. مەن شۇنچە دىققەت قىلىپ باقساممۇ، ئۇلارنىڭ شەخسىي تۇرمۇشى، باشقىلارنىڭ ئىشلىرى ھەققىدە سۆزلەشكىنىنى ئاڭلىمىدىم. مەكتەپ ئىچى — سىنىپ، ياتاق، تەكرار-خانا... ئوقۇغۇچىلار بىلەن لىق تولغان، ئۇلارنىڭ نېمىشقا شۇنداق تىرىشىپ ئۆگىنىدىغانلىقى ناھايىتى ئېنىق. رەھىمسىز رىقابەت مېخانىزمى تۇرمۇشقا بوسۇپ كىردى، ماھىيەت جەھەتتىن ئالغاندا بۇ خىل رىقابەت — ئىختىساسلىقلار رىقابىتى. بىر ئادەمنىڭ ھاياتى چەكلىك، ئەمما ھەممە ئادەم ئۆز ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى ئويلايدۇ. ئۆز ئىقتىدارىغا تايىنىپ قابىلىيەت يېتىلدۈرۈپ بۇ رىقابەتتە ئۇتۇپ، تېگىشلىك ئىجتىمائىي-ئىقتىسادىي ئورۇنغا ئىگە بولۇش ئۇلارنىڭ تىرىشىپ ئۆگىنىشتىكى ئەڭ چوڭ غايىسى. ئۇلاردىكى رىقابەت قارىشى — ۋاقىتنى

قەدىرلەش، كۆپرەك بىلىم ئېگىلەش، ئۆزىنى قۇدرەت تاپقۇزۇشتا ئىپادىلىنىدۇ. مەن ئىختىيارسىز بۇ خىل روھقا قايىل بولدۇم. خىيال ئەينىكىمنىڭ يەنە بىر تەرىپىدە ئۆزۈم ۋە بەزى ياشلىرىمىزنىڭ تۇرمۇش قارىشى، روھىي ھالىتى ئەكس ئەتتى.

بىزنىڭ تۇرمۇش لوگىكىمىز شۇنداق ئادەتتە ئىكەن. ئەتراپىمىزدىكىلەرنى دوراپ ياشايدىكەنمىز. ئۆزىمىزنىڭ مۇستەقىل تۇرمۇش قارىشىدا چېك تۇرالمايدىكەنمىز، چېك تۇرساق «تويتىن ئايرىلىپ قالىمىز» دەپ ئەنسىرەيدىكەنمىز. بىزدە مېھىر-مۇھەببەت، دوستلۇق، قىسقىسى كىشىلىك مۇناسىۋەتنىڭ بەزى تەرەپلىرىدە توغرا ھەرىكەت ئۆلچىمى ئاز ئىكەن. باللار ئاتا-ئانىلارغا، دوستلار دوستلارغا يۆلىنىۋالىدىغان، ھاراق-شاراب، كەيپ-ساپا ۋە ئويۇن-تاماشىدىكى قىزىقىش بىردەكلىكى بىلەن دوستلىشىدىغان، بىر-بىرىنىڭ ھەر جەھەتتىكى تەرەققىي قىلىشىغا پايدىسى يوق ئىشلارنى بۇرادەرچىلىك، ئاغىنىدارچىلىق دەپ قارايدىغان ئىللەت بار ئىكەن.

شاڭخەيدىكى ساۋاقداشلارنىڭ تەپەككۇر ئۇسۇلى بىلەن بىزنىڭ ئارىلىقىمىزدىكى چوڭ پەرقنىڭ يەنە بىرى شۇكى، ئۇلار «ھايات ماڭا بىرلا قېتىم مەنسۇپ، شۇڭا كۆپرەك تىرىشىپ ئارزۇلىرىمنى ئەمەلگە ئاشۇراي» دەيدىكەن. بىز بولساق «ئادەم دۇنياغا بىرلا قېتىم كېلىدۇ، شۇڭا كۆپرەك كۈلۈپ، ئوينىۋالغان ياخشى» دەپ ئويلايدىكەنمىز. شۇڭا بىر قىسىم ساۋاقداشلىرىمىز بېرىلىپ ئىلىم تەھسىل قىلىشنىڭ ئورنىغا ئۆزىنى تاشلىۋېتىپ قىمارغا، ماجاڭ، قارت ئويناشقا، ئىچىش-چېكىشكە ۋە ياخشى كىيىنىش قاتارلىق قۇرۇق سۆلەتۋازلىققا بېرىلىپ كەتكەن. مىڭ جاپادا پۇل تېپىپ ئەۋەتىپ، بىزنى ئوقۇتۇۋاتقان ئاشۇ جاپاكەش ئاتا-ئانىلىرىمىزنىڭ بىچارە ھالىتىنى نېمىشقا ئويلىمايدىغاندىمىز؟ بۇنىڭدىن كېيىنكى رىقابەتلىك جەمئىيەتكە قانداق ماسلىشىشنى، نېمە كۈنلەرنى كۆرۈشىمىزنى نېمىشقا ئويلىمايدىغاندىمىز؟

شاڭخەيدە ماڭا ئەڭ زور تەسىر قىلغىنى شاڭخەيلىك ئاتا-ئانىلار ۋە ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرى بولدى.

ياش-ئۆسمۈرلەر كەلگۈسى جەمئىيەتنىڭ ئىگىلىرى، ئۇلارنىڭ ساپاسىنىڭ قانداق بولۇشى كەلگۈسىدىكى جەمئىيەتنىڭ قانداق بولۇشىنى

بەلگىلەيدۇ.

شاگخەيلىك ئاتا-ئانىلار پەرزەنتلىرىنىڭ كەلگۈسىدە يارامىلىق بولۇپ چىقىشىنىڭ ئاساسىي — ئۇلارنى كىچىكىدىن باشلاپ تەربىيىلەشتە، ئۇلارغا چەت ئەل تىلى ۋە پەن-مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ئۆگىتىشتە دېگەن قاراشتا. شۇڭا شاگخەيدىكىلەرنىڭ ئىلىم-پەن، مەدەنىيەت سەۋىيىسى مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدۇ.

شاگخەيدە باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 4-، 5-يىللىق سىنىپلىرىدا ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ چەت ئەل تىلىدا راۋان سۆزلىيەلىشى ئۇلار ئۈچۈن ئەجەبلىنەرلىك ئىش ئەمەس. چەت ئەل تىلىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى 19 يېشىمدا بىلىشكە باشلىغان مەندەك بىر ئادەم ئۈچۈن 8-9 ياشلىق ئۆسمۈرلەرنىڭ ئىنگلىز تىلىدا راۋان سۆزلىيەلىشى بۆلەكچىلا تۇيۇلدى. شاگخەيلىك ئاتا-ئانىلار پەرزەنتلىرىنى كىچىك چېغىدىلا، يەنى 5-6 ياش ۋاقتىدىن باشلاپلا تەربىيىلەشكە باشلايدىكەن، يەكشەنبە كۈنلىرى باغچىلارنى ئايلانساڭ توپ-توپ بولۇپ پەرزەنتلىرىنى ئوينىتقىلى كەلگەن ئاتا-ئانىلارنى كۆرىسەن، بولۇپمۇ لۇشۈن باغچىسىدىكى چەت ئەل تىلى بىلەن سۆزلىشىش مەيدانىغا كەلگەن ئىشچى-خىزمەتچىلەر قاتارىدا ئاتا-ئانىلىرى ئېلىپ كەلگەن كىچىك ئۆسمۈرلەر مېنىڭ دىققىتىمنى ئالاھىدە ئۆزىگە تارتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى يەتتە ياشلىق بىر قىزنىڭ ئىنگلىز ۋە ياپون تىلىدا توغرا تەلەپپۇز بىلەن سۆزلىيەلىشى مېنى تولىمۇ قىزىقتۇردى. ئۇنىڭ دادىسى ئوتتۇرا تېخنىكومنىڭ خوجىلىق بۆلۈمىدە كادىر، ئاپىسى باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىقتىسادىي كىرىمى ئوتتۇراھال ئىكەن. لېكىن ئۇلار قىزىنى خېلى ئىلگىرىلا چەت ئەل تىلى مەكتىپىنىڭ ئىنگلىز تىلى سىنىپىغا ئوقۇشقا بەرگەن.

شاگخەي «چيەنجىن» (بىزنىڭ تىلىمىزدا «ئالغا» دەپ تەرجىمە قىلساقمۇ بولىدۇ) شۆيۈەنىنىڭ باشلىقى ساگۇ ئاگتيەن ئەپەندى مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا تونۇلغان مەشھۇر شەخس، ئۇ مائارىپچىلا بولۇپ قالماي، بەلكى يەنە مەشھۇر كارخانىچى. سا ئەپەندى ئىلگىرى شاگخەيدىكى بىر ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ماتېماتىكا ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ، پېنسىيىگە چىققاندىن كېيىن بىر خىزمەتدىشى بىلەن بىرلىشىپ «چەت ئەل تىلى بويىچە تەربىيىلەش كۇرسى» ئېچىپ زور مۇۋەپپەقىيەت قازانغان. بۇ كۇرسلاردا ئوقۇغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ زۆر كۆپچىلىكى يۇقىرى نومۇر بىلەن ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ ئامېرىكا، كانادا قاتارلىق دۆلەتلەردىكى ئالىي بىلىم يۇرتلىرىنىڭ ئوقۇش مۇكاپات پۇلىغا ئېرىشىپ سا ئەپەندىنىڭ شۆھرىتىنى ئاشۇرغان. ئامېرىكا زۇڭتۇڭى كىلىنتون ئۆزىنىڭ زۇڭتۇڭلۇققا ئولتۇرۇش مۇراسىمىدا سا ئەپەندىگە تەكلىپنامە ئەۋەتكەن. سا ئەپەندى ھازىر مائارىپنى تاۋارلاشتۇرۇش ئارقىلىق نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئۆزلۈكسىز ئىلىم تەھسىل قىلىشىغا پۇرسەت يارىتىپ بېرىش بىلەن بىرلىكتە، سودا-تىجارەت ساھەسىگە قەدەم قويۇپ، ئۆي-مۈلۈك تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ ناھايىتى تېزلا مىليونېرغا ئايلانغان.

شاگخەيدىكى بەزى ئاتا-ئانىلار سىرتتىن، بولۇپمۇ چەت ئەل تىلى مەكتەپلىرىدىكى ئوقۇغۇچى ياكى بىلىم ئاشۇرۇشقا كەلگەنلەرنى ئائىلە ئوقۇتقۇچىلىقىغا تەكلىپ قىلىپ باللىرىغا چەت ئەل تىلى ئۆگىتىدىكەن. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى بىر بالىسى ئۈچۈن ئېيىغا 400 يۈەن، بەزىلىرى 100 يۈەن ئوقۇش ھەققى تۆلەيدىكەن. ئۇلارنىڭ نەزەرىدە چەت ئەل تىلىنى ئوبدان ئىگىلىسىلا باللىرىنىڭ كەلگۈسىدە ياخشى خىزمەت تېپىشى، بىلىم ئىگىلىشى ۋە چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇش ئارقىلىق دۇنياۋى سەۋىيىگە يېتىشى مۇمكىن ئىكەن.

مەن چەت ئەل تىلى داشۆسىدىكى مۇسۇلمانلار ئاشخانىسىغا تاماق يېگىلى بارغان ھەر شەنبە، يەكشەنبە كۈنلىرى مەكتەپ ئىچىدە تىزىلىپ ئولتۇرۇپ كەتكەن ئاتا-ئانىلارنى كۆرىمەن. ئۇلار باللىرىنى چەت ئەل تىلى داشۆسىدىكى كۇرسلارغا ئەكەلگەن ئاتا-ئانىلار بولۇپ، پەرزەنتلىرى ئىككى سائەت ئوقۇپ بولغىچە، ئۇلار ئەنە شۇنداق ساقلاپ تۇرىدۇ. دەرستىن چۈشكەندىن كېيىن باللىرىنى يېتىلەپ ئۆيگە ئېلىپ

كېتىدۇ. مەن ھەر قېتىم مۇشۇ يەردىن ئۆتكىنىمدە شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر ئۆسمۈرلىرىنى ئەسلەيمەن. ھېلىقى يېزىدىكى ئەتىگەندە خورازنىڭ چىللىشى بىلەن تاتلىق ئۇيقۇسىدىن مەجبۇرىي ئويغىتىلىپ، دالىغا قوي باققىلى چىقىرىلىدىغان سەبىي ئۆسمۈرلەرنى ئەسلەيمەن. خوش، بۇلارنى ۋە ئۇلارنىڭ ئاتا-ئانىلىرىنى ئېيتمايلا قويايلى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مەركىزى بولغان ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى ئاتا-ئانىلارنى ۋە ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرىنى مىسالغا ئالايلى، گەرچە بۇ يەردىكى كىشىلىرىمىزنىڭ پەن-مەدەنىيەت، تۇرمۇش سەۋىيىسى خېلىلا يۇقىرى بولسىمۇ لېكىن ئوقۇتقۇچى تەكلىپ قىلىپ بالىلىرىغا ئىلىم-پەن، مەدەنىيەت ئۆگەتىدىغان ئاتا-ئانىلار ئانچە كۆپ بولمىسا كېرەك.

شائىخەيلىك ئاتا-ئانىلار ئۆزلىرى تۆۋەن سەۋىيىدە تۇرمۇش كەچۈرۈشكە رازىكى، بالىلىرىنىڭ رىقابەت جەريانىدا شاللىنىپ كېتىشىگە رازى ئەمەس. مانا بۇ پەرزەنتلەرگە بولغان ھەقىقىي مۇھەببەت ۋە ھەقىقىي كۆيۈنۈشتۇر. ئۈرۈمچىدىكى كىشىلىرىمىزنى ئېلىپ ئېيتساق، بەزى كىشىلىرىمىزنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ ئەقلىي تەرەققىياتىغا مەبلەغ سالغۇچىلىكى بار. لېكىن بۇ كىشىلىرىمىز پەرزەنتلىرىگە كۆڭۈل بۆلگەندە ئۇلارنى پەقەت ناخشا-ئۇسسۇل كۇرسلىرىغىلا قاتناشتۇرۇپ، چالغۇ ئەسۋابلىرى ئېلىپ بېرىدۇ. بۇ ھەقىقەتەن بىر تەرەپلىمىلىك.

XI ئەسىردىكى ئالىملىرىمىزدىن يۈسۈپ خاس ھاجىپ «ئىلىم كىمدە بولسا شۇ بۈيۈكلۈك تاپۇر» دېگەن مەشھۇر يەكۈننى ئوتتۇرىغا قويغان. تا ھازىرغىچە تارىخ پەن-مەدەنىيەتتە ئارقىدا قالغان خەلقنىڭ ھامان تەرەققىي قىلالمايدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ كېلىۋاتىدۇ.

بىزگە كېرىكى — روھ، ئىلىم-مەرىپەتنى ھەممىدىن ئۇلۇغ بىلىش روھى، قۇرۇق گەپ-سۆز-نىڭ زىيىنى باركى، پايدىسى يوق.

دوستۇم، ئاشۇ ئوماق، ئەقىللىق ئۆسمۈر-لىرىمىزنىڭ ئاتا-ئانىلىرىنىڭ بىپەرۋا قارىشى بىلەن ئەقلىي قابىلىيىتىنى جارى قىلدۇرالماي، داشۆگە ئۆتۈپ دىپلوم ئېلىشنى ئەڭ چوڭ ئارزۇ قىلىپ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقىنىنى ئويلاپ سەنمۇ ئەپسۇسلىنىسەن، بۇنىسى چوقۇم!

ئوتتۇرا مەكتەپتىكى چاغلىرىمدا مەنمۇ شۇنداق ئويلىغان. داشۆنى پۈتتۈرۈپ ئۆگەنگەن نەرسەمنىڭ زادى نېمە ئىكەنلىكىنى ھەقىقىي مەنىسى بىلەن ئاڭقىرالماي، ئاسپىرانتلىققا ئۆتكەندىن كېيىنكى مۇشۇ كۈنلىرىم مېنى ئۆزۈم ھەققىدە ۋە شۇ ئۆسمۈرلىرىمىز ھەم ئۇلارنىڭ ئاتا-ئانىلىرى ھەققىدە ئويغا سالدى.

ئويلىدىم، ئاشۇ ئاتا-ئانىلار بەزى ئورۇنسىز ئولتۇرۇش توي-تۆكۈنلەرنى دادىللىق بىلەن رەت قىلىپ ئەر-ئايال ئىككىسى پەرزەنتلىرىنى يېتىلەپ باغچىلارغا، كىتابخانىلارغا كىرىپ تەبىئەتنى سەيلە قىلغۇزسا، جەمئىيەتنى چۈشەندۈرۈپ، پىكىر قىلىشنى ئۆگەتسە پەرزەنتلىرىنى بەخت ۋە جەننەتنىڭ بوسۇغىسىغا يېتەكلىگىلى بولماسمۇ؟

ئوي پەقەتلا ئوي، ئارزۇ پەقەتلا ئارزۇ. لېكىن رېئاللىق رەھىمسىز ئەمما مۇقەددەس بولىدۇ. بىز كىچىكلىكىمىزدىن تارتىپلا بىلىدىغان جەمئىيەت ئۆزگىرىۋاتىدۇ، تەرەققىي قىلىۋاتىدۇ. ئىدىيىدە، ھەرىكەتتە باشقىلارنىڭ ئالدىدا ماڭغانلار تەرەققىي قىلىۋاتىدۇ. ئۇخلاۋاتقانلار، ھۇرۇنلار قالاق پېتى قېلىۋاتىدۇ.

شىنجاڭنىڭ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان تەرەققىياتىمۇ، قىياپىتىنىڭ ئۆزگىرىشىمۇ تېز. بۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ تېز بولىدۇ. رىقابەت تېخىمۇ كەسكىن بولىدۇ. بىلىم ۋە قابىلىيىتى يوقلار تەبىئىي ھالدا شاللىنىپ قالىدۇ.

دوستۇم، شائىخەيگە كەلگەندىن كېيىنكى تەسىراتلىرىمنى ئويلىسام خېلى كۆپ ئىكەن. مېنىڭچە ئۇنى سەن بىلەن، كۆپچىلىك بىلەن ئورتاقلاشقاننىڭ ھەر ھالدا پايدىسى بار، دەپ ئويلايمەن.


بۇ قېتىم مۇشۇنچىلىك توختىلاي!

ھۆرمەت بىلەن: دوستۇڭدىن.

# شېئىردىكى ئىجتىمائىي ئاڭ ۋە سىنگارمونىستىك ھېسسىيات

(مىكرو ماقالە)

دولقۇن ئەلى



يېقىنقى يىللاردا بىر قىسىم نەسر ۋە ئەدەبىي ئاخباراتلىرى بىلەن كەڭ كىتابخانلارنىڭ دىققىتىنى قوزغاپ كېلىۋاتقان ياش ئاپتور دولقۇن ئەلى 1968-يىلى 23-دېكابىردا گۇچۇڭ ناھىيىسىدىكى بىر مەرىپەتپەرۋەر زىيالىي ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1991-يىلى شىنجاڭ داشۆنىڭ قانۇن فاكۇلتېتىنى تاماملاپ شىنجاڭ نېفت باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق ئىش بېجىرىش باشقارمىسىغا تەقسىم قىلىنغان. 1992-يىلى مەملىكەت بويىچە بىر تۇتاش ئېلىنغان ئادۋوكاتلىق ئىمتىھانىغا قاتنىشىپ ئەلا نەتىجە بىلەن ئادۋوكاتلىق سالاھىيىتىگە ئېرىشكەن. ئۇ ھازىر شىنجاڭ نېفت باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق ئىش بېجىرىش باشقارمىسى پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىدە ئىشلەۋاتىدۇ.

دولقۇن ئەلى 1989-يىلى «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» دە ئېلان قىلىنغان «شېئىرىي پىكىر ۋە شېئىرىي مەنزىرە» ناملىق ماقالىسى بىلەن ئەدەبىيات سېپىگە كىرىپ كەلگەندىن بۇيان ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ ھەرقايسى مەتبۇئاتلاردا «شېئىردىكى پىسخىك قۇرۇلما ۋە ئۇستىلىستىك قۇرۇلما»، «شېئىرىي پىكىرنى ئىپادىلەش سەنئىتى توغرىسىدا»، «ئاڭ ئېقىمى ھەققىدە بەزى قاراشلىرىم» قاتارلىق ئوبزور-ماقالىلەرنى، «قاماقتىكى سوتچى»، «قېنى سەن قىزىم سەلىمە» قاتارلىق ھېكايە، ئوچېركلارنى ۋە باشقا كەسپىي ئىلمىي ماقالىلەرنى ئېلان قىلغان. ئۇنىڭ «قېنى سەن قىزىم سەلىمە» ناملىق ئوچېركى 1994-يىلى «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى» غا ئېرىشكەن.

شېئىردىكى ئىجتىمائىي ئاڭ بىلەن سىنگارمونىستىك ھېسسىيات شېئىردىكى ئىنتايىن مۇھىم ئامىللاردىن بولۇپ، ئۇ پۈتكۈل شېئىردا يادرولۇق ۋە ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ. چۈنكى ئىجتىمائىي ئاڭ شائىرنىڭ مەيدانىنى ۋە ئىجادىيەت خاھىشىنى بەلگىلەيدۇ، يەنى شائىرلاردا قانداق ئىجتىمائىي ئاڭ شەكىللەنگەن بولسا، بۇ خىل ئىجتىمائىي ئاڭ ئۆز نۆۋىتىدە تەبىئىي يوسۇندا ئۇنىڭ ئىجادىيىتىگە سىڭىپ، شۇ خىل ئىجادىيەتتە ئىپادىسىنى تاپىدۇ. يەنە كېلىپ شېئىردا قانداق ئىجتىمائىي ئاڭ يېتەكچى ئورۇندا بولغان بولسا، شېئىرىي ھېسسىياتمۇ شۇنىڭغا ماس ھالدىكى سىنگارمونىستىك ھېسسىيات ئىپادىلەنگەن بولىدۇ.

شېئىردىكى سىنگارمونىستىك ھېسسىيات — شائىرنىڭ تۇيغۇسىدىكى تۈرلۈك ھادىسە ھەم شەيئىلەرگە نىسبەتەن ئىپادىلەنگەن تۈرلۈك پوزىتسىيىسىنىڭ پۈتكۈل ئەسەردە باشتىن-ئاياغ ئىزچىل ماسلىشىپ ۋە گارمونىك سىڭىشىپ ئىپادىلىنىشىنى كۆرسىتىدۇ.

ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا شائىر بەزى شەيئى ۋە ھادىسىلەرگە قارىتا سۆيۈنۈش، ھوزۇرلىنىش ۋە

هاياجانلىنىش تۇيغۇسىدا بولسا، بەزى شەيئى ۋە هادىسىلەرگە نىسبەتەن يىرگىنىش، ئازابلىنىش، ئېچىنىش ھېس-تۇيغۇسىدا بولىدۇ. مانا بۇلار شائىرنىڭ مەلۇم ئېھتىياجىنىڭ قانائەتلىنىشى ياكى قانائەتلەنمەسلىكى-گە ئاساسەن پەيدا بولىدىغان بىر خىل مۇرەككەپ ئىچكى دۇنيا ھادىسىسىدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ خىل ئىچكى دۇنيا ھادىسىسى شائىرنىڭ ئىجتىمائىي روھىي ھالەت قاتلىمىغا تەۋە بولىدۇ. ئىجتىمائىي روھىي ھالەت ئىجتىمائىي ئاڭ كاتېگورىيىسىگە كىرىدۇ. شېئىردىكى سىنگارمونىستىك ھېسسىيات شائىرنىڭ روھىي ھالىتىدىكى ئەڭ مۇھىم مەزمۇنلارنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئىجتىمائىي روھىي ھالەت كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرۈشى بولۇپ، بۇنداق ئەكس ئەتتۈرۈشتە ھېسسىي ئامىل بىلەن ئەقلىي ئامىل گىرەلىشىپ كەتكەن بولىدۇ. لېكىن ھېسسىي نەرسە ئاساس قىلىنىپ، ئاڭلىق ئەقلىي شەكىل ھازىرلانمىغان بولىدۇ. شۇڭا ئىجتىمائىي روھىي ھالەت بىر خىل تۆۋەن سەۋىيىدىكى ئىجتىمائىي ئاڭ بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مانا بۇلاردىن شۇنى ناھايىتى ئېنىق تونۇپ يەتكىلى بولىدۇكى، شېئىردىكى ئىجتىمائىي ئاڭ پۈتكۈل روھىي ياكى پسىخىك ھادىسىلەرنىڭ ئەڭ يۇقىرى چوققىسى.

شۇنىمۇ تەكىتلەپ ئۆتۈش زۆرۈركى، ئوخشاش بولمىغان ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتە ياكى ئوخشاش بىر خىل ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتە ئوخشاش بولمىغان ئىدىيىۋى ھېسسىيات، ئارزۇ-تەلەپ، ئېتىقاد، پىكىر، تۇيغۇ، ئۆرپ-ئادەت ۋە ئەخلاق ئىدىيىلىرى شەكىللىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئوخشاش بولمىغان ھەتتا بىر-بىرىگە تۈپتىن قارىمۇ-قارشى بولغان ئىجتىمائىي روھىي ھالەت ۋە ئىجتىمائىي ئاڭ شەكىللىرى پەيدا بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەدەبىي ئىجادىيەتتە ھەر بىر شائىرنىڭ شېئىرىي پىكرنى ئوتتۇرىغا قويۇشى، شېئىرىي ھېسسىياتنى ئىپادىلىشى، مۇددىئانى ئوتتۇرىغا قويۇشىدىكى شېئىرىي مۇھىت ۋە شېئىرىي كەيپىياتمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. مانا بۇ ھەر بىر شائىرنىڭ ئۆزگىچە ئىجادىيەت متودى ۋە ئىجادىيەت خاسلىقىنى بەلگىلەيدۇ. ئەگەر ئۇنداق بولمايدىكەن، بارلىق شائىرلارنىڭ ئىجادىيىتى خۇددى بىر خىل قېلىپتا قۇيۇلغان خىشتەك بولۇپ چىقىدۇ.

بىزگە تونۇشلۇق بولغان مەرھۇم تېيىپجان ئېلىيېۋ، ئوسمانجان ساۋۇت، ئەخمەتجان ئوسمان قاتارلىق بىر تۈركۈم شائىرلىرىمىزنىڭ شېئىرلىرىنى ئوقۇيدىغان بولساق، بىز ئۇلارنىڭ شېئىرلىرىدىن يۈكسەك ئىجتىمائىي ئاڭنى، ئۆتكۈر شېئىرىي پىكرنى، كۈچلۈك سىنگارمونىستىك ھېسسىياتنى، سېھىرلىك شېئىرىي مەنزىرىنى، تىلدىكى ئۆزگىچىلىك ۋە ئالاھىدىلىكنى بايقايمىز.

ئالايلۇق، «تۈگمەس ناخشا» ناملىق نادىر شېئىردا بىر جىلۋىدار شېئىرىي مەنزىرە، ئۆزگىچە شېئىرىي پىكىردىن سىرت يەنە يۈكسەك ئىجتىمائىي ئاڭنى ھەم مۇشۇ خىل يۈكسەك ئىجتىمائىي ئاڭغا ماس ھالدىكى كۆپلىتمۇ-كۆپلىت ئىنچىل چوڭقۇرلاپ ماڭغان سىنگارمونىستىك ھېسسىياتنى بايقايمىز. شائىرنىڭ ئىجتىمائىي ئېڭىدا يۈكسەكلىك بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ كۆزىتىش نۇقتىسىدا، پىكىر يۈرگۈزۈش ئۇسۇلىدا، تېما مەزمۇنىدا، تەپەككۇرىنىڭ چوڭقۇرلۇقىدا، شېئىرىي پىكرنىڭ يېڭىلىقىدا، سىنگارمونىستىك ھېسسىياتنىڭ كۈچلۈكلىكىدە يۈكسەك ئۆزگىچىلىك ئىپادىلەنگەن. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بۇ شېئىر تا بۈگۈنگە قەدەر ئۆزىنىڭ «تۈگمەس ناخشا» بولۇشتەك ئىسمى-جىسمىغا لايىق ئىجتىمائىي قىممىتىنى ۋە بەدىئىي قىممىتىنى ساقلاپ كېلىۋاتىدۇ.

ئەمدى بىز تۆۋەندىكى شېئىرنى كۆرۈپ ئۆتەيلى:

تال-تال ئاق چاچلىرىڭ تاڭ نۇرى، ئانا،
يورۇتقان زۇلمەتنى — قارا سايىنى،
مەردلەرسىز مەنزىلدە ئۇ بولۇپ پاناھ،
قولۇمغا تۇتقۇزغان ئۈمىد ئايىنى.

تال-تال ئاق چاچلىرىڭ تاڭ نۇرى، ئانا،
بالقىغان نۇر-ئاپتاپ پارلاق ۋەسلىدە.
مەنمۇ بار شۇ پارلاش، ئاشۇ بالقىشتا،
ئالغانمەن پارلاشنى سەندىن ئەسلىدە.

...............

تال-تال ئاق چاچلىرىڭ تاڭ نۇرى، ئانا،
چاقنايدۇ كۈمۈشتەك ئوڭۇ-سوللىرىم.
دېرىزەم، ئۆيلىرىم، قەلبىم ۋە يەنە،
نۇر ئىچىپ قالىدۇ يۈرگەن يوللىرىم.

................

شائىر ئوسمانجان ساۋۇتنىڭ «تال-تال ئاق چاچلىرىڭ تاڭ نۇرى، ئانا» ناملىق بۇ شېئىرىدا سىنگارمونىستىك ھېسسىيات ماۋزۇ بولغان بىر مىسرا ئارقىلىق پۈتكۈل شېئىرغا بالداقمۇ-بالداق سىڭىپ بېرىش ئارقىلىق پۈتكۈل شېئىرنىڭ ئاساسىي مىلودىيىسىگە ئايلانغان. شائىرنىڭ شېئىردا ھېسسىياتنى بۇنداق ئۆزگىچە ئىپادىلىشى، شېئىر كۇپلېتلىرىدىكى ھېسسىياتنى بارغانچە تولۇقلاش، چوڭقۇرلاشتۇرۇش، لىرىكىچانلىقنى ئاشۇرۇش رولىنى ئوينىغان.

تۇنجى قېتىم نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن ئاسىيالىق يازغۇچى، ھىندىستانلىق مەشھۇر شائىر رابىندرانات تاگور مۇنداق دەيدۇ: «بىز تاشقى دۇنيانى ئۆزىمىزنىڭ ئىچكى ھېسسىياتىمىز بىلەن سۈرەتكە ئالغان ۋاقتىمىزدا، تاشقى دۇنيا ئاندىن بىزنىڭ ئۆزىمىزگە خاس دۇنيايىمىزغا ئايلىنىدۇ».

شائىر ئەخمەتجان ئوسماننىڭ «خائىن تاغلار»، «مۇمكىنسىز ئولجا»، «ۋەتەن»، «بۇلۇت ئۈستىدە»، «ئۆلۈمنى ئىزدەش»، «چېقىلىش»... قاتارلىق شېئىرلىرى، بولۇپمۇ «سادىر يېتىم قالغان بەش بالىسىنى ئىزدەپ» ناملىق شېئىرىدا خۇددى تاگورنىڭ شېئىرلىرىدەك «توقۇلما، ئىشارە، ئوخشىتىش، رەڭ، ئاۋاز، سۈرەت، تەبىئەت ھادىسىسى ۋە ئىجتىمائىي ھادىسە قاتارلىق بەدىئىي ۋاستىلەر ئارقىلىق ئېنىقسىز، پارچە-پۇرات ئوبرازلىق تەسەۋۋۇرلارنى، بىر-بىرىگە باغلاشمايدىغان ئىچكى تەسىراتلارنى بىر پۈتۈن گەۋدىگە ئايلاندۇرۇپ، كىتابخانلارنىڭ كۆز ئالدىدا كۆپ قاتلاملىق، كۆپ لىنىيىلىك، ستېرېئولۇق، رەڭدار، ھەرىكەتچان بىر دۇنيانى يايىدۇ».

شائىر ئەخمەتجان ئوسماننىڭ شېئىرلىرىدىكى گارمونىك دۇنيا قانداق بىر خىل رىتىمدا ياڭرىغان بولسا، بۇ خىل رىتىم ئۆز نۆۋىتىدە بىزنىڭ ئىچكى دۇنيايىمىزغا بۆسۈپ كىرىپ، ئىچكى دۇنيايىمىزدىكى شۇنداق بىر خىل رىتىم بىلەن بىردەكلىككە ئېرىشىدۇ. بىز ئەخمەتجان ئوسماننىڭ شېئىرلىرىدا يارىتىلغان سېھرىي مۇھىتنى گاھ ھېسسىياتنىڭ، گاھ ئەقىلنىڭ نۇرلىرىنى بايقايمىز. بۇنداق شېئىرىي مۇھىت ئىچىدە پەيدا بولغان چوڭقۇر پەلسەپىۋى پىكىردىن بىز تېخىمۇ يۈكسەك، تېخىمۇ چوڭقۇر بەدىئىي قىممەت ۋە ئىجتىمائىي قىممەتكە ئىگە بولىمىز.

شائىرنىڭ چوڭقۇر شېئىرىي پىكرىنى، قايناق ئىدىيىۋى ھېسسىياتنى ئوتتۇرىغا قويۇشى ئۇنچىۋالا ئاسانغا چۈشمەيدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن يۈكسەك دەرىجىدىكى ھېس-تۇيغۇ ھەم تەپەككۇر بولۇشى كېرەك، چۈنكى كىشىلەر ئوبيېكتىپ دۇنيانى ئەكس ئەتتۈرۈشتە تۇيغۇ بىلەن تەپەككۇردىن ئايرىلالمايدۇ. تۇيغۇ ئاڭنىڭ تۆۋەن شەكلى، ئۇ ئوبيېكتىپ شەيئى ۋە ھادىسىلەرنىڭ بىۋاستە ئىنكاسى. تەپەككۇر — ئاڭنىڭ يۇقىرى شەكلى، ئادەمنىڭ ئەكس ئەتتۈرۈشىنىڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكى. ئۇ كىشىلەرنىڭ مول تۇيغۇ ماتېرىياللىرىنى تەھلىل قىلىپ ۋە ئومۇملاشتۇرۇپ، ئايرىم شەيئىلەردىن ئومۇمىيلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. مانا بۇ بىلىش جەريانلىرىنىڭ ھەممىسى شائىرنىڭ ئىجتىمائىي ئاڭ كاتېگورىيىسىگە تەۋە. شۇنىڭ ئۈچۈن شېئىرنىڭ بۇنداق مۇھىم ئامىللىرىغا سەل قاراشقا بولمايدۇ. بىزدىكى نۇرغۇن نادىر شېئىرلار ئىجتىمائىي ئاڭدىكى ئىلغارلىق ۋە چوڭقۇرلۇق، سىنگارمونىستىك ھېسسىياتنىكى ئۆزگىچىلىك ۋە يۈكسەكلىك بىلەن مەۋجۇت بولۇپ تۇرالىغان.

# تارىخ سېنى بىلىدۇ

(ئوبزور)

ئابلىكىم خېۋىر

ئوقۇتقۇچى — روھىيەتنى ئاقارتقۇچى ئىنسان بولغىنى ئۈچۈن ھەقىقەتەنمۇ ھۆرمەتلىنىشكە لايىق كىشىلەردۇر. جەمئىيىتىمىز بۇ نۇقتىنى تونۇپ يەتكىلى خېلى ۋاقىتلار بولۇپ قالدى، ئوقۇتقۇچى ئەمگىكى بارغانچە قەدىرلىنىۋاتىدۇ، ھەر يىلقى ئوقۇتقۇچىلار بايرىمىدا مەكتەپلەرنىڭ، يېزا-ناھىيىلەرنىڭ، ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلارنىڭ مەمۇرلىرى مائارىپ ئىشىغا ئۆزىنى بېغىشلىغان نۇرغۇن پىداكارلارنى مۇكاپاتلاۋاتىدۇ، ئۇلارغا مېداللارنى تاقاۋاتىدۇ. ئاشۇ پىداكارلار ئىچىدىكى چولپانلار بولسا پايتەختىمىزگە بېرىپ، ئەڭ ئالىي قاتلامنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولۇۋاتىدۇ، ئۇلار دۆلەت باشلىقى ياكى زۇڭتۇڭلار ئورنىدا كۈتۈۋېلىنىۋاتىدۇ، جۇڭنەنخەي ياكى خەلق چوڭ سارىيىدا دۆلەت رەھبەرلىرىمىز بىلەن قەدەھ ئۇرۇشتۇرۇۋاتىدۇ. بۇ مەنزىرە كىشىنى تولىمۇ تەسىرلەندۈرىدۇ. بىراق ئاشۇنداق سورۇنلاردىن بىرلا پىداكار ئەرنى — ئۇيغۇر مائارىپى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ھەممە نەرسىلىرىنى بېغىشلىغان بىر ئادەمنى — كۆرگىلى بولمايدۇ. ئىسلاھات دولقۇنى كۆتۈرۈلگىلى چارەك ئەسىر بولدى. رەڭلىك كۆزەينەك بەزى ئادەملەرنى رەڭ قارىغۇسى قىلىپ قويدى. ئۇلار تېخىچىلا مۇتەئەسسىپ، كونا رامكا بىلەن ئىش قىلىۋاتىدۇ. قان-قېنىغا سىڭىپ كەتكەن مەنىۋى قاششاقلىقى ئەڭ زور دەرىجىدىكى ئىجادچانلىق روھىنى بوغۇۋاتىدۇ. تويۇپ-كېكىرىپ يۈرۈپ ھېچكىمنىڭ ئۆز «رەھبەرلىكى» تېپىشىدا قىلىشىنى خالىمايدۇ. «يەككە»، «خۇسۇسىي» دېگەن گەپلەر چىقىسىلا قۇيقا چاچلىرى تىك تۇرىدۇ.

ھېلىقى پىداكار ئەر بولسا «يەككە مائارىپچى»، ئۆز پۇلى بىلەن، ئۆز قان-تەرى بىلەن، ئۆزىنىڭ ئېگىلمەس-سۇنماس ئىرادىسى بىلەن بۈگۈنكى ھەيۋەتلىك ئۈرۈمچى ئىجتىمائىي كەسپىي ئوتتۇرا تېخنىكومىنى ئاپىرىدە قىلدى. تارىخ ئۆزىنىڭ پىرامىداسى بىلەن، سەددىچىن سېپىلى بىلەن، گىرىك مەدەنىيىتى بابىلون، رىملىرى بىلەن، يىپەك يولى بىلەن تارىخ بولدى، بىزنىڭ نەنمىن كوچىمىزدىمۇ 20-ئەسىرنىڭ 90-يىللىرىدىكى ئەڭ يېڭى پىرامىدادىن بىرى ئاپىرىدە قىلىندى. ئۇ چىرايلىق ئاسمان رەڭگى بىلەن ئۈرۈمچىگە يېڭى جۇلا قوشۇپ تۇرۇپتۇ، ئۇ «ھۆكۈمەت سوممىسى» ئۈستىگە ئۆرە تۇردى. ئۇچتاشنىڭ جەنۇبىدىكى تاغ ئۈستىدە — گۆرىستان ۋە ئەخلەتلەر دۇنياسى ئۈستىدە — بۇنىڭدىن نەچچە يىللار ئىلگىرى بىر «پىرامىدا» قەد كۆتۈرگەنىدى. ئۇ مەرىپەت دۇنياسىغا ئاجايىپ ھۆسن قوشۇپ تۇرۇپتۇ. ئۇ بولسا «يەككە»، «خۇسۇسىي» سومما ۋە تېخىمۇ مۇھىمى، «يەككە» ۋە «خۇسۇسىي» ئەمگەك ئۈستىگە ئۆرە تۇردى. بۇ پىرامىدانىڭ «فىرئەۋن»ى بولسا بىز شان-شەرەپ مۇنبىرىدە كۆرەلمەيۋاتقان ھېلىقى پىداكار ئەركەك.

«تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىنىڭ 1995-يىللىق 3-سانىدىن سەمەندەر ئەپەندىنىڭ «مۆجىزە

مانا شۇنداق يارىتىلغان» ناملىق ئوچېركىنى ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن خېلىلا ھاياجانلىنىپ قالدىم. بۇ ئوچېركنى «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىدا يېقىنقى يىللاردىن بېرى ئېلان قىلىنغان ئوچېرك ۋە ئاخبارات ئەدەبىياتى ئەسەرلىرى ئىچىدىكى ياخشىراقى دېيىشكە بولىدۇ.

ئالدى بىلەن شۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش كېرەككى، بۇ ئوچېرك ناھايىتى ئىخچام يېزىلغان، ئوچېركنىڭ ماۋزۇسى بەكمۇ چىرايلىق قويۇلغاچقا ماۋزۇ ئىختىيارسىز دىققىتىڭىزنى تارتىدۇ. ئاپتور ئوچېرك ئىجادىيىتىدىكى چىن بولۇش پرىنسىپىغا قاتتىق ئەمەل قىلىپ، زامانىمىزدىكى قەيسەر بىر ئېگىلىك ياراتقۇچىنىڭ بەدىئىي ئوبرازىنى جانلىق سۈرەتلەپ بەرگەن. پاساھەتلىك تىل بىلەن ناھايىتى ئۇزۇن بىر جەريانىنى، تەسىرلىك ئەمما ئىخچام، ستىرېئولۇق قىلىپ ئىككى-ئۈچ ئىشقا يىغىپ، مەزمۇننى قاتتىق پىرىسلاپ، ئىنتايىن تەسىرلىك بەدىئىي مۇھىتنى يارىتالىغان. بىرىنچى، شۇنچىۋالا تەسىرلىك ئىش-ئىزلىرى بار بىر قەھرىمانىنىڭ ياراتقۇچى، ئەمگەك قىلغۇچى بىر جۇپ قولىنى رەھىمسىز تەقدىر شەپقەتسىزلەرچە تارتىۋالغان. ئىككىنچى، ئۇ ئوتتۇرىھال كۈن كەچۈرۈۋاتقان بىر ئائىلىنىڭ ئاتا مىراسى دېگەندەك ھەممە تەئەللۇقاتىنى ۋە ئۆزى قۇرغان بىرقانچە ئۇششاق كارخانىلارنىڭ پايدىسىنى مەكتەپ قۇرۇش ئۈچۈن تىككەن. ئۈچىنچى، ئۇ گۆرستان ۋە ئەخلەتلەر دۇنياسىنى ئۆزىنىڭ پارلاق غايە، ئەقىل-ئىرادە كۈچىگە تايىنىپ، ئېگىلمەس-سۇنماس روھ بىلەن ئۆزگەرتىپ ئۇنى مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ پارلاق ئۇچقىغا ئايلاندۇردى. ئۇ مۇشۇ كەمگىچە ئوقۇشسىز قالغان ياشلاردىن 13 مىڭنى تەربىيەلەپ چىقىپ ئىككى ئىش قىلدى: بىرىنچى ئىش، ئوقۇشسىز قالغان ياشلارنىڭ كۆپلىرى ئىشسىزمۇ قالدى، ئىشسىزلىق مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا جىنايەت مەنبەسىنى ئۇلغايتىپ قويىدۇ. بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا غوپۇر نۇر جەمئىيەت ئامانلىقى ئۈچۈن غايەت زور تۆھپە قوشقان بولىدۇ. بىزنىڭ ج خ تارماقلىرىمىز، سوت، تەپتىش تارماقلىرىمىز ئۇنىڭغا ئەڭ ئالىي شان-شەرەپنى بەرسە بولىدۇ. ئىككىنچى ئىش، 13 مىڭ ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئىختىساس ئىگىسى جەمئىيىتىمىزنىڭ قۇرغۇچىلار سېپىگە قاتنىشىپ، خەلقىمىز ئۈچۈن ماددىي مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىدۇ، بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، بىزنىڭ مائارىپ مەمۇرلىرىمىزمۇ ئۇنىڭغا ئالىي شەرەپ بېرىشكە تېگىشلىك. تۆتىنچى، ئۇ 92 نەپەر يېتىم بالىنى مەكتەپكە قوبۇل قىلىپ ئۇلارنى تۆت يىل ھەقسىز ئوقۇتۇپ، ئۇلار ئۈچۈن 450 مىڭ يۈەن سەرپ قىلىپ، ئۇلارنىڭ دىلىنى ئىلىم نۇرى بىلەن يۇدى.

بىز يولداش كۆكنىڭ فەنسىندىن ئۆگىنىۋاتىمىز. كۆك فەنسىنىڭ شۇنچىۋالا نۇرغۇن تەسىرلىك ئىش-ئىزلىرى ئىچىدە كىشىنىڭ ئىسسىق ياشلىرىنى تارامىلىتىدىغىنى دەل ئۇنىڭ ئۈچ نەپەر زاڭزۇ يېتىم بالىنى باققانلىقى، ئۇلارنى بېقىشقا پۇلى يەتمىگەندە ئۆزىنىڭ قېنىنى ساتقانلىقى ئەمەسمۇ؟ يېتىملەرنىڭ بېشىنى سىلاش مەيلى ئىسلام، مەيلى خرىستىئان، مەيلى بۇددا ئەھكاملىرى ئىچىدە بولسۇن ئەڭ گۈزەل ئەخلاق ھېسابلىنىدۇ. مۇھەممەت مۇستاپا سەللەللاھۇ ئەلەيھىسساللاممۇ يېتىم بالا ئىكەن، مۇھەممەتنىڭ دەۋەتلىرى ئىچىدە يېتىملەرگە ئاتىدارچىلىق قىلىش ئەڭ كاتتا ئەمەل ھېسابلىنىدىكەن. يولداش كۆك فەنسىن، ياتقان جايىڭىز جەننەت بولسۇن! يولداش غوپۇر نۇر، ھېسابات ئوقۇغانلا ئادەم بۇ جەھەتتىكى ئۇلۇغلۇقلارغا قەلب تۆرىدىن ئورۇن بېرەر. غوپۇر نۇردىن ئۆگىنىش دولقۇنى ھازىر قوزغالمىسا كېيىن قوزغىلار، بىزدە ئۇلۇغ ئادەملەر ئۆلگەندىن كېيىن ئاندىن ئۇنىڭدىن ئۆگىنىش دولقۇنىنى قوزغاش ئۇدۇم بولغان ئىش. ھېچكىمدىن ئاغرىنغىلى بولمايدۇ، پەزىلەت مەڭگۈ ئۆلمەيدىغان نەرسە.

ئاپتورنىڭ بۇ ئوچېركنى يېزىشتا قولغا

كەلتۈرگەن ئەڭ زور مۇۋەپپەقىيىتى شۇكى، ئۇنى ناھايىتى ئىنچام يازالىغانلىقىدا، مەزمۇن ۋە لوگىكىلىق تەپەككۇرنى ئىنچام بېرىپ، زامان ۋە ماكان كەڭلىكىنى كىتابخانلارنىڭ ئۆزىگە تاشلاپ قويغانلىقىدا. ئوچېركتىن بىرەر جۈملىنىمۇ چىقىرىۋەتكىلى بولمايدۇ. بىراق نۇرغۇن ۋە ئانچە زۆرۈر بولمىغان جۈملىلەرنى كىتابخانلار قوشالايدۇ. بۇ ئوچېركنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن نۇرغۇن ئىشلار ئادەمنىڭ ئېسىگە كېلىدۇ، تەسەۋۋۇر قاناتلىنىدۇ، ئەتراپىڭدا بولۇۋاتقان ئىشلارغا نۇرغۇن سوئاللارنى قويغۇڭ كېلىدۇ، ئۇلارغا باھا بېرىسەن. بۇ ئاپتورنىڭ بەدىئىي تەربىيىلىنىشىنىڭ تېيىز ئەمەسلىكىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ بەدىئىي دىتقا ياتىدىغان بىر خىل چوڭقۇرلۇق. ئوقۇپ بولۇپلا ئۇ توغرىدا ھېچنەرسىنى ئويلىمىساڭمۇ بولۇۋېرىدىغان ئەسەرلەر يامان چىققان ئەسەرلەردۇر. بۇ نۇقتىدا ئاپتور بىزگە ئۈلگە تىكلەپ بەرگەن.

«تەڭرىتاغ» نىڭ قايناق كىتابخانى بولۇش سۈپىتىم بىلەن مۇشۇنداق ئەسەرلەرگە ئەھمىيەت بىلەن ئورۇن بېرىلسە دەيمەن.

كۆڭلۈمدە يەنە جىق گەپلەر بار، بۇنىمۇ مۇشۇ ئوچېرك قوزغىغان. غوپۇر نۇر بىر مەجرۇھ ئىسلاھاتچى، ئۇ شۇنچىلىك ئىشلارنى قىلدى، ئاللاتائالا يەتتە ئەزاسىنى ساق ياراتقان ئادەملەر نېمىلەرنى قىلسا بولىدۇ؟ مەملىكەتلىك مېيىپلار بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى دېڭ بوفاڭ ئەپەندى ئۆز قوشۇنىدا غوپۇر نۇردەك بىر شەخسنىڭ بارلىقىنى، ئۇنىڭ تۆھپىسىنى، تارتقان دەرد-ئەلەملىرىنى بىلەمدىغاندۇ؟ ئۇ بىلمىسە كېرەك. ئەگەر ئۇ بىلسە نېمىلەرنى دەيدىكىن؟

غوپۇر نۇر، سېنى تارىخ بىلىدۇ، تارىخ كەم نەرسىنى تولدۇرىدۇ، بۇنىڭغا ئىشەن. سەن ئەڭ توغرا، ئەڭ ساۋابلىق يولدا مېڭىۋاتىسەن. دادىل-ئالغا باس!

## چەتئەل يۇمۇرلىرىدىن

ئىككى ئەنگلىيىلىك بالىلىرىنىڭ دۆتلۈكىدىن ئاغرىنىپ ئۆز ئارا مۇلاھىزىگە چۈشۈپتۇ.

— سىز مېنىڭ بالامنىڭ دۆتلۈكىگە قاراپ تۇرۇڭ، — دەپتۇ بىرى، — بۇياققا كەل مىك ساڭا بىر فوندستېرلىڭ بېرىمەن، بازارغا كىرىپ لاۋس لاس ماركىلىق پىكاپتىن بىرنى سېتىۋېلىپ ئەكەل.

مىك پۇلنى ئېلىپلا بازارغا مېڭىپتۇ.

— بۇنىڭ ئەجەبلەنگۈدەك نېمىسى بار؟ — دەپتۇ يەنە بىرى، — مېنىڭ بالام دىنانىڭ دۆتلۈكىنى كۆرۈپ باق، — دىنا، سەن ھازىر بازارغا كىرىپ سارۇيىن قاۋاقخانىسىغا قاراپ باق، مەن ئۇ يەردە بارمۇ-يوق؟

يولدا مىك بىلەن دىنا ئۇچرىشىپ قېلىپ ئۆز دادىلىرىنىڭ دۆتلۈكى ھەققىدە مۇلاھىزىگە چۈشۈپتۇ.

— مېنىڭ دادام تازىمۇ دۆت، ھازىر بارلىق سودا بازارلىرىنى تاقىۋەتكىنىنى ئۇ ئۇقمايدىكەن — دەپتۇ مىك.

— مېنىڭ دادامچۇ، — دەپتۇ دىنا، — ئۇنىڭدەك دۆت ئادەم يوق، مېنى سارۇيىن قاۋاقخانىسىغا بېرىپ قاراپ باق دېگۈچە، ئۆزى تېلېفون ئۇرۇپ سوراپ باقسىلا ئۆزىنىڭ بار-يوقلۇقىنى ئۇقماملىتى.

(ئىسمايىل قاسىم.ت)

# ئككى شېئر

## جبك من

ئمن ئەخمدى تەرجمسى

### تىل ئشتپ ئويلانماي

تىل ئشتپ تۇرۇپمۇ ئويلانمساڭ گەر
جاهان ئەخلتنى سورۇيدۇ بوران
ئوكيان قارشسدا غلجڭلق قلپ
ئوئل-سترىتنى تىللاپ سۆككەنلەر
بزنىڭ يۇرتمزدا بتخوۋن بلەن
كۆڭزنىڭ بېشغا شېغل تۆككەنلەر
ئوكيان قارشسدا ياپياش تۇرۇپلا
زەهەردن قورايدەك سزىپ كەتكەنلەر
بنا ئۆگزسدە جالاقلاپ تترەپ
نومۇسسزلق قلپ چەككە يەتكەنلەر
بزنىڭ يۇرتمزدا بر توپ مۇقەددەس
تېرروۋرچى ئاتلىپ ئنسانىيەتنىڭ
ئەقل ئامبرنى ئوتتا كۆيدۈرۈپ
ئادەمنىڭ ئززتى-هۆرمتن چەيلەپ
ئەخلاق مزاننىڭ دىلن چەككەنلەر
تۆپەيلى تارىخنىڭ قوليازمىلىرى
ئالني بلىم يۇرتى، ئارخىپلار هەتتا
ئبلسلار نەپرەتلك كۆزدە تكلگەن
نەرسلەر بر يولى تۆگەيدۇ بەلكم
كشلەر سۆيۈنگەن جېمكى ئۆتمۈش
بزدن بر-بر چېنپ كېتەرمكن تاڭ
سەۋەب شۇ تاڭدىكى ساراڭلق بلەن
هەمنەپەس يارالغان قۇرۇق خىياللار
قارىماققا بر خىل ئاسيلىق، بىراق
هەر خل ئاقىۋەتنى تۇغدۇ تەهقق
ئەگەر تىل-هاقارەتتن ئويغا پاتمساڭ

پىلانتلار ماگدى ئوقدا جمجت
ئون هەتتا يگرمە، ئوتتۇز يل ئۆتتى...

ئوكيان قارشسدا قايتا ئويلنش
ئاغزنى بۇزغانلار خىيالغا پاتتى
بزنىڭ بۇ يەردىچۇ چۆشەكگەنلەر
ئوئل-سترىتنى قۇرماقچى بولۇپ
تېرىگە يېزىلغان هەر خل خاترە
قەدىم كىتابلارنى بر يانغا ئاتتى
ئۇنىڭ ئورندا رەڭدار چىراي ياسىغان
سنئالغۇ، ئۈنئالغۇ سوزۇلۇپ ياتتى
كىملەردۇر بر كېچە شاپاشلاپ تالاي
مەجمۇئە پۈتتۈرۈپ بازاردا ساتتى
هاقارەت تەختدە ئززەت تاپقانلار
مودا كىيىملەرگە يۆگەلدى بۆگۈن
ئچكىنى تۆگمەس XO سۇلىرى
هېلىدىن-هېلغا يېڭىلاپ تۇرغان
تەكەللۇپ، قائدە، كۆرمىڭ هاقارەت
داۋاملاشتى ئۇلار بلەن يېڭىدىن
« قەهرىمان » بولغانلار شۇنداق بولغىدەك:
يا شۇنچە مۇلايىم ياكى زەهەرخەند
ۋە ياكى رەهمسز ياكى ئەسەبىي
ۋە ياكى تىلەمچى كەبى ۋەيرانە
ۋە ياكى بىردەمدە بىپىلا كەتكەن
هەقىقي ئەسلنى ئۇنتۇغان تامام
كۆزنى غەلەت قلىپ هەر خل ئۆزگىرىپ
بولغاندەك تەڭگنىڭ ئككى تەرپى
ئككى يۈزلىملىك بلەن جان بېقىپ
ئالدۇ ئوخشاش بر رولنىلا خالاس

تىل ئشتپ ئويلانماي يۈرۈۋەرسەڭ گەر
باش ئەتىيازدىكى قۇترىغان قويۇن
پەقەت ئەخلەتنلا سورۇيدۇ ئەركىن

قالدۇ قاقاس پېتى مايدىكى بوستان
مەغرىبتىن ئارقىدا قالغان بۇ مەشرىق
كۆچۈرۈپ باسقۇچى ماشىنا كەبى

دورامچىلىق بىلەن تەكرارلاش ئارا
ھەقىقىي ئەسلىنى ئۇنتۇيدۇ ھامان
ئەگەر تىل-ھاقارەتتىن ئۆيغا پاتمساڭ

## ئۇنتۇلغان تۇنۇگۈن

(قەدىمكى مەدەنىيەتكە مەرسىيە)

بىر توپ قەدىمكى ھايۋان پولات ۋە ئەينەك
بىلەن پۈتكەن مۇدھىش چوقىلار ئارا
يۈگۈرۈشۈپ يۈرىدۇ ئالدىراپ-تېنەپ
ئۇلارنىڭ مىڭ يىللىق تۇنۇگۈنلىرى
تەمەننا قىلغۇدەك يېزىقلىرى ھەم
ئالېكساندىر كۇتۇپخانىسى
ئىچىگە بەنت بولۇپ ياتىدۇ بۇ دەم
ئۇلار پولات بىلەن ئەينەك ئاستىدا
يانجىلغان، تىنالماي باشلىرىدا غەم

يات مىللەتنىڭ نىچان ھۇجۇملىرىنى
يەۋەتكەن، سىڭىرگەن مۇشۇ كىتابلار
ۋە ئۆز مىللىتىنى قايتا يارىتىپ
گۈللەتكەن، ياشناتقان شۇ كىتاب ئۆزى
ئەپسۇس بۈگۈن ئۇنىڭ ئۆز بەدىنىدىن
ئۆسۈپ چىققان بىر قول گويا ئوغرىدەك
كلاسسىك توملارنىڭ ھەر بىر ھەرپىنى
ھېچكىمگە تۇيدۇرماي ئېلىپ كەتمەكتە
ئۇلار قەدىم ھايۋان ئۇمۇرتقىسىدىن
قەدىم مەدەنىيەت نىرۋىلىرىنى
سۇغارماقتا خۇددى سۇغارغاندەك يىپ
خەت شەكلى ئۇلارنىڭ ئېسىدىن چىقتى
يوقالدى قەدىمكى چالغۇ ئاۋازىن
ئاڭلاشقا يارالغان بىر جۈپ قۇلاقمۇ
تۈگىدى قاپقارا سىيادا پۈتكەن
تاغ-دەريا ھۆسنىگە ئىنتىزار كۆزلەر

بۇلار بىلىم قەسرىدىن ئايرىلغان مىنۇت
دېڭىز ساھىلىدەك زەڭگەر تورۇسلار
قاقشان قوزۇقسىمان قىلىشتى قېتىپ
گويا ياقا يۇرتنىڭ ئادەملىرىدەك
تەئەججۈپ ئىلكىدە تۇردى ھاڭۋېقىپ

يىگىرمە بىرىنچى ئەسىر قۇياشى
بېيجىڭ، شاڭخەي ھەممە شىنجىن، خەينەننىڭ
كۆپكۆك ئاسمىنىدا قىلىدۇ جىلۋە
يىگىرمە بىرىنچى ئەسىر دېڭىز سەلكىنى
يەلپۈيدۇ قورامغا يەتكەن بۇ قەدىم
ھايۋاننىڭ گەدەنگە چۈشكەن چېچىنى
ئۇلار شۇنچە ساغلام، شۇنچە كېلىشكەن
ئۇزۇنغا يۈگۈرۈشتە رېكورت بۇزغانلار
ئۇلارنىڭ نەزەرى كەلگۈگە مايىل
چىراي ئىپادىسى بۇتتىن پەرقسىز
ئەستىن كۆتۈرۈلگەن ئۇزۇن مۇساپە
كەينىدە يىلاندەك ياتقان سوزۇلۇپ
يىراق-يىراقتىكى يىپەك يولىدىن
ئاداقى قوزغالغان كارۋان سايىسى
ۋە قوڭغۇراقلاردىن ياڭرىغان سادا
كىرۈرەندىكى ئۆلۈم بوشلۇقى تامان
لام-جىم دېمەستىن تاشلايدۇ قەدەم

قاتراپ ھارمايدىغان زىراپىلەر ۋە
ئوكيان ھالقىيدىغان يۇنۇس بېلىقى

كاپىتالىستلارنى ئالقانغا ئالغان
غايەت زور بايلىققا ئىگە زەردارلار
ئەجدادلارنىڭ قىيا سۈرەتلىرىنى
تارىشا پۈتۈكتىكى يېزىقلارنى ھەم
قولىدىن كەتكۈزۈپ قويدى پۈتۈنلەي
ئۇنتۇلۇپ بوش-بىكار قالغان تۇنۇگۈن
قۇملۇق ئەرتىسىدىن بىرىدۇ دېرەك

ئىچقويۇن-تاشقويۇن بولغان قۇملۇقلار
بوران-چاچقۇنلاردا كۆمۈلگەن ئىزلار
ئايدىڭكۆل لەۋ يالاپ قۇرۇپتۇ تۈگەل
تۇيۇقسىز ئىپسىنى يىققان كىملەر بار؟
سىلكىنىپ ئارقىغا قارىغان مەھەل
ھەيرانە-ھەس بولۇپ كۆرىمىز پەقەت:
ئۆلۈمنىڭ ئۈيقۇدىن ئويغىنىپ گويا
چىن سۇلالىسىنىڭ لاي لەشكىرىدەك
قەبرىدىن ئۆملەپ چىققانلىقىنى

ئۇلار ئۆك-سولىنى چېقىپ-پاچاقلاپ
كۆكتىكى پولاتنى، ئەينەكلەرنى ھەم
چوقىدەك كۆكسىگە باسىدۇ مەھكەم
سەپ بولۇپ تىزىلغان بۇ ھەيۋەت قوشۇن
چېكىنمەكتە چەكسىز يايلاققا قاراپ
ئۇلار كىرۇرەندە تىزگىنلەيدۇ قۇم
سۇ ئىزدەپ تاپىدۇ قەدىم ھايۋانغا

بۇ ئەمەس ھەرگىزمۇ قايتىلانغان چۈش
قوۋۇقنىڭ سىرتىدا ھۇۋلايدۇ بوران
تۇنۇگۈن بۇگۈننى يانغا چاقىرىدۇ
بولمايلى مۇنچىلىك يەڭگىل ۋە قاتمال
پار-پۇر تونلىرىمىز چىقمىسۇن ئەستىن
سودا مەيدانىدىكى ئېلېكترونلۇق
ھېسابلاش ماشىنىسىغا خوش-خوش دەپ يۈرسەك
يۇتتۇرۇپ قويىمىز قەدىمكى روھنى

(«شېئىرىيەت» ژۇرنىلىنىڭ 95-يىللىق 6-سانىدىن تەرجىمە قىلىندى)

# شېئىرلار

## ئۆمەر مۇھەممەتئىمىن تەرجىمىسى

### ئارال

#### كاسودو

ئىشتىياقىڭ، سۆيگۈ پىراقىڭ
دەرد سالمىسۇن ماڭا قانداقمۇ
مېنىڭ يۇرتۇم — مېنىڭ ماكانىم؟

جوخۋا گۈلى
بەلكىم ئەتىرگۈل
سۈكۈناتقا چېچىپ خۇش پۇراق
كېچە بوشلۇقىدا چايقىلار ئاستا.

#### [ ئىتالىيە ]

ئەگىپ ئاققان كۆپكۆك بىر ئېقىن
غەمكىن گۈلنى ئېقىتىپ تېز-تېز
قىرغاقلارغا سوقۇپ سولدۇرۇپ
جىمجىت دېڭىز تەكتىگە تاشلار.
قايتىپ كەلدىم قوينۇڭغا خىرە
بىلىنەر-بىلىنمەس ئاققان كوچىدا
نازاكەتلىك تارتىنچاق ئاۋاز
چاقىرىدۇ شائىرنى
پەدىسىنى توغرىلاشقا چالغۇنىڭ،

① ئالكساندىر كۇتۇپخانىسى قەدىمكى يونان پادىشاھى ئالكساندىر ماكىرونسكى مىسىرغا يۈرۈش قىلغانىدا قۇرۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا ساقلانغان كىتابلار ئىنتايىن كۆپ ئىدى. بۇ كۇتۇپخانا كېيىنچە كۆيدۈرۈۋېتىلدى. ئاپتور بۇ يەردە قەدىمكى يونان مەدەنىيىتىنىڭ خارابىلاشقانلىقىنى كۆزدە تۇتىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تىڭشىمايمەن مەن بۇنى ئەسلا
بالىلىقتا ئوخشار بۇ گويا
ئوخشار يەنە مۇھەببەتكىمۇ.

يۇرتقا بولغان سېغىنىشلىرىم
پەرۋاز قىلىپ ئۇچار ئىرەنسىز،
مەن كىردىم يوشۇرۇن ئالدىراپ-تېنەپ
يىراقتا قېپقالغان ئۆتمۈش قوينىغا.

## كېچە

**ئالبىر** [كانادا]

كېچە
سۆكۈتلۈك كېچە
داۋالغۇيدۇ ئەتراپلىرىمدا
زور، تىرەن دېڭىزنىڭ ئېقىنلىرىدەك.

نائېنىق بەك تۇتۇقلا رېتىم
مەخپىي تېلېگرامما نومۇرى
ئامالسىزمەن چۈشەندۈرۈشكە.

تىمتاس دېڭىز ئىچىدە يېتىپ
سالماقتىمەن زەن قويۇپ قۇلاق
يۈرىكىمنىڭ سوقۇشلىرىغا
ئۇ پىلىلدار ئۆچەر يەنە ھەم
گويا بىر تال ماياكقا ئوخشاش.

چېچىلغاندا يورۇقلۇق ھەر رەت
كۆزۈمنى چىڭ يۇمۇۋالىمەن
ھەربىكتى كېچىنىڭ
ئۆتۈپ چەكسىز سۆكۈناتلىقتىن
يوشۇرۇنۇپ ئالار مەخپىيلا.

## ئۇتنىڭ جىجىلىشى

**تىراسدلۇم** [شۋېتسىيە]

ھاياتىم نۇرلىنار غەمكىن كۈنلەردە
مەن پەقەت سەن بىلەن بولغاندا بىرگە.
پارقىراق قوڭغۇز
تەكرار ئوت ياندۇرار، تەكرار ئۆچۈرەر.
قاراڭغۇ تۈن ئىچىدە
ئۇلارغا دەممۇ-دەم ئەگىشەتتىڭ سەن
زەيتۇن دەرىخى ئاستىدا تۇرغان

ئەگرى-بۈگرى شۇ كىچىك يولدا.
روھىم چۈشكەن غەمكىن كۈنلەردە
نىجاتلىق يوللىرىم يوقالغاندىمۇ
گەۋدەم ئۇدۇل كېتىپ قالار سەن تامان.
پۈتسىمۇ ئۈنىمىز تۈن بوشلۇقىدا
بىز جاھاننىڭ سۈتىنى سېغىنىپ
جان بېقىشنىڭ بولدۇق كويىدا.

## مېنىڭ ھاياتىم

**ھېيدېنستام** [شۋېتسىيە]

توختىما، تۈيدۈرماي يوقال ھاياتىم!
كۆرگەزمە قىلغۇم تىزىپ ئىشكاپقا،
ئىسراپ قىپ قىممەتلىك ۋاقتىڭ دۆتلەرچە.

دېمەيمەن: «كەل، تېز تۇت ئۇستاز قولنى،
كۆرسەتكەن ئۇ گۈزەل گۈللەرنى خۇش خۇي!»

ئىشەنچلىك دوستۇم يۈز ئۆرىگەن چېغى،
كەلگەندە بېشىمغا كۈلپەتلىك تەقدىر،
كۆتۈرۈپ كۆز ياشقا تولغان كۆمۈش جام
شۇنداق هال ئېيتمەن يولۇچىلارغا:

«ئاھ، مېنىڭ بوينۇمغا ئېسىل، يىغلىغىن،
ئىچ ئاغرىت، بىز بىللە يىغلايلى بىرپەس!»
قەبرەمگە سۈكۈتتە ماڭمەن ئۈنسىز.

ئاھ، چەكسىز سوزۇلغان يەر-ئاسمان ئارا،
قەبرەمگە سۈكۈتتە ماڭمەن ئۈنسىز.

# قارلىق كېچىدە بېلىق تۇتۇش

**مۇسگېلاف** (كانادا)

يېقىنلاشتىڭ شۇ قەدەر
تەنھا ماكانغا.
يېقىنلاشتىڭ شۇ قەدەر
ئۆزگىلەرگە مۇھتاجسىزلىققا.

دەريا جىمجىت-تىنچ، كۆمۈشرەڭ
يېپيۆەتكەن تاشنى، سەن ئۆزۈڭ
هاۋا ۋە سۇ ئارا باغلىنىش.


كۆكۈللۈكتۇر سېنىڭ هاياتىڭ.
چۆرىدىڭ سەن قارماق يىپىنى
تاشلاپ مۇزدەك سوغۇق سۇ ئارا؛
سايەڭگە شۇڭغىدى ئۇلغايغان ئېقىن
سىرلىق ۋە ئېغىر.

سەكرىمەكتە بىر بېلىق.
مەيىن دولقۇن داۋالغۇپ قايتار...
يېقىنلاشتىڭ شۇ قەدەر
شولىسىغا ئۆزۈڭنىڭ.
بوي-بەستىڭ كۆرۈندى، يىرىلدى يەنە...
يېقىنلاشتىڭ شۇ قەدەر
مۇكەممەللىككە.

قار سوغۇق كۆكتىن
چۈشمەكتە، ياپماقتا سېنىڭ يۇمۇلغان
كۆزۈڭنى. ئۇ چۈشمەكتە لەيلەپ
چوڭقۇر ئاياغ ئىزلىرىڭغا، ياپماقتا
كېلەر يولۇڭ، كېتەر يولۇڭنى.

مۇشۇ پەيتتە
يېقىنلاشتىڭ سەبىيلىككە شۇ قەدەر،
يېقىنلاشتىڭ جىمجىتلىققا شۇ قەدەر.

قار ئۇچقۇنى سوغۇق هاۋادىن
چۈشمەكتە لەيلەپ.
تولماقتا قورۇلغان تار بىر زامانغا.



# ئىككى ھېكايە

## ئاللان پوئې

( ئامېرىكا )

مۇھەممەت مېھرۇللا تەرجىمىسى

**مۇھەررىردىن:** ئېدگار ئاللان پوئې (1849-1809 Adgar Allan Poe) ئامېرىكىلىق مەشھۇر شائىر، يازغۇچى ۋە تەقرىزچى. ئۇ بوستوندا دۇنياغا كەلگەن بولۇپ، ئاتا-ئانىسى كىچىكىدىلا قازا قىلىپ كەتكەچكە تۇغقانلىرىنىڭ تەربىيىسىدە چوڭ بولغان. ئەنگلىيىگە بېرىپ ئوقۇغان، ۋەتىنىگە قايتقاندىن كېيىن ھەربىي سەپتە خىزمەت قىلغان. يىگىرمە نەچچە يېشىدا تۇتۇق دادىسى بىلەن ئارازلىشىپ قېلىپ تەنھا ياشىغان ھەمدە شۇنىڭدىن ئېتىبارەن شېئىر يېزىشقا كىرىشكەن. ئۇ بىرنەچچە يىل ئىچىدە ئۈچ شېئىرلار توپلىمى نەشر قىلدۇرغان. كېيىنچە ژۇرنالدا مۇھەررىرلىك قىلغان ھەمدە ھېكايە ۋە ماقالىلەرنى ئېلان قىلغان. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، «قاغا» (1845) داستانى ۋە سىرلىق، ئاجايىپ-غارايىپ يېزىلغان ھېكايىلىرى ياۋروپا-ئامېرىكا يازغۇچىلىرى ئارىسىدا زور داغدۇغا قوزغىغان. ھەتتا سىمۋولىزم شېئىرىيىتىنىڭ پېشۋاسى بولغان فرانسىيىلىك بودلېرمۇ ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى ئۇدا 17 يىل يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىپ تەرجىمە قىلىش، تەتقىق قىلىش بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇ، دۇنيا ئەدەبىيات تارىخىدا تۇنجى قېتىم ساپ سەنئەت نۇقتىئىنەزەرنى ئوتتۇرىغا قويغان ھەم ئۆز ئەمەلىيىتى ئارقىلىق ئىسپاتلىغان كىشى، ئۇ جاھان ئەھلى بىردەك ئېتىراپ قىلىدىغان غەرب مودېرنىزم ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئۇستازى.

بىز ئاپتورلىرىمىزنىڭ ئىجادىيىتىگە ئىجادىي تەسىر كۆرسىتىش مەقسىتىدە، ئۇنىڭ قىسقا يېزىلغان ئىككى پارچە ھېكايىسىنى كىتابخانلىرىمىز ھۇزۇرىغا سۇندۇق.

### كۆلەڭگە

شۇنداق، مەن ئۆلۈم سايە تاشلاپ تۇرغان تىمتاس جىلغىلاردا ماڭغان.

— «ئىنجىل. 23-قىسىم، داۋۇتنىڭ قىسسى»

كىتابخان، سەن يەنىلا پانى دۇنيادا ياشماقتىسەن. لېكىن مەن — يازغۇچى كۆلەڭگە دۇنياسىغا كىرگىلى نەۋاخ. جاھاندا ئاجايىپ-غارايىپ ئىشلار يۈز بېرىپ تۇرىدۇ؛ سىرلار ھامان ئاشكارىلىنىدۇ. بۇ خاتىرە بۇيۇملارنىڭ قەدىرىگە كىشلەر يېتىشتىن ئىلگىرى نۇرغۇن ئەسىرلەر ئۆتۈپ كەتكەن بولىدۇ. شۇ ۋاقىتتىمۇ بەزىلەر ئىشىنىشى، بەزىلەر گۇمانلىنىشى مۇمكىن. ئەمما بەزى كىشلەر بولسا پىكىر ئىسكىنىلىرى بىلەن بۇ يەردىكى ئوبرازلارنى ئويۇپ چىقىدۇ.

بۇ ۋەھىملىك بىر يىل، لېكىن ھېسسىيات ۋەھىمىدىن تېخىمۇ چوڭقۇر. چۈنكى، جاھاندا ۋەھىمىگە تېخى نام قويۇلغىنى يوق. نۇرغۇنلىغان ئاجايىپ-غارايىپ كۆرۈنۈشلەر ۋە بەلگىلەر پەيدا بولۇپ، ۋابا ئىلاھىنىڭ قارا قاناتلىرى ئالەمنىڭ ھەممە يېرىگە يېيىلماقتا. شۇڭلاشقا يۇلتۇزلۇق كائىناتتىكى چېچەن پەرىشتىلەرمۇ ئالەمگە بىر خىل كېسەللىك تارقالغانلىقىنى بىلىدۇ. مېنىڭچە، يۇنانلىق ئاۋېينوس باشقىلار ئارىسىدا

ياشماقتا. ئىنقكى، ھازىر 794-يىلىنىڭ ئالمىشىدىغان ۋاقتى كەلدى. بۇ ۋاقىتتا يوپيىبىر بىلەن قورقۇنچلۇق ساتورىنىنىڭ قىزىل گەردىشى ئاق قوي ئوردىسى ئالدىدا پىرلىشىدۇ. ئەگەر مەن خاتالاشمىسام ئىنسانىيەتنىڭ ئارزۇ ۋە خىيالى يەر شارىنىڭ فىزىكىلىق ئوربىتىسىدا ئەمەس، بەلكى روھىدا مەۋجۇت بولىدۇ، دەپ جاكارلىغان بولاتتىم.

ئاخشام بىز يەتتە كەسپداش پوتلىمىس ناملىق تۇمانلىق شەھەردىكى ھەشەمەتلىك سارايدا ئولتۇرۇپ ئىگىز رومكىلاردا ۋىنو ئىچىشتۇق. بىزنىڭ ياتاقخانىمىزنىڭ ناھايىتى ئىگىز مىس ئىشكىدىن باشقا ھېچقانداق كىرىش ئىغىزى يوق ئىدى. ئىشكنى ھۆنەرۋەن كرىلنوس تولىمۇ نەپىس ياسىغان بولۇپ، ئادەتتە بۇنداق ئىشكلەر ناھايىتى ئاز ئۇچرايتتى. ئىشككە ئىچىدىن تاقاق سېلىناتتى. غۇۋا يورۇپ تۇرغان ئۆيدىكى قارا پەردە ئاينى، كۈمۈشرەڭ يۇلتۇزلارنى، ئادەمسىز كوچىلارنى توسىيالىغان بىلەن رەزىللىك ئالامەتلىرىنى ۋە ئەسلىملىرى-نى توسۇپ قالالمايتتى. مەن ئەتراپىمىزدىكى بەزى نەرسىلەرنى — ماددىي ۋە روھىيەتكە تەئەللۇق ن ەرسىلەرنى، ھاۋادىكى ئىغىر بۇرۇقتۇرمىلىقنى، تەشۋىشلىك تۇيغۇلارنى، بولۇپمۇ روھىيەتتىكى سەگەك ۋە جانلىق بولغان، ئەمما تەپەككۇر بولمىغان قورقۇنچلۇق ھالەتنى ئىنىق چۈشەندۈ-رۇپ بىرەلمەيمەن. قاتماللىشىپ كەتكەن بىر خىل ئىغىر تۇيغۇ پۈت-قولىمىزنى، پۈتۈن ۋۇجۇدىمىزنى — ئائىلە سايمانلىرى ھەتتا بىز ھاراق ئىچىدىغان ئىگىز رومكىلارنىمۇ چىرمىۋالغان بولۇپ، پەقەت زىياپەت سورۇنىمىزنى يورۇتۇپ تۇرغان يەتتە پەنەردىن باشقا ھەممە نەرسە شۇنچىلىك مىسكىن ۋە خاراب ئىدى. بۇ پەنەرلەرنىڭ يالقۇنىمۇ سانسىز نازۇك نۇر تالالىرى ئىچىدە ناھايىتى گۇنسىز ۋە غۇۋا پىلىلدايتتى. شىشە ئىچىدىكى يالقۇن شولىسى قارا سىرلانغان يۇمىلاق شىرە ئۈستىدە ئەكس ئېتەتتى. بىز شىرەنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ شىرەدىن ئۆزىمىزنىڭ تاتارغان چىرايىمىزنى، بۇرادەرلىرىمىزنىڭ كۆزلىرىدە ئەكس ئەتكەن ھەسرەت ئالامەتلىرىنى كۆرەتتۇق-يۇ، يەنىلا قاقاقلاپ كۈلۈشەتتۇق، ئەسەبىيلىشەت-تۇق. ھەتتا ئەقلىمىزدىن ئازغاندەك قەدىمكى يۇنان شائىرى ئانا كىلىئۇنىڭ ناخشىسىنى ئىيتاتتۇق. گەرچە بىنەپشە رەڭلىك ھاراق بىزگە قانىي ئەسلەتسىمۇ لېكىن يەنىلا ئىچىلىپ-يېيىلىپ ئىچىشەتتۇق. ئارىمىزدا زويىنوس ئىسىملىك ياش بىر مېھمانمۇ بار ئىدى. ئۇ ئۆلدى. چەسەتنى كېپەنگە ئىلىپ تۈپتۈز ياتقۇزۇپ قويۇشتى. ئۇ خۇددى جىن-شاياتۇن ياكى ئەرۋاھتەك تولىمۇ سۈرلۈك كۆرۈنەتتى. ئاھ، خۇدا، ئۇ شادلىقىمىزدىن قىلچىمۇ بەھرىمەن بولالمىدى. ئۇنىڭ يۈزى ۋابا تەگكەندەك تىخىمۇ پۈرۈشۈپ، قورۇلۇپ، سەتلىشىپ كەتكەنىدى. ئەزرائىل ئۇنىڭ كۆزلىرىدىكى ۋابا ئوتلىرىنى ئاساسەن ئۆچۈرۈپ تاشلىغانىدى. پەقەت مۇشۇ ئىككى نەرسىلا بىزنىڭ خۇشاللىقىمىزغا قىزىقاتتى. چۈنكى ئۆلگەن كىشى ئەمدىكى ئۆلگۈچىلەرنىڭ شادلىقىغا تاسادىپىي قاتنىشىپ قېلىشى مۇمكىن. گەرچە مەن ئاۋىينوسىنىڭ ئالەمدىن ئۆتكەن ئاشۇ ئادەمنىڭ كۆزى بىلەن ماڭا قاراۋاتقانلىقىنى ھېس قىلسامۇ، لېكىن ئۆزۈمنى ئاشۇ ھەسرەتلىك كۆزلەردىن قاچۇرۇپ، يۇمۇلاق قارا شىرەگە تىكىلگىنىمچە، تېرىسنىڭ بالىسى ئېيتقان ناخشىنى ئۇنۇمنىڭ بېرىچە توۋلاپ ئىيتاتتىم. ناخشام بارا-بارا پەسلەپ توختىدى. ناخشامنىڭ ساداسى ئۆيدىكى بۇلغۇن تېرىسىدىن قىلىنغان پەردىدىن ئۆتۈپ، يىراقلىغانچە ئاجىزلاپ ئاخىرى غايىب بولدى. مانا، ناخشا ساداسىدىن ئايرىلغان بۇلغۇن تېرىسىدىن قىلىنغان پەردىدىن قاندائقۇر بىر كۆلەڭگە — ئادەم سىياقىغىراق ئوخشاپ كېتىدىغان، ئەمما ئادەم دېسە ئادەم ئەمەس، تەڭرى دېسە تەڭرى ئەمەس، بىزگە تونۇش ھېچنەرسىگە ئوخشاتقىلى بولمايدىغان غەلىتە بىر كۆلەڭگە خۇددى ئاينىڭ سايىسىدەك تۆۋەندىن سۈرۈلۈپ پەيدا بولدى. ئۇ ئۆيدىكى پەردىدە بىرئاز تەۋرىنىپ تۇردى-دە، ئاخىرى مىس ئىشكنىڭ يۈزىگە ناھايىتى ئىنىق چۈشتى. لېكىن بۇ كۆلەڭگە غۇۋا، شەكىلسىز، تۇراقسىز بولۇپ، ئادەمزاتنىڭ كۆلەڭگىسىگىمۇ، تەڭرىنىڭ كۆلەڭگىسىگىمۇ، يۇنان ئىلاھلىرىنىڭ كۆلەڭ-

گىسگىمۇ، قەدىمكى بابىلدىكى گاللىد ئىلاھىنىڭ كۆلەڭ-گىسگىمۇ، مىسىر ئىلاھلىرىنىڭ كۆلەڭگىسگىمۇ ئوخشىمايتتى. كۆلەڭگە مىس ئىشىككە، ئاندىن مىس ئىشىكنىڭ كېشىكىگە چۈشۈپ قېتىپ قالغاندەك مىدىرلىماي تۇرۇپ قالدى. كۆلەڭگە توختىغان ئىشىك، ئەگەر ئېسىمدە خاتا قالمىغان بولسا، كېپەنگە ئورالغان ياش زوينوسنىڭ پۈتىنىڭ ئۇدۇلىدا ئىدى. بىز يەتتەيلەن كۆلەڭگىنىڭ پەردىدىن چۈشۈشكە قاراپ تۇراتتۇق. يەنە داۋاملىق قاراۋېرىشكە جۈرئەت قىلالماي، نەزەرىمىزنى يۇمۇلاق قارا شىرەگە يۆتكىدۇق. ئاندىن مەن ۋە ئاۋينوس پەس ئاۋازدا كۆلەڭگىنىڭ ئىسمىنى ۋە تۇرار جايىنى سورىدۇق، كۆلەڭگە جاۋابەن: «مەن كۆلەڭگە بولمەن. ئۆزۈم پوتۇلمىسنىڭ كاتاكمبوسقا يېقىن بىر جايدا تۇرىمەن. ئۇ يەر كالانارىن دېگەن پاسكىنا قانالنىڭ خانسون تۈزلەڭلىكىگە يېقىن. مەن ناھايىتى جاپالىق تۇرمۇش كەچۈرىمەن» دېدى. بىز يەتتەيلەن قورققىنىمىزدىن ئورنىمىزدىن دەس تۇرۇپ غالىلداپ تىترەپ كەتتۇق. چۈنكى كۆلەڭگىنىڭ ئاۋازى بىرەر ئادەمنىڭ ئاۋازىغا ئەمەس، بەلكى نۇرغۇنلىغان ئادەملەرنىڭ ئارىلاشما تەلەپپۇزىغا ئوخشايتتى. ھەر بىر ئاھاڭى بىر تەلەپپۇزغا ئۆزگىرەتتى. قۇلىقىمىزغا ۋاپات بولۇپ كەتكەن نۇرغۇن دوست-بۇرادەرلىرىمىزنىڭ قايغۇلۇق ئاۋازى ئىشىتىلەتتى.

## تىمتاسلىق

تاغ چوققىسى ئېغىر ئۇيقۇدا، تاغۇ-تاش
ۋە جىرالارمۇ تىمتاسلىققا چۆككەن.

— ئاركمان①

— كېپىمگە قۇلاق سال! — دېدى ئاۋاستى بېشىمغا قولىنى قويۇپ تۇرۇپ، — مەن دېمەكچى بولغان يەر لىۋىيىنىڭ تازىمۇ تىنجىق بولغان زايىر دەرياسى بويىدا. ئۇ يەردە تىنچ-ئاسايىشلىق، خاتىرجەم تۇرمۇش مەۋجۇت ئەمەس.

— دەريا سۈيى گويا بىمارنىڭ چىرايىدەك زەپىرەڭ. ئۇ دېڭىزغا قويۇلمايدۇ. قۇياشنىڭ چوغدەك يېنىپ تۇرغان كۆزلىرى ئۇنىڭ مەڭگۈ توختىماي شاۋقۇنلىنىپ، جىددىيلىك بىلەن ئېقىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرىدۇ. دەريانىڭ ئىككى قاسىنقىدىكى نەچچە چاقىرىم يەرگىچە سوزۇلغان سايازلىقنى ئاپئاق ئېچىلىپ كەتكەن گۈلسامساق گۈللىرى قاپلاپ تۇرىدۇ. بۇ تىمتاس چۆل-جەزىرىدە گۈلسامساق گۈللىرىنىڭ تۈشمۇ - تۈشتىن خورسىنغان ئاھۇ-پەريادلىرى ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ. ئۇلار ئۆلۈكنىڭكىدەك ئۇزارغان بويۇنلىرىنى ئاسمانغا سوزۇشۇپ باشلىرىنى لىڭشىتىپ تۇرۇشىدۇ. گۈلسامساقلىق ئارىسىدىن كېلىۋاتقان خورسىنىش ئاۋازلىرى گويا شىلدىرلاپ ئاققان بۇلاق سۈيىدەك شىۋىرلاپ، كىشىگە بىلىپ بولماس بىر تۇيغۇ بېغىشلايدۇ.

— دەريانىڭ قىنى تولىمۇ چوڭ، قورقۇنچلۇق، قاراڭغۇ ئورمانغا تۇتىشىدۇ. تۆۋەندىكى ئورمانزارلىق خۇددى ئەنگلىيىدىكى ھېبرىد تاقىم ئاراللىرىدىكى دولقۇنلاردەك تىنماي دولقۇنلىنىپ تۇرىدۇ. ئەمما ئاسماندا شامالدىن قىلچىمۇ ئەسەر يوق. ھەيۋەتلىك قېرى دەرەخ توختىماستىن ۋىژىلداپ ئىرغاڭلايدۇ، دەرەخ ئۇچىدىن مەرۋايىتتەك شەبنەملەر ئۈزلۈكسىز تامچىپ تۇرىدۇ. دەرەخ ئاستىدىكى زەھەرلىك چۆپلەر ئېغىر ئۇيقۇدا ياتسىمۇ ئەنسىز تولغىنىدۇ. باش ئۈستىدە قارا بۇلۇتلار تۇرۇلۇپ، گويا غايەت زور شارقىراتما يالقۇنلاپ يېنىۋاتقان ئاسمان گۈمبىزىدىن ھالقىپ ئۆتمەكچى بولغاندەك غەربكە توختىماي چاپىدۇ. ئاسماندا شامالدىن قىلچىمۇ ئەسەر يوق. زايىر دەرياسىنىڭ ساھىلىدا زادىلا تىنچ-ئاسايىشلىق، خاتىرجەم تۇرمۇش مەۋجۇت ئەمەس.

① ئاركمان — مىلادىدىن ئىلگىرىكى 7-ئەسىردە ياشىغان يۇناننىڭ لىرىك شائىرى.

— كەچتە تاراسلاپ يامغۇر ياغدى، ياق، يامغۇر ئەمەس، قان ياغدى!... مەن تۆپىلىكتىكى گۈلسامساق گۈللىرى قاپلىغان پاتقاقلىق ئىچىدە تۇرىمەن. يامغۇر تامچىلىرى بېشىمغا تاراسلاپ چۈشمەكتە. گۈلسامساق گۈللىرى بۇ چۆل-جەزىرىدە تۈشمۇ-تۈشتىن خۇرسىنماقتا.

— ئاي تۇيۇقسىز قورقۇنچلۇق تۇمان ئىچىدىن شۇڭغۇپ چىقتى. ئۇنىڭ رەڭگى توق قىزىل ئىدى. مېنىڭ دەرھال يوغان بىر كۆلرەڭ قورام تاشقا كۆزۈم چۈشتى. بۇ تاش سايىنىڭ چېتىدە چوقچىيىپ تۇراتتى. ئاي نۇرى بۇ تاشنى يورۇتۇپ تۇراتتى. بۇ كۆلرەڭ تاش تولىمۇ يوغان بولۇپ، ھەيۋەت بىلەن قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. بۇ تاشقا خەت ئويۇلغانىدى. مەن گۈلسامساق گۈللىرى قاپلىغان پاتقاقلىقتىن ئۆتۈپ سايلىققا كېلىپ، تاشقا ئويۇلغان خەتكە سەپسالدىم. ئەمما خەتنى يەنىلا ئېنىق كۆرەلمىدىم. مەن پاتقاقلىققا يەنە ئىچكىرىلەپ كىردىم. ئاي توق قىزىل رەڭگە كىرگەنىدى. مەن قايرىلىپ قاراپ تاشتىكى خەتنى ئېنىق كۆردۈم. ئۇنىڭدا «چۆل-جەزىرە» دېگەن خەت ئويۇلغانىدى.

— بېشىمنى كۆتۈرۈپ قارىدىم. تاشنىڭ ئۈستىدە بىر ئادەم تۇراتتى، مەن دەرھال گۈلسامساقلىققا يوشۇرۇنۇپ ئۇنىڭ ھەرىكىتىنى كۆزەتتىم. بۇ كىشى تولىمۇ ئېگىز، قاۋۇل بولۇپ، ئۈچىسىدىكى قەدىمكى رىملىقلارنىڭكىدەك كەڭ يېپىنچا تاپىنىغىچە سۆرىلىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ تەن قۇرۇلۇشى ئېنىق بولمىسىمۇ، تۇرقىدىن بەئەينى بىر ئىلاھنىڭ ھەيكىلىگىلا ئوخشايتتى. كېچىدىكى قويۇق تۇمان، ئاي نۇرى ۋە شەبنەم تامچىلىرىمۇ ئۇنىڭ چىرايىدىكى تۈسنى توسۇپ قالالمىغانىدى. ئۇنىڭ چوڭقۇر پىكىر بىلەن تۇرۇلگەن قوشۇمىسى ۋە قاش كىرپىكىدىن تولىمۇ مەغرۇر كىشى ئىكەنلىكى ئېنىق بىلىنىپ تۇراتتى. كۆزلىرىدىن ئوت چاقناپ تۇراتتى. كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدىكى بىلىنەر-بىلىنمەس قورۇقلاردىن، قايغۇ-ھەسرەت، ھارغىنلىق ۋە كىشلەردىن نەپرەتلىنىدىغان ئاچچىق كىنايە ئالامەتلىرى، شۇنداقلا يالغۇزلۇق ئىلكىدىكى تەشنالىق ئەكس ئېتىپ تۇراتتى.

— بۇ ئادەم بېشىنى مۇشتىغا تىرىگەن ھالدا تاش ئۈستىدە ئولتۇرۇپ باياۋان چۆلگە نەزەر تاشلايتتى: ئۇ تۆۋەندە ئەنسىز تولغىنىپ ياتقان پاكار چاتقاللىقلارغا، يۇقىرىدىكى تۆپىلىكتە يىراقلارغا سوزۇلغان كەڭ قەدىمكى ئورمانلىقلارغا، كۆكتە گۈلدۈرلەپ تۇرۇلۇپ ئۈزۈپ يۈرگەن بۇلۇتلارغا، قاندەك قىزارغان ئايغا قارايتتى. مەنمۇ گۈلسامساقلىق ئىچىدە سوزۇلۇپ يېتىپ بۇ كىشىنى كۆزەتمەكتە ئىدىم. بۇ كىشى تەنھالىق ئىلكىدە تولغانماقتا. تاڭ سۈزۈلۈشكە باشلىدى. ئۇ يەنىلا ئاشۇ تاش ئۈستىدە ئولتۇراتتى.

— ئۇ كىشى نەزەرىنى غەمكىن ئېقىۋاتقان زايىر دەرياسىغا، ساپسېرىق دەريا سۈيىگە ۋە ئاقىرىپ تۇرغان گۈلسامساقلىققا ئاغدۇردى. بۇ كىشىمۇ گۈلسامساقلىقتىن كېلىۋاتقان ئېغىر خۇرسىنىش ۋە پىچىرلاشلارغا قولاق سالاتتى. مەنمۇ شۇ ئەتراپتا يوشۇرۇنۇپ يېتىپ بۇ كىشىنىڭ ھەرىكىتىنى كۆزەتمەكتە ئىدىم. بۇ ئادەم تەنھالىق ئىلكىدە تولغىناتتى. تاڭمۇ سۈزۈلمەكتە. ئۇ يەنىلا تاش ئۈستىدە ئولتۇراتتى.

— مەن پاتقاقلىققا تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ كىرىپ، ياۋا گۈلسامساقلىق ئارىسىغا يوشۇرۇندۇم ھەمدە پاتقاقلىقنىڭ ئىچكىرىسىدىكى سازلىقتا چۆكۈپ ياتقان بېگموتنى چاقىردىم. بېگموت ئاۋازىمنى ئاڭلىدى. بۇ زور مەخلۇق ئايدىڭ كېچىدە تاشنىڭ يېنىغا كېلىپ تولىمۇ قورقۇنچلۇق ئاۋازدا ھۆركىرىدى. مەن تاشقا يېقىن يوشۇنۇرۇپ يېتىپ بۇ ئادەمنىڭ ھەرىكىتىنى كۆزەتتىم. بۇ كىشى تەنھالىق ئىلكىدە تولغىناتتى. تاڭ سۈزۈلۈشكە باشلىدى. ئۇ يەنىلا تاش ئۈستىدە ئولتۇراتتى.

يەردە يوشۇرۇنۇپ يېتىپ بۇ ئادەمنىڭ ھەرىكىتىنى كۆزەتتىم. بۇ كىشى تەنھالىق ئىلكىدە تولغىناتتى. ئاڭ سۈزۈلۈشكە باشلىدى. ئۇ يەنىلا تاش ئۈستىدە ئولتۇراتتى.

— مەن ئۇنىڭ ئاۋازدا بوران-چاپقۇننى قارغىدىم، ئاسماندا بۇلۇتلار تۈرۈلۈپ قاتتىق بوران-چاپقۇن بولىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى. تېخى ھېلىلا شامالدىن قىلچىمۇ ئەسەر يوق ئىدى. ئاسمان بىردەمدىلا قاتتىق تۇتۇلۇپ كەتتى. يامغۇر تامچىلىرى ھېلىقى كىشىنىڭ بېشىغا تاراسلاپ چۈشۈشكە باشلىدى. دەرياغا قىيان كېلىپ كۆۋەجەپ ئېقىشقا باشلىدى. گۈلسامساق گۈللىرى ئازابقا چىدىماي ئىڭرايتتى، ئورمان ھۇۋۇلدايتتى، چاقماق چېقىپ ھاۋا گۈلدۈرلەيتتى. قورام تاشمۇ تەۋرىنىشكە باشلىدى. مەن تاشقا يېقىن يەردە يوشۇرۇنۇپ يېتىپ بۇ كىشىنىڭ ھەرىكىتىنى كۆزەتتىم. بۇ ئادەم تەنھالىق ئىلكىدە تولغىناتتى. ھاۋا سۈزۈلۈشكە باشلىدى، بۇ كىشى يەنىلا تاش ئۈستىدە ئولتۇراتتى.

— مەن تېپىنچ ئېقىۋاتقان دەريانى، گۈلسامساقنى، شامالنى، ئورماننى، ئاسماننى، گۈلدۈرمامىلىق چاقماقنى ۋە گۈلسامساقلىقنىڭ خۇرسىنغان ئاۋازىنى غەزەپ بىلەن قارغاشقا باشلىدىم. ئۇلار مېنىڭ قارغىشىم يەتكەندەك يەسكويغا چۈشۈشكە باشلىدى. ئايمۇ توختاپ، سەنەدەرەكلىگىنىچە ئاسماندا ئاستا ئۈزۈشكە باشلىدى. گۈلدۈرماما ئاۋازى توختىدى. چاقماقمۇ چاقماس بولدى. بۇلۇتلارمۇ بىر ئىزدا توختاپ قالغاندەك مىدىرلىماي تۇراتتى. دەريا سۈيىمۇ پەسلەپ ئاۋۋالقى ھالىتىگە كەلدى. دەرەخلەرمۇ ئىرغاڭلاشتىن توختاپ گۈلسامساقلارنىڭ خۇرسىنىش ئاۋازىمۇ ئاڭلانماس بولدى، ھەتتا ئۇلارنىڭ پىچىرلاشقان ئاۋازىمۇ ئاڭلانمايتتى. چەكسىز كەتكەن سايلىق تىمتاس بولۇپ ھېچقانداق ئاۋاز ئاڭلانمايتتى. مەن قورام تاشتىكى خەتكە قارىدىم. تاشتىكى خەت «تىمتاسلىق» دېگەن خەتكە ئۆزگىرىپ قالغانىدى.

— مەن ئۇ كىشىنىڭ چىرايىغا سەپسالدىم. ئۇنىڭ چىرايى تەشۋىشتىن ئاپئاق ئاقىرىپ كەتكەنىدى. ئۇ بېشىنى ئىتتىك كۆتۈردى-دە، تاشنىڭ قىرغىقىدا ئۆرە تۇرۇپ ئەتراپقا قۇلاق سالدى. چەكسىز سوزۇلۇپ ياتقان بۇ سايلىقتىن ھېچقانداق تىۋىش ئاڭلانمايتتى. تاشقا «تىمتاسلىق» دېگەن خەت ئويۇلغانىدى. ئۇ ئادەم غەزەپتىن غالىلداپ تىترەپ ئارقىسىغا بۇرۇلدى-دە، ئالدىراپ-تېنەپ كۆزدىن غايىب بولدى. مەن ئۇنى قايتا كۆرەلمىدىم.

※ ※

ماچ①ئۆزىنىڭ ئۆزگەرتەلمەي ھەسرەت چەككەن ئەسىرىدە بىر يېڭى ھېكايىنى بايان قىلدۇ. مېنىڭچە، ئۇنىڭدا ئاسمان-زېمىن ۋە چەكسىز دېڭىز-ئوكيانلار ھەممىدە شۇ چەكسىز ئېگىز ئاسمانۇ-زېمىن، پايانسىز دېڭىز-ئوكيانلارنى ئۆز ئىلكىدە تۇتۇپ تۇرغۇچى يالماۋۇز ئالۋاستىنىڭ شەرەپلىك تارىخى سۆزلىنىدۇ. ئالدىن بېشارەت بەرگۈچى يالماۋۇز كەمپىرنىڭ سۆزلىرىدىمۇ نۇرغۇن بىلىم بار. دۇدۇ②نىڭ ئەتراپىدا پىرىلداپ پەرىشان ئۇچۇپ يۈرگەن يوپۇرماقمۇ بۇنىڭدا بىر مۇقەددەس قەدىمكى نەرسىنىڭ بارلىقىنى چۈشەندى. ئەمما ئاللا③ مەۋجۇت ئىكەن، ئالۋاستى قەبرىستانلىقتىكى بىر قاراڭغۇ، خىلۋەت ئورۇندا مېنىڭ يېنىمدا ئولتۇرۇپ ماڭا بىر مەسەل ئېيتىپ بەردى. مېنىڭچە بۇ تولىمۇ قالتىس ئىش بولدى! ئالۋاستى ئۆز ھېكايىسىنى ئېيتىپ بولغاندىن كېيىن گۆزگە كىرىپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى. مەن كۈلگۈنچەك ئادەم بولمىغاچقا ئالۋاستىغا ئەگىشىپ كۈلەلمەيتتىم، شۇڭا ئۇ مېنى تىللىدى. ئۇزۇندىن بۇيان قەبرىستانلىقتا يوشۇرۇنۇپ يۈرگەن چوڭ قاپلان④ ئىندىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ، ئالۋاستىنىڭ ئاياغ ئاستىغا سوزۇلۇپ ياتتى-دە، كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپمۇ قويماي ماڭا قارىدى.

---

① ماچ — دىنىي رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە، خىرىستوس يېڭى ئاپىرىدە بولغان چاغدا، شەرقتە ئۇنىڭغا چوقۇنغۇچى ئۈچ ئەۋلىيانىڭ بىرسى.

② دۇدۇ — قەدىمكى يۇنانىنىڭ ئېپىر رايونىدىكى دوماروس تېغىنىڭ مۇئەككىلى تۇرۇشلۇق مۇقەددەس جاي.

③ ئاللا — ئىسلام دىنىنىڭ خۇداسى.

④ قويرۇقى قىسقا، مۈشۈك ئائىلىسىگە كىرىدىغان، كۆرۈش قۇۋۋىتى ئىنتايىن سەزگۈر ياۋايى ھايۋان.

# «كۆلەڭگە» ۋە «تىمتاسلىق» ھېكايىلىرى

## ھەققىدە

بۇ ئىككى ھېكايىنىڭ باشلىنىشى، ئاخىرلىشىشى يوق، ئەنئەنىۋى ھېكايىلەردىكىدەك مۇكەممەل سيۇژېت-ۋەقەلىك، كولمىناتسىيە، يېشىم دېگەنلەر تېخىمۇ شۇنداق. چۈنكى، بۇ ئاللان پوئېنىڭ تەشەببۇس قىلغىنىدەك شېئىرىيەتنى چىقىش قىلغان ھېكايە. مۇنداقچە ئېيتقاندا، قاپىيە، ۋەزىن، تۇراق قاتارلىق تاشقى ھادىسىۋى ئېلېمېنتلارنىڭ چەكلىمىسىدىن قۇتۇلۇپ تامامەن ئەركىنلىككە ئېرىشكەن ھەقىقىي مەنىدىكى شېئىر.

پەلسەپىۋى پىكىرلەرنىڭ چاچمىلىقى بۇ ئەسەرلەرگە قويۇق نەسىر قۇرۇلمىسى بەخش ئەتكەن، شۇڭا ھەر ئىككى ھېكايىدە ئېنىق بىرەر مەركىزىي ئىدىيە يوقتەك، بەلكى ئاپتور تاغدىن-باغدىن سۆز ئېچىۋاتقاندەك تۇيۇلىدۇ. ھالبۇكى، بۇ ئەسەرلەردە بىرەر ئېنىق ئىجتىمائىي مەزمۇنلار ئىپادىلەنمىگەن بولسىمۇ، ھەر ئىككى ھېكايىدە ۋەھىمىلىك، سىرلىق روھىي ھالەت (ئادەملەردىكى مېتافىزىك كەيپىيات ياكى مەۋجۇدىيەتنىڭ كونكرېت ھالىتى) مەركەزلىك ئىپادىلەنگەن.

«كۆلەڭگە» ناملىق ھېكايىدە كۆلەڭگىدىن ئىبارەت ئوبيېكت ئۇدا بىرقانچە يەردە كۆزگە چېلىقىدۇ. ھەر بىر كۆزگە چېلىققاندا ئۇنىڭ مەنە دائىرىسى كېڭىيىپ سىرلىق تۈس ئالىدۇ. «مەن يازغۇچى كۆلەڭگە دۇنياسىغا كىرگىلى نەۋاخ» بۇ يەردە كۆلەڭگىنىڭ ئۆلۈمدىن بىشارەت بېرىدىغانلىقىنى ھېس قىلالايمىز. دېمەك، ھېكايىدە ئاللىقاچان ئۆلگۈچى ئۆزىدىنمۇ ئىلگىرى ئۆلگەن. ئەمما، ھازىرقىلارنىڭ ئارىسىدا ياشاۋاتقان مۇنداقچە ئېيتقاندا مەڭگۈلۈك ھاياتقا نائىل بولغان كىشىلەر (ھازىر ئۆلگەنلەرنىڭ كۆزى بىلەن قاراۋاتقان كىشى) ھەققىدە، ھاياتلىق ۋە ماماتلىق ئوتتۇرىسىدىكى سىرلىق مۇناسىۋەت ئۈستىدە ئانالىز يۈرگۈزىدۇ.

«تىمتاسلىق» ھېكايىسىدىمۇ، ئالۋاستىنىڭ ھېكايىسى ئارقىلىق ۋاستىلىق ھالدا پاتقاقلىق بويىدا سايلىققا ئورۇنلاشقان سىمۋوللۇق تاش(«باياۋان» خېتى «تىمتاسلىق» خېتىگە ئۆزگىرىپ قالىدىغان سىرلىق تاش) مەركەزلىك تەسۋىرلىنىدۇ بۇ يەردىكى تاش خۇددى روھقا ئوخشاش ئۆزگىرىشچان، تۇراقسىز بولۇپ، ئۇ «باياۋان» غا بەلگە بولۇپ تۇرغىنىدا، ئادەمنى چەكسىز پەرىشانلىق، تەنھالىق ئازابلىرى قىينايدۇ، دەريالار ئۆركەشلەپ ھاۋا گۈلدۈرلەپ، چاقماقلار چېقىپ، گۈلسامساق گۈللىرى ئېغىر خورسىنىدۇ، پۈتكۈل دۇنيانى گويا قىيامەت يېتىپ كەلگەندەك ۋەھىمىلىك، سۈرلۈك، قورقۇنچلۇق كەيپىيات قاپلايدۇ. ئالۋاستى ئۇلارنى قارغىغاندا بولسا، دەريا، چاقماق، بۇلۇت، بوران، گۈلسامساق، ئادەم ھەتتا «باياۋان» غا بەلگە بولغان تاشمۇ ئەسلىگە قايتىپ دۇنيادا تىنچلىق ھۆكۈم سۈرىدۇ. دېمەك، بۇ ھېكايىدىمۇ «كۆلەڭگە» گە ئوخشاش بىر خىل مەيۈسلۈككە تولغان ۋەھىمىلىك، قورقۇنچلۇق پىسخىك كەيپىيات مەركەزلىك ئىپادىلەنگەن. شۇنداق ئىكەن، بۇ ھېكايىلاردىن ئاللىقانداق بىر ئىجتىمائىي مەزمۇن ياكى مەركىزىي ئىدىيىنى ئىزدەشنىڭ ھاجىتى يوق.

قىسقىسى، رېئاللىقتىن تاشقىرى بولغان سىرلىقلىق، بىمەنىچىلىك، ماكان-زامان ۋە ھايات-مامات چەك-چېگرىسى بۇزۇپ تاشلانغان ئەركىن ئىپادىلەش ئۇسۇلى ھەمدە گۈڭگا، خىرە گۈزەللىك يارىتىش ئۇسۇلى بۇ ئىككى ھېكايىنىڭ گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكى دېيىشكە بولىدۇ.

## مىسرالاردىن تىزمىلار

مۇھەببەتنىڭ قىزىل لېۋىدىن
شەپەقرەڭدە تۆكۈلدۇ قان.

— مۇتەللىپ ماڭسۇرنىڭ «مۇسىبەت» ناملىق شېئىرىدىن

ياساپ بولماس يانغان قەلبنى،
يالقۇنتاغدۇر ئۇنىڭ ھەيكىلى.

— ئۆمەرجان توختىروزىنىڭ «ئابدۇخالىق ئۇيغۇرغا» ناملىق شېئىرىدىن

مەن قەلبىمدە ئويغانغان تۇيغۇ،
لەززىتىمدىن كۆز ئاچقان چۈچۈپ.
سەن ئۆز قولۇم ياندۇرغان بىر شام،
جۇدۇنلاردا قالمايسەن ئۆچۈپ.

— ئۆمەرجان توختىروزىنىڭ «سۆيگۈ شەرھى» ناملىق شېئىرىدىن

ئايلانماقتا روھلار تەنلەرگە.

— ئابلىز سۇلايماننىڭ «سىم-سىم يامغۇردا تويدىن قايتىش» ناملىق شېئىرىدىن

قىزدىن باشقا ھېچنېمە
كۆرۈنمەيدۇ يۈرىكىمىزگە.

— تۇرغۇنجان تۇرسۇننىڭ «بىر دەقىقە كۆز يۇمۇش» ناملىق شېئىرىدىن

ۋۇجۇدۇم شېھىتكە تولغان زاراتگاھ.

— نۇرمۇھەممەت ئابلەتنىڭ «نۇر سەھنىسىدە» ناملىق شېئىرىدىن

تالاي جەڭلەر ئۆتكەن بېشىمدىن،
تىترەپ باققان ئەمەسمەن زىنھار.
بىراق، بۈگۈن تىترەيمەن نېچۈن
ساڭا سۆيگۈ قىلغاندا ئىزھار؟...

— تۇرغۇنجان ئابلانىڭ «بىر جەڭچى تىلىدىن» ناملىق شېئىرىدىن

لەززىتىدىن مەھرۇم ھاياتىڭ،
چوغ ئىچىدە تولغىنار ئۇنىسىز؛
ئەل ئىشقىنى تېڭىپ يۈرەككە
باھارىمۇ ياشايدۇ گۈلسىز...

— تۇرغۇنجان ئابلانىڭ «شائىر» ناملىق شېئىرىدىن

مۇھەببەت سۆيگۈگە ئېرىشىش ئەمەس،
بەختتۇر بەزىدە قىينىلىش-ئازاب...

— ئابلەت ئەخەتنىڭ «...غا» ناملىق شېئىرىدىن

جەننەتنىڭ ئىشكىن چېكىشكە يەنە
يېڭىچە-نۇرانە گۇناھلار كېرەك.

— ئابلەت ئەخەتنىڭ «گۇناھلار ياشنىتىپ بارار دۇنيانى» ناملىق شېئىرىدىن

ئاقىدۇ مەڭگۈلۈك سۆيگۈ
دىللاردىن-دىللارغا ئۈنسىز.

— نۇرمۇھەممەت ھاشىمنىڭ «گۈل قەسىدىسى» ناملىق شېئىرىدىن

مەن بىر ئىلاھ تۇغۇلغان شېئىردىن.

— مەتتۇرسۇن ئابدۇللانىڭ «شېئىر» ناملىق شېئىرىدىن

تىترەڭگۈ سۇكۇنات يۈرەكلىرىدە
ئايلاندىم بىر تېمىم قانغا، يالقۇنغا.

— زۆھرەگۈل ئەخەتنىڭ «غايىب ئىزلەش» ناملىق شېئىرىدىن

چۈچەك
سۇنۇپ كەتكەن نۇرنىڭ قانىتى،
قىساسلارغا قىسىلغان.

— ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتنىڭ «ئۇيقۇ مەرسىيەسى» ناملىق شېئىرىدىن

# ئەدەبىي ئۇچۇرلار

**ئۇيغۇر مەتبۇئات ئۇچۇرلىرى**

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى يېقىندا بىر قىسىم ئەدەبىي كىتابلارنى كەڭ كىتابخانلار بىلەن يۈز كۆرۈشتۈردى. ئۇ كىتابلار تۆۋەندىكىچە:

① ياش يازغۇچى ئەسەت ئەمەتنىڭ «قەبرە ئىزلەش» ناملىق ھېكايىلەر توپلىمى. بۇ توپلامغا يازغۇچىنىڭ يېنىك ئۇسلۇب، يېڭىچە شەكىل، ئۆزگىچە ھېسسىيات بىلەن يازغان «رويال ھەققىدە ھېكايە»، «ئۇچقۇر ئاياغ» قاتارلىق ھېكايە ۋە پوۋېستلىرى كىرگۈزۈلگەن.

② پەرھات تۇرسۇننىڭ «مۇھەببەت لىرىكىلىرىدىن يۈز پارچە» ناملىق شېئىرلار توپلىمى.

شائىر بۇ شېئىرلىرىدا ئىنسانىي قەدىر-قىممەت، دوستلۇق، مۇھەببەت ۋە كىشىلىك ھايات ھەققىدىكى قاراشلىرىنى نازۇك پىسخىك تەسۋىر، ئۆزگىچە شەكىل ۋە يېڭىچە ئۇسلۇب بىلەن يورۇتۇپ بەرگەن.

③ يازغۇچى زۇلپىقارنىڭ «پىنھاندىكى مۇھەببەت» ناملىق نەسرلەر توپلىمى.

بۇ توپلامدىكى نەسرلەرنىڭ لىرىكىلىقى كۈچلۈك، ھېسسىياتلىق، ئوبرازلىق، مەزمۇنى چوڭقۇر، ئاممىباپ بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە.

④ ئامېرىكا يازغۇچىسى مارك تۋيننىڭ «سىرلىق زىيارەت» ھېكايىلەر توپلىمىنىڭ تەرجىمىسى.

بۇ ئەسەرلەردىكى كومېدىيىلىك كۆرۈنۈشلەر، ئۆتكۈر كىنايە، دارىتمىلاشتىكى يۈكسەك ماھارەت جاھان ئەدەبىيات سەھنىسىدە پروستىنىڭ «سۇدەك ئۆتكەن يىللار ئەسلىمىسى»، سېرۋانتىسنىڭ «دونكىخوت» قاتارلىق ئەسەرلىرى بىلەن بىر قاتاردا تۇرىدۇ.

⑤ گارسىئا ماركوسنىڭ ۋەكىل خاراكتېرگە ئىگە ئەسىرى «ئالدىنئالا پۇر كەتكەن قاتىللىق دېلوسى» ناملىق پوۋېستىنىڭ تەرجىمىسى.

بۇ پوۋېستتا ئاجايىپ ۋەقەلەر، ئىنسان خاراكتېرى، رېئال ھايات چەمبەرچاس گىرەلەشتۈرۈلگەن بولۇپ يېڭىچە ئۇسلۇب بىلەن يېزىلغان.

شائىر ئۆمەر ھەييامنىڭ ئۇيغۇر تىلىغا يېڭىدىن تەرجىمە قىلىنغان رۇبائىيلىرى.

بۇ رۇبائىيلار مەنىسى چوڭقۇر، پەلسەپىۋىلىكى كۈچلۈك، تىلى ئۆتكۈر، خاھىشچانلىقى ئېنىق، ئوبرازلىرى يارقىن بولۇشتەك ئالاھىدىلىكى بىلەن ئوقۇرمەنلەرنىڭ يۈرەك تارىنى چېكىدۇ.

(مېھرىنىسا ئىسمايىل تەييارلىغان)

## ئەنزۇ ئەدەبىياتىدىكى يېڭى ئۇچۇرلار

△ 1995-يىلى 5-ئاينىڭ 10-كۈنى جۇڭگو ئەدەبىي ئاخبارات مۇكاپاتى تارقىتىش يىغىنى بېيجىڭدا ئېچىلدى. 15 پارچە چوڭ، ئوتتۇرا، كىچىك تىپتىكى ئەسەر ئەدەبىي ئاخبارات مۇكاپاتىغا، يەتتە پارچە ئەسەر رىغبەتلەندۈرۈش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

بۇلار 1992-، 1993-يىللىرى دۆلەت ئىچىدە ئېلان قىلىنغان ئەسەرلەر بولۇپ، جۇڭگونىڭ جەمئىيەت تارىخى ۋە ئەمەلىي تۇرمۇشى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئاساسىي مەزمۇن قىلىنىپ يېڭى ئىش، يېڭى شەخسلەر تەسۋىرلەنگەن. ئەسەرلەرنىڭ تېما دائىرىسى كەڭ، مەزمۇنى چوڭقۇر بولۇپ جۇڭگو ئەدەبىي ئاخباراتچىلىقىنىڭ نۆۋەتتىكى يېڭى قىياپىتىنى نامايەن قىلىپ بېرەلەيدۇ.

△ 21-ئەسىردىكى ئەدەبىيات قۇرۇلۇشى ئۈچۈن جۇڭخۇا ئەدەبىياتىنىڭ ئىز باسار تالانت ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈش مەقسىتىدە جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى، ياشلار ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتى 8-ئاينىڭ 15-كۈنى بېيجىڭدا تۇنجى قېتىملىق «جۇڭگو ئۆسمۈر يازغۇچىلار» پائالىيىتى ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى ئاچتى.

يىغىندا: 16 ياشتىن تۆۋەن ياش-ئۆسمۈرلەر ئىچىدە ھېكايە، نەسىر، شېئىر، مەسەل قاتارلىق تۈرلەرنى كەڭ-كۆلەمدە توپلاپ ئۇنىڭدىن ئۆسمۈر يازغۇچىلار قامۇسىنى نەشر قىلىش، ئۇلار ئىچىدىن ئون نەپەرنى تاللاپ باھالاپ تەقدىرلەش، بۇ پائالىيەتنى يىلدا بىر قېتىم ئۆتكۈزۈش قارار قىلىندى.


| | | |
|---|---|---|
| «天尔塔格»文学双月刊<br>1995年　第5期 | Tangritag Two Monthly Literature journal In Uygur Language | «تەڭرىتاغ»<br>1995-يىل 5-سان |

主办单位：乌鲁木齐市文学艺术界联合会
编辑出版«天尔塔格»编辑部
地址：乌鲁木齐市新华南路16号
电话：2819490, 2818897 邮编：830002
印刷：新疆工人时报印刷厂
国外总发行：中国出版对外贸易总公司
（782信箱）
国内统一刊号：CN65—1012\1
邮局代号：58—83

ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى تەرىپىدىن چىقىرىلدى
«تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تۈزۈپ نەشر قىلدى
ئادرېس: ئۈرۈمچى جەنۇبىي شىنخۇا يولى 16-نومۇر
تېلېفون: 2819490، 2818897 پوچتا نومۇرى: 830002
شىنجاڭ ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
جۇڭگو خەلقارا نەشرىيات سودا باش شىركىتى چەت ئەللەرگە تارقىتىلىدۇ (782-خەت ساندۇقى)
مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى: CN65—1012\1
پوچتا ۋەكالەت نومۇرى: 58—83

零售价：2。20元　　پارچە سېتىلىشى: 2.20 يۈەن



ئه تره‌ت ئىشخانىسدىكله ر




ئه تره‌ت باشلقى
تۇرسۇن ئه په ندى







دېهقانلارنىڭ ئۆيلرى



ئه تره‌تنىڭ شېغل زاۋۇتى سىزنى هه رخل
ئۆلچه مدىكى شىغللار بىله ن ته مىنله يدۇ





شىركەتنىڭ ئالدى كۆرۈنۈشى






لەمجىن يەتتە قىزلىرىم مازىرى

باش دىرېكتور: ئەركىن قاس

# لەمجىن قۇرۇق ئۈزۈمىنى دۇنياغا تونۇتايلى

قىزلار قۇرۇق
ئۈزۈم تاللىماقتا



ISSN 1004-1745
09>
71004 174004